

«جۇڭگو مەتبۇئات ئورۇنلىرى سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

شىنجاڭ بوكسچىلىقىدىكى بەرپاچى ئۇستاز
ئابلىكىم ئابدۇربىشت ئەپەندى
ــ غەيرەت مەمتىمىن فوتوسى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

6
2009
新疆文化

ISSN 1008-6498
11>
9 771008 649003

•XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•



ئولىمپىك ئوغلانى، مەملىكەتلىك 11 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ
69 كىلوگراملىقلار بويىچە بوكس چېمپىيونى قانات ئىسلام ئوغلى

ــ غەيرەت مەتىمىن فوتوسى

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا

## ئاتائىمغا رەھمەت تەگرىتاغ ئوغلانلىرى


يۇلتۇزلار يالتىرىغاندا ..................... يالقۇن روزى 2


## ئەقىل كۆرمىسە، كۆز كۆرمەس


چوققىغا يامىشىدىغان ئادەم.........(ھېكايە) ........... تۇرسۇن مەھمۇت 7


## «ئۆزۈڭنى تونۇ!»


مۇجمەل ئادەم ۋە زىددىيەتلىك كىملىك................ زۇلپىقار بارات ئۆزباش 19


## تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ........... ئابلەت ئىمىن ئويچان قاتارلىقلار 36


## سەپەر ۋە ھاسىلات


مەن كۆرگەن دۇنيا (2) ............................ ھىدايەت ياتاق 49


## كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول


چىڭغىز ئايتماتوۋنى توققۇز قېتىم زىيارەت....... قارمىش تېگىن ماكەلەك ئۆمۈرباي ئوغلى 58


## دانالاردىن ئۆرنەك


ئەقىل ئۆتەكلىرىدە ...............يۇسۇپجان داۋۇد شاھىدى قاتارلىقلار تەرجىمىسى 72


## 300 سانىغا مۇبارەك


«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى ۋە مەنىۋىيىتىمىز ............... ئابدۇقادىر جالالىددىن 76



بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 58- يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2009- يىل 6- سان
( ئومۇمىي 300- سان )

باش مۇھەررىر:
زۇنۇن باقى ( قوشۇمچە )
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ
باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
قۇربان مامۇت
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر،
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
بەگمەت يۈسۈپ
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر ۋە گۈزەل
سەنئەت لايىھىلىگۈچى:
نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن
( ئەدەبىيات ماگىستىرى )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# يۇلتۇزلار يالتىرىغاندا...

**يالقۇن روزى**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ بوكسيورلىرىمىز ھەممە كىشى كۆز تىكىدىغان چېمپىيونلۇق سۇپىسىغا پات- پات چىقىپ تۇرىدىغان بولدى. ھەر قېتىم ئۇلار سۇپىدا تۇرۇپ بوينىغا مېدال ئېسىپ، قوللىرىدا گۈللەرنى پۇلاڭلىتىپ تاماشىبىنلارغا ئېھتىرام بىلدۈرگەندە، ئۆيلىرىدە تېلېۋىزور ئالدىدا تۆت كۆز بىلەن تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان مىليونلىغان كىشى بۇ باتۇرلارنىڭ غالىبلارغا خاس تۇرقىغا قاراپ ئىچ- ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ. غەلىبە مېۋىسى ھەرقاچان شۇنچە تاتلىق. بۇنداق غالىبىيەت شادلىقىغا تولغان مىنۇتلاردا كىممۇ ھاياجانلانمىسۇن؟ كىممۇ بۇ غالىب ئەزىمەتلەرگە تەبەسسۇم بىلەن قارىمىسۇن؟ مىڭلىغان، مىليونلىغان خىرە يۇلتۇز ئارىسىدا تۇساتتىن ۋاللىدە يالتىرىغان نۇرانە يۇلتۇزنى كۆرگەندە كىمنىڭمۇ كۆز چاناقلىرىدا ياش ئۇنچىلىرى لىغىرلىمىسۇن؟ دائىم باشقىلارنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە تېلېۋىزور تىزگىنىكىنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىۋېتىدىغان بىر ئادەم، كەسكىن ھەم رەھىمسىزلىك بىلەن ئېلىشىدىغان بوكس سەھنىسىدە ئۆز قېرىندىشىنىڭ قولىنىڭ رېپىر تەرىپىدىن «يەڭدى» دەپ ئېگىز كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەندە، ئولتۇرغان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتمەي تۇرالامدۇ؟! غەلىبىگە تولىمۇ تەشنا بولۇپ كەتكەن بىر يۈرەك بۇنداق چاغدا يېرىلىپ كەتكۈدەك ھاياجان بىلەن دۈپۈلدىمەي نورمال سوقالامدۇ؟!

1997- يىلى ئابدۇشۇكۇر مىجىت «جۇڭگو بوكس پادىشاھى» دېگەن ئالتۇن كەمەرنى بېلىگە باغلىغاندا، بۇ ئۇنتۇلماس شان- شەرەپتىن يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە جىمى ئادەمنىڭ قەلبى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھاياجانغا تولغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چوڭ- چوڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە پەقەت باشقىلارنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاشقىلا ئادەتلىنىپ كەتكەن قۇلىقىمىزغا ئۆزىمىزنىڭ بوكسيور چولپانلىرىنىڭ غەلىبە خەۋىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. 1999- يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ چېمپىيون بولۇشى، ئارقىدىنلا قانات ئىسلامنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا مىس مېدالغا ئېرىشىشى، ھەر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئالتۇن مېدال ئالىدىغان ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ئارقا- ئارقىدىن مەيدانغا چىقىشى، بۇ يىل كۈزدە جىنەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 11- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا قانات ئىسلام بىلەن مۇھەممەتتۇرسۇن جوڭنىڭ بىراقلا چېمپىيون بولۇشى شىنجاڭ بوكس كوماندىسىدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆزىمىزگە

## ئاتاڭغا رەھمەت تەگكۈزگەن ئوغلانلىرى

قەھرىمانلاردەك كۆرۈنىدىغان قىلىۋەتتى. ھەقىقەتەنمۇ، شىنجاڭ بوكس كوماندىسى قۇرۇلغان 1994- يىلىدىن بۇگۈنگىچە بولغان 15 يىل مابەينىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى چوڭ- كىچىك مۇسابىقىلەردە قولغا كەلتۈرگەن ئالتۇن مېدال سانى 55 كە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە ساھەسىدىكى كوزىر كوماندا بوپقالدى. بىر ئەمەس بىرنەچچە چولپان بارلىققا كەلگەن مۇنەۋۋەر كوماندا بوپقالدى. خەلق ھەۋەس قىلىدىغان، سۆيۈنىدىغان، پەخىرلىنىدىغان غالىب كوماندا بوپقالدى. قىسقىسى، شىنجاڭ بوكس كوماندىسى 15 يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىن ھالقىپ، مەملىكەتكە يۈزلەنگەن ئۈمىدلىك كوماندا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقئاراغا يۈزلەنگەن داڭلىق كوماندا بوپقالدى. مەملىكەت بويىچە 11- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئاخىرلاشقاندا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، خەلقئارا بوكسچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو بوكسچىلىقى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرى چاڭ جىياپىڭ شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنى «شىنجاڭ بوكس كوماندىسى بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت يىغىنىدا سەۋىيىسىنى قالتىس نامايان قىلدى. ئۇلارنىڭ ماھىرلىرى باتۇر ھەم چىداملىق، ھازىر شىنجاڭ بوكس ماھىرلىرى جۇڭگو بوكسچىلىقىدىكى تايانچ كۈچ بوپقالدى. شىنجاڭ بوكسچىلىقى جۇڭگو بوكسچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشتى» دەپ تەرىپلىدى قايىللىق بىلەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ماھارەت تەنتەربىيىسى ھىيلە- نەيرەڭدىن خالىي ساھە. ماھارەت تەنتەربىيىسى تۈرىگە كىرىدىغان بوكس مۇسابىقىسى تېخىمۇ ئوچۇق- ئاشكارا ساھە. بۇ ساھەدە قەيسەر، چىداملىق، تېخنىكىسى ئۈستۈن، ئىنكاسى تېز، پسىخىكىسى تۇراقلىق، تاكتىكىغا ماھىر، رەقىبنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرەلەيدىغان، جانلىق، ئېتىك، چەبدەس مۇنەۋۋەر بوكسىيور بولماي تۇرۇپ چولپانلىق تاجىنى كىيىش مۇمكىن ئەمەس. بىر كوماندا بىر ئەمەس، بىر توپ مۇنەۋۋەر بوكسىيورغا ئىگە كۈچلۈك قوشۇن بولماي تۇرۇپ، بوكس ساھەسىدىكىلەرنىڭ قايىللىق بىلەن تەرىپلىشىگە مۇيەسسەر بولۇش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. كەسپىي ساھەدىكىلەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا: بوكس مۇسابىقىسى كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇ ئەمەلىي نەتىجىگىلا قارايدۇ، يەڭگۈچىنىلا قەھرىمان دەپ تونۇيدۇ.

«جۇڭگونىڭ ئولىمپىكى» دەپ تەرىپلىنىدىغان، تۆت يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا 1997- يىلىدىن 2009- يىلىغىچە ئۇدا تۆت قېتىم ئىزچىل ئالتۇن مېدال ئېلىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ بوكس كوماندىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماھارەت تەنتەربىيىسى ساھەسىدە خەلقىمىزنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغان، شان- شەرەپ ئېڭىنى ئويغاتقان، ئۈمىدى باغلانغان بىردىنبىر كوماندا بوپقالدى.

ھەرقانداق خەلق قەھرىماننى چوڭ بىلىدۇ. تارىختىكى مەشھۇر شەخسلەرگە ھەۋەس قىلىدۇ ۋە چوقۇنىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ كەمچىلىك، خاتالىقلىرىغىمۇ مەستلىكى كېلىدۇ. چۈنكى، تارىخنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا قەھرىمان يارىتىدۇ. مىللىي قەھرىمانلىرى كۆپ مىللەتنىڭ شان- شەرەپ تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. مىللىي قەھرىمانلىرى كەمچىل مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى قەھرىماننى سىرتتىن ئىمپورت قىلىدۇ. سىرتتىن ئىمپورت قىلىنغان قەھرىمانلارنىڭ نىسبىتى ئاشقانسېرى مىللىي ئىشەنچ يوقىلىپ بارىدۇ. مىللىي قەھرىمانلار بىر خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرىدىغان كۈچ- قۇۋۋەت مەنبەسى. قەھرىمانلىق بىر مىللەت تارىخىنىڭ ئەڭ نۇرلۇق سەھىپىسى. مىللەتنىڭ شان- شەرىپى ئۈچۈن پايدىلىق ھەرىكەتلەر ئىچىدە قەھرىمانلىقتىن ئېشىپ چۈشىدىغان ھەرىكەت بولمىسا كېرەك. ئەجدادلىرى قەھرىمان خەلقنىڭ ئەۋلادلىرى غۇرۇرلۇق كېلىدۇ.

قىزىق يېرى شۇكى، كۆپ ھالدا قەھرىمان رەقىبلىرىنىڭ نەزىرىدىمۇ ئوخشاشلا قەھرىمان ھېسابلىنىدۇ. گەپ- سۆزى ئالىجوقا، خاراكتېرى پاخپاق، مىجەزى تۇتۇرۇقسىز ئەرزىمەس رەقىبلەرنى كىشىلەر قىلچە مەنسىتمەيدۇ.

قەھرىمانلىق ھەقىقەتەنمۇ يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان ھەرىكەت. بۇلبۇل چاڭىلداپ سايراشلىرى بىلەن ئادەمنى زوقلاندۇرسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ئورنى يوق. بۈركۈت يىرتقۇچ قۇش بولسىمۇ، باتۇر بولغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھېيىقىپ، ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ. بايراق ۋە گېرىبلىرىغا ئۇنىڭ شەكلىنى چۈشۈرىدۇ. شۇڭا، مىللىي قەھرىمان بىر خەلقنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ. مىللىي قەھرىمان مىللەتنىڭ پەخرى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى قەھرىمانلار بارلىققا كېلىدىغان ساھە- سورۇنلارنى تېخىمۇ كېڭەيتتى ۋە دەۋر تۈسىگە ئىگە قىلدى. بىر خەلقنىڭ قەلبىدە قەھرىمان ئاتىلىش ئۈچۈن، جەزمەن قانلىق جەڭ مەيدانلىرىدا جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىش بىردىنبىر شەرت بولماي قالدى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى مىللىي قەھرىمانلارنى مەدەنىي، دوستانە سورۇنلاردىمۇ بارلىققا كېلىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى. رىقابەت كەسكىن بولىدىغان تەنتەربىيە مۇسابىقە مەيدانلىرى يېڭى قەھرىمانلار بارلىققا كېلىدىغان ساھە بوپقالدى.

بىزنىڭ بوكس چولپانلىرىمىز ۋەتەن، دۆلەت ۋە مىللەت سۆيۈنگەن، پەخىرلەنگەن، يېڭى تارىخىي شارائىتتا يېتىلگەن يېڭىچە مىللىي قەھرىمانلاردۇر. بىز ئۇلاردىن ئوخشاشلا پەخىرلىنىمىز، ئۇلارنى قەدىرلەيمىز. بىز ئۇلارغا مەدھىيىگە تولغان سۆزىمىز بىلەن، ھۆرمەتكە تولغان كۆزىمىز بىلەن،

www.uyghurkitap.com

تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان يۈزىمىز بىلەن ئالقىش ياغدۇرىمىز. شۈبھىسىزكى، قەھرىماننى قەدىرلەش بىر تۈرلۈك ئەخلاق!

ئەلۋەتتە، بوكس سەھنىسىدىكى ھەرقانداق بىر قەھرىماننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە شان- شەرىپىنىڭ كەينىدە جاپا- مۇشەققەتلىك بىر جەريان بولىدۇ. بوكس سەھنىسىدە چولپان بولۇپ چاقنىغان ھەرقانداق ئەزىمەتنىڭ كەينىدە يۇقىرى سەۋىيىلىك، تەلەپچان، پىشقان بىر مەشقاۋۇل بولىدۇ. شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنىڭ خەلقئارا سەۋىيىلىك كۈچلۈك كوماندىغا ئايلىنىشىدا، ھەر قېتىملىق مۇسابىقىلەردە غەلىبە- ئۇتۇقلارغا ئۇزۇلمەي ئېرىشىشىدە شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنىڭ بەرپاچىسى، جان كۆيەر پاسبانى، خەلقئارا دەرىجىلىك داڭلىق مەشقاۋۇل ئابلىكىم ئابدۇرېشىت ئەپەندىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىگە ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ، 15 يىلدىن بۇيان بىر- بىرىدىن باتۇر بوكسچىلارنى تەربىيىلەپ، قەھرىمانغا تەشنا قەلبىمىزگە كەينى- كەينىدىن ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىپ، ئەل- ۋەتەننى سۆيۈندۈرگەن تۆھپىسى زور مىللىي قەھرىماندۇر. مەن كۆرگەن ئابلىكىم ئەپەندى بوكس ئۈچۈنلا ياشايدىغان ئادەم. ئۇ، كەسپىي قابىلىيىتى يۇقىرى، مۇستەقىل ئىدىيىسى بار، دۇنيا قارىشى پىشقان، پىكىر قىلىشقا ماھىر، سەگەك، تەھلىل كۈچى زور، كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، خاسلىقى روشەن، گەپ- سۆزى تۈز، مىجەز- خاراكتېرى قوپال، چىراي- شەكلى ئارىسلانلارغا خاس ئەزىمەت سۈپەت مەشقاۋۇل. ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ تەكىتلەيدىغان گېپى «باھانەڭنى قوي!» دېگەن مەشھۇر سۆزدۇر. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان تۇنجى سائەتتىلا، ئۇنىڭ بۇ مەشھۇر سۆزنى تىلغا ئالغانلىقىغا دىققەت قىلغانىدىم. بۇ مەشھۇر سۆز ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى (باشقىچە ئاتىلىشى غەربىي پوينت ھەربىي مەكتىپى) نىڭ ئەقىدىسى ھەم مىزانى ئىدى. ئۇ گەپ ئارىلىقىدا «مەن ئامېرىكىلىق فىرور كېيىپ يازغان ‹باھانەڭنى قوي!›دېگەن كىتابنى ئوقۇشتىن ئىلگىرىلا كوماندىدىكى باللارغا مۇشۇنداق تەلەپ قوياتتىم. 2004 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئاشۇ كىتابنى ئوقۇپ، بۇ خىل قارىشىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. مەن ئۇ كىتابنى يادلىۋالغۇدەك دەرىجىدە ئوقۇغان» دېدى. ئۇ ماڭا يەنە مۇنداق دېدى: «مەن كوماندىدىكى باللارنى سىستېمىلىق مەشىق قىلىشقا يېتەكلەيمەن. ئۇلاردىن يۈرىكىنى بېرىپ مەشىق قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن. مەشىق ئۈچۈن مەشىق قىلىشقا قارشى تۇرىمەن. ئادەتتە بىر بوكسيور بىر كۈن تەلەپ بويىچە ئۆلچەملىك مەشىق قىلسا، بەدىنىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىككى كىلوگرامغا يېقىن تەر چىقىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق تۈردىكى مەشىقتە تەر چىقىدۇ. ئەمما، يۈرىكىنى بېرىپ قىلغان مەشىق بىلەن يۈرىكىنى بەرمەي قىلغان مەشىقنىڭ ئۈنۈمى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا مەن تەر بىلەن تەر ئوخشىمايدۇ، قان بىلەن قان ئوخشىمايدۇ، دەپ قارايمەن. مۇسابىقە مەشىقنىڭ داۋامى. يۈرەكنى بېرىپ ياخشى مەشىق قىلمىغاندا مۇقەررەر ھالدا مۇسابىقىدە كەتكۈزۈپ قويۇش كېلىپ چىقىدۇ. نەتىجە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاندا، ھەرقانداق ئۇنى- بۇنى دەپ باھانە كۆرسىتىشكە ئۇرۇنسا، باھانەڭنى قوي! دەپ ئۇلارنىڭ باھانە كۆرسىتىشىگە يول قويمايمەن. سەن مەشىقنى ئىچ- ئىچىڭدىن قايناپ قىلغانمۇ- يوق؟ مەشىق جەريانىدا كىچىك ئىشلارغا سەل قارىغانمۇ- يوق؟ كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن مەشىق قىلىۋاتقانلىقىڭنى چىن مەندىن چۈشەنگەنمۇ يوق؟ دەپ ۋارقىراپ كېتىمەن. ماڭا چولپان كېرەك، نەتىجە كېرەك. كىمكى بىر پاتمان باھانە- سەۋەبنى سۆزلەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنسا، بىزنىڭ بوكس كوماندىمىزدا بۇنداقلارغا ئورۇن يوق! قەتئىي نىيەت بىلەن يېڭىۋاشتىن پىلان تۈزۈپ، سىستېمىلىق مەشىق قىلىپ، ئۆزىدىن ھالقىش كېرەك» دېدى.

ئابلىكىم ئەپەندى كوماندىدىكى باللارغا يەنە «شان- شەرەپ تۇيغۇسى بىزنىڭ كوماندىنىڭ جېنى» دېگەن قاراشنى سىڭدۈرۈۋېتىپتۇ. ئەلۋەتتە، شان- شەرەپ تۇيغۇسى بولمىغان كوللېكتىپتىن پارلاق ئىستىقبال كۈتكىلى بولمايدۇ. شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنىڭ مەشىق زالىغا كىرگەن كىشىنىڭ كۆزىگە ئالدى بىلەن تامغا چوڭ قىلىپ يېزىلغان «ۋەتەننىڭ شان- شەرىپى ھەممىدىن ئەلا» دېگەن شوئار چېلىقىدۇ. ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ شان- شەرىپىنى باشقا كىشىلەر ئەمەس، دەل شان- شەرەپ تۇيغۇسى كۈچلۈك كىشىلەر روياپقا چىقىرىدۇ. شان- شەرەپ ئېڭى تۆۋەن كىشىلەرنىڭ غايىسى نامرات، ئىرادىسى ئاجىز، قۇربان بېرىش روھى سۇس كېلىدۇ. ئابلىكىم ئەپەندى: «شەرەپ تۇيغۇسى كۈچلۈك ئادەمنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. كوماندىمىزدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ ھەرقاندىقى شان- شەرەپنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ. شۇڭا، خىزمەت، تۇرمۇش، ئالاقە قاتارلىق ھەرقانداق ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا، ئۆزىنى قەدىرلەشكە ھەرگىز سەل قارىمايدۇ» دېدى.

كەسپ ئەھلى بولمىغان كىشىلەر ئادەتتە «بوكس چولپىنى بولۇش ئۈچۈن زاڭاقلىرى يانجىلىپ، بۇرۇنلىرى ماكچىيىپ، يۈز- كۆزلىرى يېرىلىپ كەتسىمۇ ئەرزىيدۇ» دەپ قارايدۇ. مەنمۇ شۇنداق قارايتتىم. ئابلىكىم ئەپەندى گەپ ئارىلىقىدا «بوكس سەھنىسىدە چولپان بولۇش بىر بوكسيور ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم، ئەمما، بوكس چولپىنى بولۇش تولىمۇ مۇشكۈل ئىش. ئۇزاق مۇددەتلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك مەشىق جەريانى بولماي تۇرۇپ ياراملىق بوكسيور بولغىلى بولمايدۇ. بوكسيور بولغان ئادەمدە قاۋۇل بەدەن، كۈچلۈك مۇسكۇل، ئېغىر مۇشت بولسىلا بولمايدۇ.

سەۋرچانلىق بىلەن زېرىكمەي مەشىق قىلىدىغان ياخشى ئادەت، مۇسابىقە جەريانىدا پۇرسەتنى ئىگىلەيدىغان دىت، رەقىبنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئاجىزلىقىنى بايقىيالايدىغان سەزگۈر كاللا، تاكتىكا جەھەتتىكى جانلىقلىق، مۇداپىئە جەھەتتىكى ماھىرلىق بولۇشى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇسابىقە جەريانىدا ھەم بۆرە مىجەز، ھەم تۈلكە مىجەز بولۇشى كېرەك» دېدى. ئۇنىڭ گەپ- سۆزلىرىدىن قوماندانلارغا خاس پاراسەت چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بارلىقىنى ئۇز كەسپىگە بېغىشلىغان، يېتىلگەن مەشقاۋۇل ئىدى. بۇ قېتىم جىنىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 11 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا مۇخبىرلىققا بارغان «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى تۇرسۇنجان ھامۇت شىنجاڭ بوكس كوماندىسىدىن مۇسابىقىگە قاتناشقىلى بارغان 10 ماھىردىن ئىككىسىنىڭ ئالتۇن، بىرىنىڭ كۈمۈش، بىرىنىڭ مىس مېدال ئېلىشتەك، تۆتەيلەننىڭ 5 - لىككە ئېرىششتەك ئالاھىدە نەتىجىسىنى ئۇز كۆزى بىلەن كۆرۈش جەريانىدا ئابلىكىم ئەپەندىگە ئىچ- ئىچىدىن قايىل بولۇپ مۇنداق يازغان: «ئابلىكىم ئەپەندى كىشىنى ئېپتىخارلاندۇرىدىغان بۇ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ‹فىلىم›نىغا ناھايىتى جايىدا ‹رېژىسسور›لۇق قىلدىكى، مۇسابىقە خۇددى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەك، باشتىن- ئاخىر ئۇنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ جۇڭگو بوكسچىلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىدىغان، شاگىرتلىرىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىنى بەش قولدەك بىلىدىغان تەجرىبىلىك، قابىل مەشقاۋۇللا ئەمەس، ئەمەلىيەت جەريانىدا پىشقان، تەدبىرلىك، مۇسابىقىنىڭ باش- ئاخىرىغا ئالاقىدار ئىشلارنى ئالدىن پەرەز قىلالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ماھىر ماسلاشتۇرغۇچى ئىكەنلىكىمۇ ھەرقانداق كىشىنى قايىل قىلاتتى.»


(ئاپتور ئابلىكىم ئابدۇرېشىت ئەپەندى بىلەن سۆھبەتتە)

بىر كۈنى ئابلىكىم ئاكا ماڭا مۇنداق دېدى: «يالقۇن ئۇكام، مەن خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان، شۇڭا ئانا تىل- يېزىق ئاساسىم ئاجىزراق. يېقىندىن بۇيان ئانا تىلىمغا بولغان ئامراقلىقىم بارغانسېرى كۈچىيىپ سۆزلەشنى، ئوقۇشنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمەن. بىز بوكس كوماندىسىغا يېڭى بىنا سالدۇق. شۇ يېڭى بىنادىن راۋۇرۇس بىر ئۆينى ئاجرىتىپ مەخسۇس قىرائەتخانا قىلماقچى. سەن ئوبزورچى بولغاندىكىن، بىزگە ئانا تىلىمىزدا نەشر قىلىنغان ئېسىل كىتابلاردىن بەش- ئونىمىڭنى تاللاپ بەرگىن. كوماندىمىزدا 40 تىن ئەزىمەت بار. ئۇلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۇرمىسەم بولمايدۇ. مەن تەربىيىلىگەن بوكسچىلارنىڭ بەدەن ساپاسى يۇقىرى بولۇپ، مەنىۋى ساپاسى تۆۋەن بوپقالسا، قەتئىي بولمايدۇ. بۇلار ھازىرمۇ كىتاب- ژۇرنال ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن يېتەرلىك ئەمەس. مەنغۇ قەيەرگە ماڭساق، بىرەر يەشىك كىتاب ئېلىۋالىمەن. لېكىن، بۇ باللاردا كىتاب- ژۇرنال ئوقۇيدىغان ئادەتنى مۇستەھكەملىمىسەك بولمايدۇ. كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەم بىلەن كىتاب ئوقۇمايدىغان ئادەم تامامەن پەرقلىنىدۇ. سەن مۇشۇ باللارنىڭ ئەقلىگە ئەقىل، روھىغا روھ قوشىدىغان كىتابلارنى تاللاپ بەرگىن. بۇ باللارنى ياراملىق چولپان قىلىشقا كۈچەپ، روھىي دۇنياسى باي، مۇھەببەت- نەپرىتى روشەن، ئىدىيىسى كۈچلۈك ئادەملەردىن قىلىپ تەربىيىلەشكە سەل قارىساق ھەرگىز بولمايدۇ. بۇلار ھەرقانداق ئەھۋالدا خەلققە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئېسىدە مەھكەم تۇتىدىغان بولۇشى كېرەك» دېدى.

بىر بوكسيور بوكس سەھنىسىدە چولپان بولۇپ پارلىغاندا، مىليونلىغان كىشىنىڭ قەلبىدە قەھرىمانغا ئايلىنىدۇ. ئەمما، جامائەتچىلىك قەھرىمانىنى ئارتۇقچە ھۆرمەتلىگەندە قەھرىمان مەغرۇرلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇلارغا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ئاۋارىچىلىكتەك، مەدھىيىلىرى ۋاڭ- چۇڭدەك بىلىنىدۇ. شۇڭا، قەھرىمان غەلىبىدىن كېيىن ئۆزىنى بىلەلمەيدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. غەلىبە قىلىشنى بىلگەنلىك غەلىبىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلگەنگە تەڭ ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۈگۈنكى دۇنيادا بىر قىسىم بوكس چولپىنى پۇلغا قىزىقىپ قارا گۇرۇھلارنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ كەتكەن، بىر قىسىم بوكس چولپىنى ساھىبجامالالارنىڭ قاش- كۆزىگە مەپتۇن بولۇپ ئەخلاقتا چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن، يەنە بىر قىسىم بوكس چولپىنى غەلىبىدىن كېيىن خۇددىنى يوقىتىپ بارغانسېرى تاپتىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئاللىبۇرۇن جىنايەت يولىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئاخىرقى ھېسابتا قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ھوشىغا كەلگەن مىساللار ئاز ئەمەس. شۇڭا بوكس چولپانلىرىنىڭ ئەخلاق ساپاسىغا، روھىي دۇنياسىنىڭ ساغلام بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش تولىمۇ زۆرۈر

www.uyghurkitap.com

ئىش ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ مەنىۋى جەھەتتە كامالەت تېپىشىدا ئەڭ ياخشى دوست ھېسابلىنىدىغان كىتاب ـ ژۇرنال سەل قاراشقا بولمايدىغان بىباھا بايلىق ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

يىراقنى كۆرەر نەزەرگە ئىگە بىر سەركەردە كۆز ئالدىدىكى غەلىبىنىلا كۆرمەستىن، بەلكى غەلبىدىن كېيىن كۆرۈلۈشى مۇمكىن بولغان ياخشى ـ يامان ئېھتىماللىقلارنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ ئالدىن، پۇختا تەييارلىق كۆرىدۇ. ئابلىكىم ئەپەندىنىڭ بوكس ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ روھىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا بۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلۈشى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەنىدى: «پۇل تاپقاندا ئۆيىنى كۆزنى چاقنىتىدىغان گىلەم ۋە زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلە بىلەن، ئۆيىنى كىتاب ئىشكاپلىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلىنىڭ قىممىتى پەرقلىقتۇر. تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى ئائىلىلەر ئۆز قىرائەتخانىسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار روناق تاپقانسېرى كىتاب سېتىۋالىدۇ. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى كىتاب مۇھىتىدا ئۆسىدۇ، ئۆرلەيدۇ. قالاق ئەللەردىكى ئائىلىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۆيىنى ئەينەك تام، رەڭدار گىلەم ۋە ئىشرەت جاھازلىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى خۇنۇك بولىدۇ. ئۇلار مەغرۇر، تەنتەك، پۇلپەز، سۆلەتۋاز بولۇپ، ئۆزلىرى ۋە پەرزەنتلىرى تېزدىن چۈشكۈنلىشىدۇ. بۇ جەھەتتىكى مىساللار كۆز ئالدىمىزدا تولۇپ يېتىپتۇ!»

ئابلىكىم ئەپەندىنىڭ بوكس كوماندىسىدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ چولپان بولۇشىغىلا ئەمەس، بەلكى ئېزىقتۇرۇش كۆچىگە باي بۈگۈنكى بۇ مۇرەككەپ دۇنيادا ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان، مەنىۋىيىتى مۇكەممەل ئادەملەردىن بولۇشىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، ماڭا تاپشۇرغان ئىشنى جان ـ دىلىم بىلەن ئورۇندىدىم، تۈرلۈك مەزمۇندىكى ئېسىل كىتابلارنى تاللاپ بەردىم.

ئابلىكىم ئەپەندى مەسئۇلىيەتچان، ئۇزاقنى كۆرەلەيدىغان قابىل يېتەكچى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇنداق دېدى: «ياخشى كوماندا بولۇش ئۈچۈن يارامىلىق مەشقاۋۇل كەم بولسا بولمايدۇ. بىر ياخشى مەشقاۋۇل چولپان تەربىيىلەشكىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىز باسار تەربىيىلەشكە سەل قارىسا مەسئۇلىيەتسىزلىك، شەخسىيەتچىلىك قىلغان بولىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ بىر شام بىلەن بىرنەچچە شامنى ياندۇرغاندا دەسلەپتە ياندۇرغان شامنىڭ يورۇشىغا ئازراقمۇ تەسىرى بولمايدۇ، دېگەن ھېكمەتلىك گېپى بار. مەن ھازىر مەشقاۋۇللۇقتا ئابدۇشۇكۇر مجىت، ئابدۇراخمان ئابلىكىملارنىڭ ئىزىمنى بېسىشىغا ئاساس سېلىپ بولدۇم. ئۇلار ئۆز خىزمىتىدىكى ئەھمىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنى بىلىدىغان ئۈمىدلىك مەشقاۋۇللارغا ئايلاندى. ياخشى مەشقاۋۇل بولۇش ئۈچۈن ماھىرلارنى مەشقلەندۈرۈشتىكى تېخنىكىلىق ماھارەتلەرنى پۇختا ئىگىلىسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۆزىنىڭ ھەم بوكسيورلارنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ ـ ئىستەك ئوتلىرىنى كىم ئۈچۈن ياندۇرۇشنى ئېنىق بىلىشى كېرەك.»

مەن ئابلىكىم ئەپەندى بىلەن ھەر قېتىم پاراڭلاشقاندا ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىمەن. ھەر قېتىم بوكس كوماندىسىدىكى ئەزىمەتلىرىمىز بىپايان تەنتەربىيە ئاسمىنىدا يۇلتۇز بولۇپ يالتىرىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇرانىلىكىنىڭ سەۋەبىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولىمەن.

2009 ـ يىل 12 ـ نويابىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: ئەدەبىيات ئوبزورچىسى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا مۇھەررىر





# چوققىغا يامىشىدىغان ئادەم

(ھېكايە)

تۇرسۇن مەھمۇت

شەمسىددىننى يەرلىكىگە قويغان كۈنى چۈشتىن كېيىن قاراسايدا قاتتىق قار ياغدى دېيىشىدۇ. بوۋايلارنىڭ ئەسلەشلىرىچە، بۇنداق قار ياغمىغىلى بەك ئۇزاق بولغانمىش. زادى قانچە يىل بولغانلىقىنى ئېنىق دەپ بېرەلەيدىغان ئادەم يوق. شەمسىددىننىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۇزاق بولغان ئىش دېگىنىنىڭ ئۇزۇنىنى يۈز يىل بۇرۇنقى دېيىشكىمۇ، ئون يىل بۇرۇنقى دېيىشكىمۇ، ھەتتا ئالدىنقى ھەپتە بولغان ئىش دېيىشمۇ بولىدۇ. يىلنى، ئاينى ياكى ھەپتىنى ھېسابلاشنىڭ بۇلار ئۈچۈن ئەزەلدىن ئەھمىيىتى بولغان ئەمەس. شەمسىددىننىڭ بۇ گېپىنىڭ توغرا يا خاتا ئىكەنلىكىگە بىر نېمە دېمەك تەس. بىراق ئاي، يىلنى بارماق پۈكۈپ ھېساب قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يىلنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن كۈنىنى ياكى باللىرىنىڭ دۇنياغا كەلگەن ۋاقتىنى دېيىشكە توغرا كەلگەندە بىلەلمىگەن ئادەملەرنى كۆرسە ھەممىدىن بەك ئەرۋاھى ئۇچىدىغان ئادەم شەمسىددىن. ئەمما ئۇنىڭ چىرايلىق گەپلىرى، تىل - دەشنامىلىرى بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ بالاڭ قاچان تۇغۇلغان دېسە: توغراقسايغا كەلكۈن كەلگەندە، ئۆتكۈرتاشتىن قار كۆچكەندە دېگەندەك جاۋاب بېرىدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئۇلار توغراقسايغا قاچان كەلكۈن كەلگەنلىكىنى، ئۆتكۈرتاشتا قاي زاماندا قار كۆچكەنلىكىنى دەپ بېرەلمەيدۇ.

— قاراسايدا بۇنداق يېغىن بولمىغىلى ئۇزاق بولغان.

— راست، شەمسىددىننىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ يېغىپ كەتكىنىنى بۇ قارنىڭ.

ئۇدۇلدىكى ئىككى تاللا چىشى قالغان ناسىر قاپپاش ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. قارا تېرە سالۋا تەلپىكىگە قارلار قوناتتى. قويۇق قاشلىرى ئارىسىدىكى ئورا كۆزلىرى ئەتراپقا ئويچانلىق بىلەن باقاتتى.

— ئەمما كىم نېمە دېسۇن، مېنىڭچە، قار - يامغۇر دېگەن خۇدانىڭ ئىلكىدە، بىراۋنىڭ ئۆلۈمى يا تۇغۇمى بىلەن ئالاقىسى يوق.

بېشىغا تۈپە كىيىۋالغان ئىمىن ناۋاي بىر نېمىدىن نارازى بولغاندەك تەلەپپۇزدا شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ ئاستىن كالپۇكى ئارىسىغا بېسىپ شۇمۇۋاتقان ناسىنى كۆچ بىلەن تۈكۈردى. ناس شۆلگەي، تۈكۈرۈكلەر بىلەن قوشۇلۇپ قاپقارا بولۇپ سەل نېرىغا ساقىپ چۈشتى. ناسىر قاپپاش بىر نېمىدىن يىرگەنگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئىمىن ناۋايغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى.

— ئۇغۇ شۇ، بىراق ئەمدى مەن دەيمەن... مۇشۇ شەمسىددىن تەكشى ئادەم ئەمەستىچۇ.

— تەكشى ئادەم ئەمەسلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. مەنچە ئۇ ساراڭقىتىش ئادەم ئىدى.

ناسىر قاپپاش سالۋا تەلپىكىنى بېشىدىن ئالدى، تەلپەكنىڭ ئىچىدىن سۇس ھور كۆتۈرۈلگەندەك بولدى. ئۇ، پاكىز قىرىلغان بېشىنى قاشلاپ قويۇپ تەلپىكىنى يەنە كىيىۋالدى.

— ئويلاپ باقمامسەن، ئۇنىڭ ئۆمرى خەتەرلىك ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتتى. مەست بۇغرىنى

**ئەقىل كۆرمىسە، كۆز كۆرمەس**

بويسۇندۇرۇش، ياۋىلىشىپ كەتكەن قوتازلارنى كۆندۈرۈش... ئىشقىلىپ كەم بىر ئىشلارنى قىلالمايمەن دېسە شۇ ئىشنى مەن قىلىمەن دەپلا جاھاندىن ئۆتتى. مەن بىلىپ ئۈچ قېتىم قوۋۇرغىسى سۇندى، ئىككى قېتىم پۇتى سۇندى، تېرىسى سۈرۈلگەن، پۇت ـ قوللىرى قايرىلىپ كەتكەن، يۈز ـ كۆزلىرى قاناپ كەتكەن ئىشلىرى ساماندەك. بەزىدە خەقلەرنىڭ شەمسىددىننى كەشمە جىنلىق، تەكشى ئادەم ئەمەس دېگىنىنى توغرىمىكىن دەپ ئويلاپ قالىمەن.

جاھان ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەنىدى. پاكار ـ پاكار ئۆيلەر، ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىدىغان داۋۇ ـ دەرەخلەر قارغا كۆمۈلگەن، توپ ـ توپ ئۈچۈپ يۈرىدىغان توك قاغىلار بۈگۈن نەلەرگىدۇر مۆككەن بولسا كېرەك، ئۇلاردىنمۇ شەپە يوق ئىدى.

ــ جاھاندا تەتۈر ئىش بولسا تاپىدىغان خۇيى بار ئىدى ئۇنىڭ، ــ دېدى ئىمىن ناۋاي كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە غۇدۇراپ.

ــ سەن بىلەن بىز نېمىشقا ئاق لاچىن چوققىسىغا ياماشمايمىز؟ ــ ناسىر قاپباش ئىمىن ناۋايغا قاراپ ئاچچىق بىلەن سورىدى.

ئىمىن ناۋاي ھەمراھىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن تونچە چاپىنىنىڭ تۆش يانچۇقىدىن سارغىيىپ پارقىراپ كەتكەن ناسۋال قاپىقىنى چىقاردى. قاپاقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بولۇپ يەنە ياپتىدە، قاپاقنى قايتىدىن يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

ــ بىز يا ساراڭ بولمىساق ئۇنداق تايىنى يوق ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغانغا. ئەدناسى، ئازراق پايدىسى بولسا نېمە دەي... مېنىڭچۇ پەقەت كاللامدىن ئۆتمەيدۇ ئۇ شەمسىددىننىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرى. تېخى ئۇنىڭ جىگىرى بارلار مۇشۇنداق قىلىدۇ دەيدىغان بىر گېپى بار ئادەمنىڭ ئىمانىنى ئۇچۇرۇپ. ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق خەتەرلىك ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ يۈرگەن ئادەمنى جىگىرى بار دېگىلى تۇرساق ساراڭلارنى نېمە دەيمىز ئەمدى.

ناسىر قاپباش يانچۇقىدىن كىچىككىنە چىلىمنى چىقىرىپ، سارغىيىپ تۇرغان تەگۋازنى ئالدىرىماي باستى.

ــ بۇنىڭغا ھالام ـ سالام بىر نېمە دېسەك بولمايدۇ، ئاشۇ شەمسىددىننىڭ ئۆزى بىلىدىغان بىرەر سەۋەبى باردۇ.

يىراقتىكى تاغ چوققىلىرى قار توزانلىرى ئارىسىدىن كۆزگە غۇۋا تاشلىناتتى. ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن ئەتراپ كۆز چاقاتتى. تاغ باغرىدىكى يارداڭلىقتىكى چىغىر يولدىن كىمدۇر بىرى بىر نەچچە تۆگىنى يېتىلەپ تاغ تەرەپكە كېتىۋاتاتتى.

ــ قانداق قاملاشمىغان سەۋەب ئۇ. مىسالەن ئۇ بۇ قېتىم ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقتى. ئۇ چوققىغا چىققانىنىڭ زادى نېمىگە پايدىسى؟ ئاشۇ كۆرۈنگەن كۆكبەلدىن ئۆتۈپلا كەتسە پۈتۈنلەي دېگۈدەك مۇز، ئاستى كۆز يەتمەيدىغان ھاڭ دەيدۇ. غىرتلا تېيىلىپ كەتسە كۆرۈك، گۈلدەك ـ قاقتەك بوپكېتىدىغان گەپ، يەرلىكىدە قوياي دېسە ئۆلۈكىنى تاپقىلىمۇ بولمايدۇ.

ــ شەمسىددىن چىقتىغۇ ئەينا. رەھمەتلىك ئىشقىلىپ بىر كىم قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلغىلى ئامراقتى، قىلغىلى بولمايدۇ، ئەتكىلى بولمايدۇ دېگەن گەپكە بەك ئۆچتى.

ــ ئۆلۈم كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئۇ چوققىغا نېمىشقا چىقىدۇ زادى.

ــ مەنمۇ بىلمەيمەن. بولمىسا، ھوش ـ كاللىسى جايىدا ئادەم بىكاردىن بىكار ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقىمەن دەپ يۈرمەيدۇ، بۇنىڭ بىز بىلمەيدىغان بىرەر بائىسى بولۇشى مۇمكىن.

ــ مەن بىلىمەن، خۇددى ساراڭلارنىڭ گېپى بىلەن ئوخشاش. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھەممىلا ئادەم قىلغىلى بولمايدۇ، ئەتكىلى بولمايدۇ دەپ يۈرۈۋەرسە بولمايدىكەن. شەمسىددىن نەگىلا بارسا: بۇ ئالەمدە ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش پەقەت بىرلا، ئۆلۈمنى يەڭگىلى بولمايدۇ، قالغىنىنى قىلىمەن دەپلا غەيرەت قىلسا چوقۇم قىلغىلى بولىدۇ، دەپ يۈرەتتىكەن. بۇ گەپنى مەن تۇنجى قېتىم شەمسىددىن سادىق مىسكەرنىڭ بۇغرىغا چۈشكەن تۆگىسىنى چۈشەپ بەرگەن يىلى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان. شۇنداقتىمۇ جان بىلەن ئوينىشىپ ئاق لاچىن چوققىسىغا چىققان ئادەمنى ئېلىشىپ قاپتۇ دېمەكتىن باشقا چارە يوق.

ناسىر قاپباش قار توزانلىرى ئارىسىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان چوققىلارغا قاراپ قويدى.

ــ ئۇنىڭ ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقىشى چىنە بۇلاقنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىش تالاش ـ تارتىشى بولغاندىكى ۋەدىسى بىلەن ئالاقىدار بولۇشى مۇمكىن.

ــ ھېلىقى كۈنىغۇ ئاغزىدىن چىقىپ كېتىپ يېنىۋالالمىدى. مېنىڭچە، ئۇنىڭ بۇ ساراڭ خىيالى تۇغما بولۇشىمۇ مۇمكىن. يەنە بىر مۇنچە تاققا ـ تۇققا گەپنى قىلىپ، باھاۋۇدۇن قارىمغا مۇشۇ گەپلىرىمنى بىرنى قالدۇرماي پۈتۈپ قوي، دەپ جوروپ يۈرۈيتتى.

ناسىر قاپباش بىردەم جىممىدە ئولتۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئۆزى ئاران ئاڭلىغۇدەك پەس ئاۋازدا شۇئىرلىدى:

ــ باھاۋۇدۇن قارىي پۈتۈپ قويغان بولغىيتتى بەلكىم.

※ ※ ※

شەمسىددىن قۇلا ئارغىماقنى ئويناقلىتىپ باھاۋۇدۇننىڭ پاكار تاملىق ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. ئاتنىڭ قىزارغان بۇرۇن پەررەكلىرى ئارىسىدىن ئاقۇش ھور ئۆرلەيتتى. «شەمسىددىنكام ئاتنىڭ ئۈستىدە ئەجەب چىرايلىق ئولتۇرىدۇ» باھاۋۇدۇن قارىم شەمسىددىنگە سالام بەرگەچ شۇلارنى ئويلاپ ئۈلگۈردى.

ــ ئاڭلا، قارىي بالا، مەن بۈگۈن ئاق لاچىنغا

چىقىشنى قارار قىلدىم، كىتابىڭغا پۈتۈپ قوي: قۇتبىددىن ئوغلى شەمسىددىن تارىخىي ھىجرى پالانى يىلنىڭ پالانى كۈنى قاراسايغا چىنە بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئەكىلىش بائىسىدىن ئاق لاچىنغا چىقىشنى نىيەت قىلدى دەپ.

— ئەمما شەمسىددىنكا، ئاق لاچىن چوققىسىغا ئەزەلدىن ھېچكىم چىقالىغان ئەمەس.

— ئىلگىرى بىركىمنىڭ چىقمىغانلىقى، چىققىلى بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان ئىش ئەمەس.

باھاۋۇدۇن قارىينىڭ ئايالىنىڭكىدەك سۈزۈك، چىرايلىق مەڭزى قىزىرىپ تۇراتتى.

— مەن دەيمەن، مىسالەن شۇ يەرگە چىقتۇقمۇ دەيلى، ئەمما بۇنىڭ نېمىگە پايدىسى بار زادى.

— بىرلا ئىشقا پايدىسى بار، قاراسايدىكى ئادەملەر تىرىلىدۇ.

— كۈلكىلىك گەپ، قاراسايدىكى ئادەملەر ئەزەلدىن تىرىكقۇ.

— تىرىك بولسا نېمىشقا چىنەبۇلاقنىڭ سۈيىنى ئەكېلىشكە ئۇناشمايدۇ. ساڭا دەي، ئۇرە يۇرگەننىڭ ھەممىسى تىرىك بولىۋېرىدىغان ئىش يوق.

شەمسىددىن گېپىنى تۈگىتىپ كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە مېڭى بار كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. بۇنداق ئادەملەر بەك ئاز، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئادەممۇ تۇرۇپلا خۇشھال بوپقالىدۇ، ئادەمگە كۈچ كىرىپ قالىدۇ. ئەتتەڭ، مۇشۇنداق بىر ئادەمنى تالاي كىشى ساراڭلىقتا ئەيىبلەيدۇ. دېمىسىمغۇ بەزى قىلىقلىرى زادى بىر قانداقراق...

شەمسىددىنگە قاراپ تۇرغان باھاۋۇدۇن قارىينىڭ يۇمشاق مۇلايىملىق تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدە زوقمەنلىكنىڭ ئىسسىق شولىسى ياناتتى.

— قارىساڭغۇ تىرىك، كۆزلىرى پارقىراپ تۇرىدۇ، ئۈچ ۋاق ناننى جايىدا يەيدۇ، ئىشتىننى ئوڭ كىيىدۇ، ئەمما بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن دەپلا يۇرىدۇ. تىرىكچىلىك ئۈچۈن مىدىرلاش كېرەك بولىدۇ. قارا ئاۋۇ ئەمەت چورۇقنى، قوتازلىرنى يىغمىغىلى بەش يىل بوپتۇ، ئون قوتىزى بەش يىلدا قىرىقتىن ئېشىپتۇ، بىراق قوتازلىرنى ھەيدەپ كېلەلمەپتۇ. نېمە دەيدۇ دېمەمسەن، قوتازلار ياۋلىشىپ كەتتى، ئۇنى ھەيدەپ كەلگىلى بولمايدۇ، ئەكەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇ ياۋا قوتازلار بىرەر خەۋپ چىقىرىپ قويۇشى مۇمكىن دەۋاتىدۇ ئۇ پىسپاس... ئادەم تۇرۇپ قوتازنى باشقۇرالمىدى دېگەن تازىمۇ تېتىقسىز گەپتە بۇ. ھە، يەنە مۇنۇ گېپىمنىمۇ كىتابىڭغا پۈتۈپ قوي: دۇنيادا ئادەم ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، يەنە ھەم شۇنداق تۇرۇشى كېرەك.

⁂ ⁂ ⁂

— شەمسىددىن راستلا ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقماقچىكەن.

بايىدىن بېرى شەمسىددىننىڭ ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقماقچى بولغانلىقى ھەققىدە بەھس - مۇنازىرىگە چۈشكەن ئادەملەر ئارىسىدا جىممىدە ئولتۇرغان ناسىر قاپپاش ھەممەيلەننىڭ گېپى تۈگەپ جىم بوپقالغاندا سوئال قويدى؛

— بۇنى كىم بىلىدۇ؟

ئۆزى تولىمۇ ئورۇق، ئورا كۆزلىرى غېرىبانە پارقىراپ تۇرىدىغان ئەلى قاراپەي ئىنچىكە ئاۋازدا خىرىلدىدى:

— شەمسىددىن كۆپىنى كۆرگەن ئادەم، ئۇ يەرگە بىكارغا چىقمايدۇ ئۇ.

— نېمىشقا چىقىدۇ ئەمىسە؟

— مۇنداق گەپ، —ئەلى قاراپەي ئىنچىكە بويىنىنى قاشلاپ قويۇپ گەپ باشلىدى،— بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىزنىڭ قاراساي جەننەتتەك گۈزەل بىر جايىكەن. بۇ يەردە ئاي دېسە ئاي، كۈن دېسە كۈزى بار بىر گۈزەل خانىش ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ چۈشىگە بىر لاچىن كىرىپتۇ. لاچىن چۈشىدە ئۇنىڭ ياستۇقىغا كېلىپ قونۇپتۇ. لاچىن ئادەمگە ئوخشاش زۇۋانغا كېلىپ خانىش بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. ئەتىسى قوپسا خانىشنىڭ يېنىدا تازىمۇ بەرجەست بىر يىگىت تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن خانىشنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ، ئىككىسى ئېلىپ- تېگىشىپتۇ.

—كالۋا، خانىشنىڭ ئېرى قېنى؟

— ئەسلىمۇ ئېرى يوق ئۇنىڭ،— ئەلى سوئال سورىغۇچىغا ئالىيىپ قويدى.

— خانىش دېگەن پادىشاھنىڭ خوتۇنى دېگەنلىك بولىدۇ،— دېدى ناسىر قاپپاش قولىنى سىلكىپ قويۇپ،— خوتۇنى ئالىلقەيەرلەردە يۇرسە كارى بولمايدىغان پادىشاھ يوق.

— ماڭە نېرى، خانىش دېگەن پادىشاھنىڭ قىزى دېگەنلىك بولىدۇ،— ئەلى قاراپەينىڭ غېرىبانە پىلىلداپ تۇرىدىغان ئورا كۆزلىرىدە بىزارلىق ئالامەتلىرى بار ئىدى.

— ياق، خوتۇنى،— ناسىر قاپپاش يول قويىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— يا ئاللا، تاكاللاشمىساڭلارچۇ، ھە، ئاخىرى قانداق بوپتۇ؟

— ئاخىرىدا ئىككىيلەن ئاق لاچىنغا ئايلىنىپ ئاشۇ چوققىغا چىقىپ كەتكەنىكەن.

— نېمىشقا ئاق لاچىنغا ئايلىنىپ كېتىپتىكەن؟— ناسىر قاپپاش ئەلەم بىلەن ئەلى قاراپەيگە تىكىلدى.

— ئىشقىلىپ چىقىپ كېتىپتىكەن.

— نېمانداق قامالاشمىغان گەپ بۇ. ساپساق ئادەملەرنىڭ لاچىنغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ بىر سەۋەبى بولۇشى كېرەكقۇ، ئەلى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق يوقىلاڭ گەپلەرنى توقۇپ يۇرمە، توقۇيدىغان بولساڭ تايىنى باررراق بىر نېمىلەرنى توقۇ جۇمۇ.

ئەلى قاراپەي ناسىر قاپپاشقا ھومىيىپ قويۇپ

ۋارقىرىدى:

ــ بۇ دېگەن توقۇغان گەپ ئەمەس، بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا مۇشۇنداق بىر ئىش بولغان زادى.

ــ مىسالەن شۇنداق بولغاندىمۇ ھېلىقى مەلىكە بىلەن يىگىت باشقىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ ئاندىن لاچىنغا ئايلىنىپ كېتىشى كېرەكتە. بۇرۇنقى چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق بولىدۇ، بىزمۇ جىق ئاڭلىغان بۇنداق گەپلەرنى.

ــ مەلىكە ئەمەس خانىش ئۇ،ــ ئەلى قاراپەينىڭ نېپىز كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى.

ــ ئاغزىڭغا بىرنى قويىدىغان نېمىكەنسەن. بايا نېمە دېدىم، خانىش دېگەن پادىشاھنىڭ خوتۇنى بولىدۇ، مەلىكە دېگەن پادىشاھنىڭ قىزى بولىدۇ، ئىككىسى ئايرىۋال. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە گەپ توقۇساڭ ئېلىشىپ يۈرمەيسەن.

ــ بىراق نېمىلا بولسۇن ئاق لاچىنغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتكىنى خانىش... ــئەلى قاراپەي ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى،ــ بۇنى سەن بىلەمسەن يا مەنمۇ...

ــ نېمە قىلساڭ قىلە، نېمانداق گەپ چۈشەنمەيدىغان نېمە بۇ. ئىشقىلىپ مەنغۇ سېنىڭ ئۇنداق يالغان گەپلىرىڭنى ئاڭلىمايمەن بۇنىڭدىن كېيىن.

ــ ئاڭلىمىساڭ نېرى بار، ئاڭلايدىغانلار جىق،ــ ئەلى قاراپەي ناسىر قاپباشقا ئاچچىق بىلەن ئالىيىپ، يەرگە تۈكۈرۈپ قويدى.

ــ بولدى، بولدى، قېنى ئاخىرىنى ئاڭلايلى، ئاخىرى قانداق بوپتۇ؟

ــ ئاخىرىدا،ــ دېدى ئەلى قاراپەي كېتىۋاتقان ناسىر قاپباشنىڭ كەينىدىن ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ،ــ ھېلىقى خانىشنىڭ بويىنىدىكى توخۇ تۇخۇمىچىلىك كېلىدىغان بىر گۆھەر ئاق لاچىن چوققىسىدا قېپقالغانىكەن، ئۇ نەرسە ھېلىمۇ شۇ يەردە نۇر چېچىپ تۇرىدۇ دەيدۇ.

ــ ئەسلىي جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا ئىكەندە، ــ دېدى ئىمىن ناۋاي ناس قاپىقىنىڭ ئاغزىنى ئالدىراپ ئېچىۋېتىپ،ــ قىلنى قىرىق يارىدىغان نېمىدى ئۇ شەمسىددىن دېگەن زادى.

※ ※ ※

تونۇگۈندىن بۇيانقى چىرايلىق گەپلەر، قورقۇتۇش، تىللاشلار كار قىلمىغاندىن كېيىن شەمسىددىننىڭ ساقاللىرىنىڭ تەگدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن ئاكىسى يىلىنىشقا چۈشتى:

ــ سەن نېمانداق جاھىل. شۇ چوققىغا چىقمىساڭ ھەممىمىز خاتىرجەم ياشىساق نېمە بولار جېنىم ئۇكام، ھەممە ئادەمنى بىسەرەمجان قىلىپ نېمىمۇ پايدا ئالارسەن.

ــ ھەممىڭلار بىرلا گەپنى قىلىدىكەنسىلەر، نېمە پايدا ئالارسەن دەپ. مەن پايدا كۆزلىگىنىم يوق. بىرەر چوققا يا داۋانغا يامىشىپ چىقسا بىر كىم پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى مەنمۇ ئوبدان بىلىمەن. ئويلايدىغىنىم، قاراسايلىقلارنىڭ كۆڭلىدىكى قارا كىرنى يۇيۇۋەتسەم دەيمەن.

ــ قاراسايلىقلارنىڭ كۆڭلىدە نېمە كىر باركەن؟

ــ قىلغىلى بولمايدۇ دېگەن كىر.

ــ ئۇكام، بۇنداق گەپلىرىڭنى چۈشەنمەيدىكەنمەن. قاراسايلىقلار قىلغىلى بولمايدۇ دېگەن بولسا دەۋەرسۇن، نېمە كارىمىز. مۇشۇ گەپنى دەپ جاننى سېلىپ بېرىدىغان ئىشنى قىلساق بولمايدۇ.

ــ مېنى توسما، كۆڭلۈمدە نېمە بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ــ توغرا دەيسەن، سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بىراق ئاق لاچىن چوققىسىنى بويسۇندۇرىمەن دەيدىغان نايسەنت گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپسەن. مۇشۇ گېپىڭنىڭ ئۆزىلا ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدۇ.

ــ شۇنداق دېسەم نېمە بوپتۇ.

ــ ئۇ بىر تاغ، كۆككە تاقاشقان چوققا، بويسۇندۇرىمەن دېگىنىڭ كاللامدىن ئۆتمەيدۇ. سەن ئۇنى قانداق بويسۇندۇرالايتتىڭ، ئىنسان دېگەننىڭ قۇۋۋىتى، قۇدرىتى چەكلىك بولىدۇ.

ــ ھەممىلا نەرسىدىن ئۈركۈپ ـ تەمتىرەپ يۈرىدىغان ئادەملەرگە جاسارەت ئاتا قىلىشىم كېرەك. روھىنى بوغۇپ تۇرغان ئاشۇ قەبىھ چار يىلاننى ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك.

ــ مەنغۇ بىر كىمنىڭ روھىدا چار يىلان بار دېگەن گەپنى قىلغان ئادەمنى قىپقىزىل ساراڭ دەيمەن. ئۇ ھەتتا سەن بولساڭمۇ.

ــ مەن مۇشۇ گەپلىرىمنى باھاۋۇدۇن قارىينىڭ كىتابىغا يازدۇرۇپ قويىمەن. مېنى ساراڭ دېگەن بولساڭ بوپتۇ، بىر كۈنلەردە چۈشىنىپ قالارسەن.

ــ بۇنداق تەتۈرلۈكنى چۈشەنمەيمەن، چۈشەنگىممۇ يوق.

※ ※ ※

بىر توپ ئادەم نەچچە يېرىدىن ئۆرۈلۈپ كەتكەن پاكار تامنىڭ يېنىغا قويۇلغان ياغاچتا ئولتۇرۇپ گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر پاراڭغا چۈشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاغزىدىكى ناسىنىڭ تەسىرىدىن ئاستىن كالپۇكى بۆرتۈپ چىققان ئىمىن ناۋاي، سالۋا تەلپىكىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان ناسىر قاپباش، قاش ـ كۆزى تولىمۇ قاملاشقان باھاۋۇدۇن قارىي، يەنە بىر نەچچە كىشى بار ئىدى.

شەمسىددىن ئايتاپسىنىپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ جايلاشتى. ئۇنىڭ بىگىزدەك سانجىلىدىغان كۆزلىرى كىشىنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى سىر ـ ئەسرارلىرىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك، كۆڭۈلنىڭ ئاللىقانداق پىنھانلىرىدا كونىراپ كەتكەن كىر ـ قاسماقلارنى ئاچچىق سېزىم بىلەن كۆيدۈرىدىغاندەك تەسىر بېرەتتى. بۇ يەردىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ شەمسىددىنگە نېمىشقا ئۆچلۈكىنى، نېمىشقا ئۇنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى، ئارىغا ئالغۇسى كەلمەيدىغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ تازا چۈشىنىپ

www.uyghurkitap.com

كەتمەيدۇ. ئېيتىلىشىچە، بۇ گەپنى شەمسىددىن ئۆلۈپ كېتىپ ئۇزۇنغا قالماي ناسىر قاپپاش قىلغانمىشكەن، باشقا بىراۋغا ئەمەس، ئۆزىگە ئۆزى دېگەن ھەم دەپ بولۇپ نەچچە كۈنگىچە جىم بوپقالغان دېيىشىدۇ... شەمسىددىن ئۆزىمۇ نېمىشقا باشقىلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ياكى بىلگۈسى كەلمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شەمسىددىن تۇگەپ كېتىپ خېلى يىللاردىن كېيىن ناسىر قاپپاش نېمىشقىدۇر شەمسىددىننى تولا ئەسلەيدىغان بوپقالغان كۈنلىرىدە تولا ئويلاپ، ئاخىرى بۇ يەردىكىلەرنىڭ شەمسىددىننى ئۆچ كۆرۈشىنىڭ سەۋەبىنى تاپقاندەك بولغاندى. بىراق بۇنى ھېچكىمگە دېمىدى. ناسىر قاپپاشنىڭ ئويىچە ھازىر شەمسىددىن ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇ توغرىسىدىكى گەپنىڭمۇ ئەمدى قىزىقى يوق. شەمسىددىننىڭ قول شىلتىپ تۇرۇپ قىلىدىغان گەپلىرىنى، جانغا يىگىندەك سانجىلىدىغان كۆزلىرىنى خەقلەر ئۇنتۇپ كەتتى، ئۇنىڭ چاقچان ۋۇجۇدى، سۈزۈك ئاۋازى قاراسايىنىڭ ھېچ يېرىدىن تېپىلمايدۇ. شۇنداق، ئەقلىگە سىغمايدىغان بىر ئىشلارنى ئويلاپ، خىيال قىلىپ، كۆتۈرۈپ چىقىپ خەقلەرنى بىزار قىلىدىغان شەمسىددىن ئەمدى يوق ئىدى. ئۇ ھازىر تۆت مېتىر يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتتى. قاراڭغۇ ھەم سوغۇق لەھەت ئىچىدە ياتىدۇ. بۇ دۇنيادىكى تىرىكلەر بىلەن ئۇنىڭ ھېچبىر ئالاقىسى قالمىدى. قاراسايدا بۇرۇنقىدەكلا ئۈچىنچى ئايدىن ئالتىنچى ئايغىچە توپا ئۇچۇرۇپ شامال چىقىدىغان ئىش داۋاملىشىۋەردى. ھەر يىلى بەشىنچى ئايدا كەلكۈن كېلىپ تۇردى. يامغۇر ياغمىغان يىللىرى ئوت - چۆپلەر قۇرۇپ كەتتى. نۇرغۇن ئادەم كېسەللىك، قېرىلىق، يا ئاللىقانداق بىر سەۋەبلەر بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ناسىر قاپپاش خىيالچان بوپقالدى. تولا بىر ئىشلارنى ئويلايدىغان، ئۆتمۈشنى كۆپ ئەسلەيدىغان، ئەتە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇشىغا قىزىقمايدىغان بوپقالدى.

شەمسىددىننىڭ تىرىكلەر بىلەن ئالاقىسى قالمىدى دېگەن ئويىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ناسىر قاپپاش شۇ خىيالغا كېلىپ ساق ئىككى يىلدىن كېيىن ئاندىن بىلدى. شەمسىددىننىڭ بۇ يەردىكى ھەممە ئادەم بىلەن، ھەممە نەرسە بىلەن ئالاقىسى باردەك قىلاتتى. ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر ئىشلارنى شەمسىددىن باشلىشى، شەمسىددىن قىلىشى، شەمسىددىن سۆزلىشى كېرەكتەك تۇيۇلۇپ قالاتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ شەمسىددىننىڭ تىرىكلەر بىلەن ئالاقىسى قالمىدى، دېگەن ئويىنىڭ بەكلا خاتا بولغانلىقىنى ھەسرەت بىلەن ياد ئەتكەندى. ناسىر قاپپاش شەمسىددىننىڭ ئەقىللىق كۆزلىرىنىڭ، ئۆتكۈر كۆزلىرىنىڭ، ئۆتۈپ كەتكەن نۇرغۇن ئىشنى ھەم كېيىن بولىدىغان كۆپ ئىشنى ئىلغا قىلالايدىغان كۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ يۈرىكىگە، كۆڭلىگە، ئىنسابىغا، ئوي - خىياللىرىغا ھەم ۋىجدانىغا سىغمىغانلىقىنى بىلىپ يېتىپ ئۆزىنى بەكلا غېرىب، تەنھا ھېس قىلغانىدى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە ھەممىسىنى پۈتۈپ ماڭدىم دېسىمۇ ئەمەلىيەتتە شەمسىددىننىڭ سۆزلىرىدىن بىر جۈملىنىمۇ يېزىپ قويمىغان باھاۋۇدۇن قارىيغا ئۆچ بوپكەتتى.

— بىر گېپىم بار، جامائەت، — دېدى شەمسىددىن خېلى ئۇزۇندىن كېيىن. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا چىقتى ۋە ھەممەيلەنگە تەكشى نەزەر سالدى. چاقچان بەستىگە ياراشقان چەكمىنىنىڭ پەشلىرى شامالدا ئاستا يەلپۈنەتتى.

قاراسايىنىڭ ئاسمىنىدا تەنھا بىر بۈركۈت قاناتلىرىنى كەڭ كېرىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. سەل نېرىدا بىر نەچچە توخۇ يۇمشاق نەم توپىنى تاتىلاپ دانلاپ يۈرەتتى.

ناسىر قاپپاش ياغاچتا ئولتۇرغانلارغا بويۇنداپ قارىۋىدى، ھېچكىم زۇۋان سۈرمىگەندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ دېدى:

— نېمە گېپىڭ بار، قېنى دېگىن.

— مەن مۇھىم بىر گەپنى دېمەكچى، ھەممەيلەن ئاڭلاڭلار.

شەمسىددىن دەماللىققا ھېچنېمە دېمەي يەنە ئالدىدىكى كىشىلەرگە بىرمۇ - بىر نەزەر سېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر نەزىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن كىشىلەر يەرگە قارىۋېلىشتى. ئارىنى سوغۇق ھەم ئېغىر سۈكۈنات باستى.

جىملىقنى ئىمىن ناۋاينىڭ ئاچچىق پۇرقۇلۇپ تۇرغان ئاۋازى بۇزدى:

— سەنغۇ بۇرۇندىن مۇھىم گەپ قىلىپ كەلگەن ئادەم، قېنى، دېگىن، ئاڭلاپ باقايلى.

شەمسىددىن شارتتىدە بۇرۇلۇپ ئىمىن ناۋايغا قارىدى. ئاندىن ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېلىپ جامائەتكە ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— بىز چىنە بۇلاقنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىشىمىز كېرەك.

ياغاچتا ئولتۇرغانلار دەسلەپ بىر - بىرىگە قاراشتى، ئاندىن ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى شەمسىددىنگە تىكىلدى. بۇ كۆزلەردىن ھەيرانلىق، يەنە بىزارلىق ئالامەتلىرى ئوخچۇيتتى. ئىمىن ناۋاي تونچە چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى تىقىپ ناس قاپىقىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. ناسىر قاپپاش شەمسىددىنگە گۇمانلىق نەزەر بىلەن تىكىلدى. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئارىدىن بىرەيلەن زۇۋانغا كەلدى:

— ۋاي ئاللا پېشانەم، كاللاڭ جايىدىمۇ سېنىڭ. بەش - ئالتە بەلنىڭ نېرىسىدىكى چىنە بۇلاقنىڭ سۈيىنى بۇ يەرگە قانداق باشلاپ كېلىسەن؟!

شەمسىددىن قوللىرىنى يېڭىگە قوۋۇشتۇرۇپ، نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر ھالدا قاراپ تۇراتتى.

— ئېرىق تارتىپ ئەكېلىمىز.

ناسىر قاپپاش ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ بولۇپ يەنە

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇۋالدى.

— نېمە قىلىمىز دېدىڭ؟

— ئېرىق تارتايلى.

— ياۋاللا، شەمسىددىن، خۇدا ساڭا نېمانداق كاللا بېرىپ قالغان بولغىيدى. بىر نېمىلەرنى جايىدىراق ئويلىساڭ نېمە بولار. دائىم مۇشۇنداق بەڭگىنىڭ خىيالىنى قىلىپ يۈرىدىكەنسەن، — دېدى ئارىدىن چىرايى مىستەك قارايغان، ساقاللىرى تامام ئاقىرىپ كەتكەن بىر بوۋاي.

— شۇنداق، بەڭگىنىڭ خىيالىنى تولا قىلىدىغان يېتىم بۇ، — دېدى ئىمىن ناۋاي مەسخىرىلىك ئۈن بىلەن، — كىچىكىدىمۇ تۈز يولنى تاشلاپ قويۇپ ئېشەكنى ساپلا دۆڭگە چاپتۇرىدىغان خۇيى بار ئىدى بۇنىڭ.

ئارقىدىن يەنە قوشۇپ قويدى:

— ئەقلىگە سىغىدىغان بىرەر گېپىڭ بارمۇ زادى شەمسىددىن.

— بۇ گەپنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان يېرى يوق. پىلانلاپ باقتىم، مەھەللىمىزدىكى كەتمەنگە يارايدىغان ئەركەكلەر بىر يىل تىرىشساق بولىدىغان ئىشكەن بۇ.

— بىر يىل؟! نىيازبەگنىڭ ئالۋىڭىدىنمۇ يامان سەيسكەنغۇ بۇ. بىر يىل تىنماي كەتمەن چاپساق ھېرىپ ئۆلۈپ قالمامدۇق بىز، شەمسىددىن؟!

— بىر يىل دېگەنمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەمما سۇنى ئۆمۈر ۋاقى ئىچىمىز ئەمەسمۇ.

— مانا، قىپقىزىل ساراڭنىڭ گېپى. بىر ئوبدان سۈيىمىز تۇرسا، بىر پاتمان مۇشكۈلچىلىكنى تارتىپ چىنە بۇلاقنىڭ سۈيىنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىش نېمىگە لازىم بوپقالدى؟ يەنە كېلىپ بۇ مۇمكىن ئەمەس.

— بىزنىڭ ئىچىۋاتقان سۈيىمىز چاتاق، — دېدى شەمسىددىن ئويچان ھالدا.

— ما گەپنى، شەمسىددىن رەسمىي ساراڭ بولاي دەپتۇ، بىزنىڭ سۈيىمىزنىڭ نەرى چاتاقكەن؟

— ھېلىقى نازىم كارۋانبېشى شۇنداق دېگەن، — دېدى شەمسىددىن ئىمكان بار ئۆزىنى مۇلايىم تۇتۇشقا تىرىشىۋاتقاندەك يۇمشاق ئاھاڭدا.

— ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپتۇ ئۇ. ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ سۇنى ئىچىپ كېلىۋاتىمىز. ئەمدى قوپۇپ بۇ سۇنى چاتاق دېسە بۇ قانداق گەپ ئەمدى.

— ياق، نازىم كارۋانبېشى كاتتا ئالىم. بىزنىڭ سۈيىمىزدە چاتاق بار دېگەن گەپنى ماڭا شۇ كىشى دېگەن. ئەگەر ئۇ دېمىگەن بولسا مەنمۇ بىلمەي يۈرەركەنمەن.

— مانا، قىپقىزىل ساراڭنىڭ گېپى.

— شۇنى دەيمەن، كىگىز كىتابنى قولتۇقىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئاشۇ نازىم كارۋانبېشىنىڭ گېپىنىڭ راستلىقىنى كىم بىلىدۇ؟

ھەممەيلەن ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ كەتتى، قوپال نارازىلىقلار، ئاچچىق تەنىلەر ئاڭلىناتتى.

— جىم تۇرۇڭلار، بىز بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان گەپ. دەسلەپتە مەنمۇ ئىشەنمىگەنىدىم، يېقىندا بىلدىم. بىزنىڭ سۈيىمىز تۇزلۇق، غىچىلا شور تېتىيدۇ. مەن ئالدىنقى ئايدا قارايارغا ئوۋغا بېرىپ بىر ئاي تۇرۇپ قالدىم. شۇ بىر ئايدا پۈتۈنلەي چىنە بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچتىم. قايتىپ كېلىپ بىزنىڭ سۈيىمىزنى ئىچسەم شۇنداق شورلۇق، سېسىق... ئۆتۈپ كەتكەن كۈنىمىزگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— ما گەپنى ئەمدى. بىزنىڭ سۈيىمىزنى سېسىق دېگۈچە، ئىچمەيلا قوي سېسىق بولسا.

— مەنغۇ ئىچمەيمەن، سىلەرمۇ ئىچمىسەڭلار بولاتتى.

— نېمىشقا؟

— زىيانلىق.

— قانداق زىيىنى باركەن؟

— قاراپ بېقىڭلار، بۇ يەردىكى ھەممىمىزنىڭ يېشى قىرىققا بارار-بارماي قول-بارماقلىرىمىز ئېگىلىپ قالىدۇ، پۇتلىرىمىز تاشمايماق، كەرىمەك بوپقالىدۇ، خۇددى چۆمەچتەك ئېگىلىپ... نازىم كارۋانبېشى كاتتا تېۋىپ، بۇ گەپنى مەن ئەمەس شۇ كىشى دېدى.

ھەممەيلەن بىردە شەمسىددىنگە، بىردە قول-بارماقلىرىغا، پۇتلىرىغا قارىشىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن جىم بوپقېلىشتى.

بىلىدىغانلار شۇ چاغدا جىملىق ناھايىتى ئۇزۇن داۋام قىلدى دەيدۇ. شەمسىددىنمۇ ئۇزاققىچە گەپ قىلماپتۇ. شەمسىددىندىن بىزار بولغان، ئۇنىڭ گەپلىرىدىن تويغان، بولۇپمۇ ئاشۇ كۆزلىرىگە ئۆچ بوپكەتكەن ئادەملەرمۇ ئارتۇق بىر نېمە دېمەپتۇ. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئاخىرىدا ئارىدىن بىرەيلەن شۇنداق دەپتۇ:

— مىسالەن بىزنىڭ پۇتىمىز تۈز-رۇس بولسا بۇنىڭ نېمىگە پايدىسى.

ئەجەبكىم، شۇنچە ئادەم بار مۇشۇ يەردە بۇ گەپنى زادى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى دەپ بېرەلەيدىغانلار بولمىدى. بەزىلەر بۇ گەپنى ئىمىن ناۋاي قىلدى دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇ ئەمەس دېيىشتى. ئەمەس دېگۈچىلەر ئىمىن ناۋاي بولمىسا يەنە كىمنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى دەپ بېرەلمىدى. ئۇلارچە، ئىمىن ناۋاينىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايمىش. ئەمما بۇ يەردە ئېنىق بولغىنى، بىرەيلەن ئاچچىق بىلەن: «مىسالەن بىزنىڭ پۇتىمىز تۈز-رۇس بولسا بۇنىڭ نېمىگە پايدىسى» دېگىنى ئېنىق ئىكەن.

شۇ گەپنى ئاڭلىغاندا شەمسىددىننىڭ يىگىنەدەك ئۆتكۈر، كۆكۈلگە قىزىتىلغان تۆمۈردەك ۋەھىملىك تەسىر بېرىدىغان كۆزلىرىنى قىزىرىپ كەتتى دېگۈچىلەر بار. يەنە بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، شەمسىددىن دەسلەپ لاغىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ، ئارقىدىن لاسسىدە ئولتۇرۇپ قېلىپ، يەنە

چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە جان-جەھلى بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— ئادەم دېگەننى خۇدايىتائالا تۈز ياراتقاندىكىن تۈز بولۇش كېرەكتە!

كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، شەمسىددىن ئەزەلدىن بۇنداق ۋارقىراپ باقماپتىكەن. بۇ يەردە، بۇ مەھەللىدىمۇ ئەزەلدىن بۇنداق ۋارقىرىغان ئادەم بولۇپ باقماپتىكەن.

ھەممەيلەن جىم بوپقېلىشتى. بېشى پاكىز چۈشۈرۈلۈپ، ئۆزىگە ياراشقان چىرايلىق بۇرۇت قويۇۋالغان باھاۋۇدۇن قارىي قورقىنىدىن چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئون يىلدىن بۇيان يېنىدىن ئايرىمىغان كىتابىنى سىلاپ قويدى. كىتابتا بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ ھېكايىسى سۆزلىنەتتى. كىتابتىكى گەپلەر ساپلا كونا زامانچە، خەتلىرىنى تولۇق ئوقۇيالىسىمۇ بىراق مەنىسىنى دېگەندەك چۈشىنىپ كەتمەيتتى، بىراق ئۇ كىتابتىكى ھېكايىنىڭ ۋەقەلىرىنى ھېس قىلالايتتى. بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق ناھايىتى نۇرغۇن جەبىر-جاپا تارتىپمۇ ئاخىرىدا مۇرادىغا يېتەلمەي ئەلەم بىلەن ئۆلۈپ كېتەتتى.

— مۇشۇ كىتابىڭنى بىر قويغىنا، باھاۋۇدۇن قارىي،— دېگەنىدى شەمسىددىن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا،— ساپلا بىر ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغىنىنى سۆزلەيدىغان كىتابلارنى ئوقۇپلا ئولتۇرىدىكەنسەن بالا...

باھاۋۇدۇن قارىينىڭ قاچانلا قارىسا ئەگىلىك ئەتكەندەك كۆرۈنىدىغان يۈزى دەم سارغىيىپ، دەم قىزىرىپ كەتتى.

— بىراق بۇ دېگەن قالتىس كىتاب... ئاشىق - مەشۇقلار توغرىسىدىكى...

— ئۇقمەن. يەنە شۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقى سۆزلىنىدىغان كىتابقۇ بۇ... پۈتۈن قاراسايدا بار كىتابمۇ مۇشۇ. مۇشۇ بىرلا گەپنى دەۋېرىشتىن زېرىكمەمسەن. بىلسەڭ، بۇ دۇنيادا ئادەمدىنمۇ ئۇلۇغ ھېچنېمە يوق. ئادەمدە نىيەت، ئەقىل بىلەن شىجائەتلا بولسا جىمى ئارمىنى ھاسىل بولىدۇ، ياخشىلىقلار ئۇنىڭغا يار بولىدۇ. مانا بۇ قالتىس گەپ. مېنىڭ مۇشۇ گەپلىرىمنى كىتابىڭغا پۈتۈپ قويساڭ كۆپ پايدىسى بار.

باھاۋۇدۇن قارىي كېكەچلەپ توختاپ قالدى. شەمسىددىننىڭ قورقۇنچلۇق چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئەيمىنىپ باشقا ياققا قارىۋالدى.

— ئاشىق - مەشۇق دېگەنگە تىل تەگكۈزمەڭ، بولمىسا ئاغزىڭىز كاج كېتىدۇ.

باھاۋۇدۇن قارىي شۇ گەپنى دەپ بولۇپ قورقۇپ كەتتى.

— ئاشىق - مەشۇق دېگەن نېمە، بىلەمسەن، بىرەر قىزغا كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالسا ئۇ سېنىڭ مەشۇقۇڭ بولىدۇ، سەن ئۇنىڭ ئاشىقى. نىكاھىڭغا ئالالىساڭ مەشۇقۇڭ خوتۇنۇڭغا ئايلىنىدۇ، بولمىسا مەشۇق پېتى، سەن ئاشىق پېتى قېلىۋېرىسەن. سېنىڭچە، مەشۇقنى خوتۇن قىلغان ياخشىمۇ، يا ئۇ مەشۇق پېتى قېلىۋەرگەن ياخشىمۇ؟

باھاۋۇدۇن قارىينىڭ يۈزى پوكاندەك ئېسىلىپ، ھەر قاچان مۇلايىم نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرى يۇمچۇكلىشىپ كەتتى. شەمسىددىننىڭ دېگىنى بويىچە بولغاندا ھەممە ئادەم قالتىس دەۋاتقان بۇ كىتاب ئەرزىمەيدىغان، ئاددىيلا نەرسىكەن. نەچچە يىلدىن بۇيان باھاۋۇدۇن قارىينىڭ كۆڭلىدە ئۇلۇغلىنىپ كەلگىنى بويىچە مەشۇق دېگەن ئەسلي ناھايىتى سىرلىق، چېقىلغىلى بولمايدىغان، ئۇلۇغلۇق مەقامىغا يەتكەن خىسلەت، كارامەت ئىگىسى ئىدى. مۇنۇ شەمسىددىن ئۇنى ئاخىرى خوتۇنغا ئايلىنىدۇ دەيدۇ. مۇشۇنداق دېسە قانداق بولىدۇ، مەشۇق خوتۇن بولسا... بۇ قانداق گەپ...

بۇ ئىشلارغىمۇ نەچچە يىل بولدى، تالاي ئىش بولۇپ ئۆتتى. ئۇ، شەمسىددىننىڭ جىق گېپىنى ئاڭلىدى، ئەمما ئاشىق - مەشۇق دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن قايتا گەپ ئاڭلىمىدى. شۇنىڭدىن بۇيان باھاۋۇدۇن كۆڭلىدە ئاشىق - مەشۇق دېگەنگە قارىتا بىر سۇس گۇمان پەيدا بوپقالغانلىقىنى بىر كىمگە دېيەلمەي، يا كۆڭلىگە سىغدۇرالماي ئاۋارە. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن شەمسىددىن بىلەن ئارازلاشمىدى. شەمسىددىننىڭ نۇرغۇن سۆزنى يېزىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئەسلەيتتى، ئەمما ھازىرغىچە ھېچنېمە يازمىغانلىقىنى بىركىمگە دەپ باقمىدى. قەغەز يوق، قەلەم يوق، ۋاقىت يوق، ئىشىم تولىراپ كەتتى، ھەممىنى تەقلەپ يازاي دېگەندە چىراغنىڭ مېيى تۈگەپ كەتتى، بولمىسا بۇ چاغقىچە يېزىپ بولاتتىم دەپ ئويلايتتى. ئاندىن بايىقى قەغەز، قەلەم يەنە بىر نېمىلەرنىڭ يوقلۇقى ھەققىدىكى خىياللىرىنىڭ راستلىقىغا ئۆزىنى ئىشەندۈرەلمەي نەچچە كۈن رەللە بولاتتى. بىراق ئۇ ئاخىرى تالاي ئادەمگە ئوخشاش ئۆزىنى ئالدىيالىدى، شەمسىددىننىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈپ قويمىغانلىقىغا، كىتابىنىڭ ھاشىيىسىگە يېزىۋالمىغانلىقىغا يېتەرلىك سەۋەب تاپتى، كۆڭلىمۇ تىندى، خاتىرجەم بولدى. ناسىر قاپپاشنىڭ دېيىشىچە، شەمسىددىن ئىلگىرى بىر گەپنى قىلغانمىش: بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئالدىشى كىشى قورققۇدەك دەرىجىگە يەتكەن. ئەدناسى، تۈز يولدا پۈتلىشىپ يىقىلغان بىرىمۇ يىقىلىش سەۋەبىنى ھەرگىز ئۆزىدىن كۆرمەيدۇ، تەقدىرىنىڭ يازمىشىدا مېنىڭ يىقىلىشىم ناھايىتى بۇرۇنلا پۈتۈلگەن دەپ ئۆزىنى گوللايدۇ. ئېغىلدا باغلاغلىق تۆگىسى ئاچلىقتىن ئۆلسە ھېچ ئۇيالماي تۆگىسىدىن رەنجىيدۇ... شەمسىددىن مۇشۇ گەپنى دېگەندىمۇ باھاۋۇدۇن قارىيغا بۇ گەپلىرىنى پۈتۈپ قويۇشنى تاپىلىغانىدى. بىراق باھاۋۇدۇن قارىي بۇ گەپلەرنى يادىدىن چىقىرىپ قويدى. گەپنىڭ ئاخىرى شۇكى، نېمىلا بولمىسۇن باھاۋۇدۇن قارىي ئۇتۇقلۇق ھالدا ئۆزىنى ئالداپ، كۆڭلىنى تىندۇرالىدى. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ

www.uygurkitap.com

ئەيىبسىز ئىكەنلىكىگە، چوڭ ئىشلارغا بەزى كىچىك ئىشلار پۇتلىشىپ دىگەندەكلەرگە ئۆزىنى ئىشەندۇرەلىدى.

ــ ئىشقىلىپ نېمە قىلساق قىلىپ چىنە بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئەكەلمىسەك بولمايدۇ،ــ دېدى شەمسىددىن ھەممىگە تەكشى قاراپ،ــ بۇنداق ئۆتۈۋېرىشكە بولمايدۇ.

ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالغانىدى. ئۆزىنى بېسىۋالمىسا بولمايدىغانلىقىنى، بايىقىدەك ۋارقىرىسا قاملاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

ــ ئەكەلسەڭ ئۆزۈڭ ئەكەل،ــ دېدى بىرەيلەن.

شەمسىددىننىڭ قورقۇنچلۇق كۆزلىرىدە، نېپىز لەۋلىرىدە مەسخىرىنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق ـ ئىپەر كۈلكىسى پەيدا بولدى. ئۇ، پاكىز چەكمىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان قوللىرىنى چىقىرىپ سىلكىپ قويۇپ، يەنە قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ جامائەتكە نەزەر سالدى:

ــ سىلەرچە، چىنە بۇلاقنىڭ سۈيىنى مەن يالغۇز ئەكېلەلەرمەنمۇ...

ــ ئەمىسە بۇنداق ئاقمايدىغان قۇرۇق گەپنى قوي،ــ ئىمىن ناۋاي چىرتتىدە تۈكۈرۈپ قويۇپ غۇدۇرىدى.

ــ بۇ، قۇرۇق گەپ ئەمەس،ــ دېدى شەمسىددىن. ئۇ ئىمكان بار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىۋاتسا كېرەك، چىرايىدا سۇس كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى.

ــ شەمسىددىنئاخۇن، ئاڭلىسا ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشىدىغان مۇشۇنداق گەپلەرنى نەدىن تاپىدىغانسىلە ئاداش. جاھان دېگەندە قىلىدىغان ئىش، دەيدىغان گەپمۇ بولىدۇ، يەنە قىلمايدىغان ئىش، قىلمايدىغان گەپمۇ بولىدۇ. شۇ قاتاردا قىلغىلى بولمايدىغان ئىشمۇ بولىدۇ. كەلسە ـ كەلمەس خىياللارغا تولا كاللا ئۇپراتماي غەت قىسىشىپ ئىشىمىزنى قىلمايلىما. سۈيىمىز بىر قانداق بولسا ئاتا ـ بوۋىمىزدىن باشلاپ ئىچىپ كەپتىمىز، بىزمۇ ئىچىۋېرەيلى. ئاتا ـ بوۋىمىز شۇنچە زاماندىن بېرى ئىچىپ ھېچنېمە بولماپتىكەن. بىزمۇ بىر قانداق بوپقالمىدۇقمۇ مانا. پۇتىمىز ئەگرى بولسا بولىۋەرسۇن، قولىمىز مايماق بولسا ئۆزىمىزگە... بىز بىر كىمنىڭ تۈز پۇتىنى تالاشمىغاندىكىن خەقلەرمۇ بىزنى زاڭلىق قىلىپ يۈرمەس. قانداق دېدىم جامائەت.

ئىمىن ناۋاي گېپىنى تۈگىتىپ، سارغىيىپ پارقىراپ كەتكەن قاپىقىدىن ئالقىنىغا ناس تۆكۈپ، چۈشىن تۇتقان پاقىدەك ئەپچىللىك بىلەن ئاغزىغا ئېتىپ، ئاستىن كالپۇكى ئاستىغا باستى.

ــ بىراق بالىلىرىمىزنىڭ پۇتى ئەگرى چوڭ بوپقالسا بولمايدۇ ـ دە.

ــقانداق چوڭ بولسا شۇنداق بولار، بىز بېقىپ چوڭ قىلىپ قويدۇق ئەينا، پۇتۇڭ ئەگرىكەن دەپ بىرىكىم بىر نېمە دېمىگەندىكىن باللارنى. بۇنداق چاڭ باسمايدىغان گەپلەرنى قىلىشماي، ماۋۇ باھاۋۇدۇن قارىيغا كىتاب ئوقۇتۇپ ئاڭلىمايلىمۇ، ئوقۇغىنا بالام.

باھاۋۇدۇن قارىي گېلىنى قىرىپ، توختاپ قالدى. ئۇ، شەمسىددىننىڭ يىڭنىدەك قادالغان كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالماي كىتابىنى يېپىپ جىم بوپقالدى.

ھەممەيلەن جىم بوپقېلىشتى.

جىملىق ناھايىتى ئېغىر، بەكلا ئېغىر ئىدى.

ــ چىنە بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئەكېلىش كېرەك.

ــ بۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ خۇددى ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقىمەن دېگەندەكلا بىر ئىش.

كېيىنكى كۈنلەردە مۇشۇ ھەقتىكى ۋەقەلەرنى دەپ يۈرگۈچىلەرنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، ئالامىنىڭ ئىچىدىن بىرەيلەن مانا شۇنداق دەپتۇ. بۇ گەپنى زادى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى ھازىرغا قەدەر ھېچكىم ئېنىق دەپ بېرەلمەيدىكەن. بەزىلەر شەمسىددىننىڭ ئالىجوقا گەپلىرىگە تولا قارشى قوپىدىغان ئىمىن ناۋايدىن گۇمانلىنىشقان بولىسىمۇ، بىراق ھېلىقى ئاۋاز ئىمىن ناۋاينىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق بوپكەتكەن چىرقىراق ئاۋازىغا پەقەت ئوخشىمايدىكەن. بارى ـ يوقى يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئادەمنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى گەپنى قىلغان كىشىنىڭ كىملىكىنى پەقەت ئىلغا قىلغىلى بولماپتۇ. شۇ بەھس ـ مۇنازىرىدە بارلارنىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇ گەپ بىلەن تەڭ شەمسىددىن كۆك باغرىنى تېشىپ تۇرغان ئاق لاچىن چوققىسىغا ناھايىتى ئۇزۇن قاراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئاندىن قەھرى بىلەن قولىنى سىلكىپ، جامائەتكە قاراپ ۋارقىراپتۇ:

ــ ھەممىڭ ئاڭلاش، مانا مەن شەمسىددىن ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقىمەن، ئاندىن شۇ كۈندىن باشلاپ بىرسىڭ قالماي مەن بىلەن بىرگە چىنە بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئەكېلىشكە چىقىشىسەن. يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم!

شەمسىددىننىڭ شۇ چاغدىكى ئەلپازىنىڭ يامانلىقىدىن ھېچكىم بىر نېمە دېيىشكە پېتىنالماپتۇ. ئىمىن ناۋاي ئاغزىدىكى ناسنى تۈكۈرەلمەي قېقىلىپ كەتتى دېگۈچىلەر بار.

شەمسىددىن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق بەك جىق گەپ ـ سۆز بولدى. بەزى ئادەملەرنىڭ دېيىشىچە، شەمسىددىننىڭ ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقىش خىيالى مانا شۇ كۈندىن باشلاپ پەيدا بولغانمىش. ئەمما يەنە تولا ئادەم بۇ گەپلەرگە پەقەت ئىشەنمىدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، شەمسىددىن ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقىشقا خېلى بۇرۇنلا ئەھدۇ ـ پەيمان قىلغانىكەن. ئۇ، يارالمىشىدىن تارتىپ مۇشۇنداق بىمەنە ھەم قورقۇنچلۇق ئىشلارنى تولا ئويلايدىغان، خەتەرلىك يارلارغا تولا ئات چاپتۇرىدىغان يېتىم ئىكەنمىش.

ــ شەمسىددىن بۇ ئىشلارنى پېشانىسىگە ئېلىپ قويۇپقان ئادەم. ئۇن ياشقا كىرگەن يىلىمۇ بۇركۈت تۇخۇمى ئالىمەن دەپ قاراڭغۇ يارغا يامىشىپ چىققان دەيدۇ ئۇنى.

ــ قاراڭغۇ يار دېگەنمۇ ئاق لاچىن چوققىسىدىن

قىلىشمايدۇ.

— ئۇن يېشىدا ئەمەس، يەتتە ياشتا چىققان دەيدۇ.

— ياق، ئۇن يەتتە ياش ۋاقتىدا دەيدۇ.

شەمسىددىننىڭ قاراڭغۇ يارغا چىققان ۋاقتى توغرىسىدا ئۇزاق تالاش بولدى. ھېچكىم ھېچكىمنى قايىل قىلالمىدى.

ئۇزاق كۈنلەردىن كېيىن ئۆزىنى بەكمۇ يەككە - بىگانە سېزىدىغان بوپقالغان باھاۋۇدۇن قارىي تاغ باغرىدىكى چىمەنلىك دۆمبىلىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ شەمسىددىننى ياد ئېتىش بىلەن كۈنلەرنى كەچ قىلىدىغان بوپقالدى. شەمسىددىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى تاشلاندۇق ئارغامچا كېسىكىگە ئوخشاپ قالدىم دەپ ئويلايدىغان بوپقالدى. ئۇنىڭ كىتابى توغرىسىدا، كىتابىدىكى ئاشىق - مەشۇقلار توغرىسىدا، بۇنىڭدەك ئايىغى چىقمايدىغان ھېكايىلەرنى ئوقۇۋەرگەننىڭ پەقەت پايدىسى يوق ئىكەنلىكى، نەشە چەككەن بەڭگىدەك خىيالىي بىر نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرمەي، كۆزنى يوغان ئېچىپ تۇنۇگۇن، بۈگۈن، ئەتىدىكى ئىشلارغا نەزەر سېلىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغاندىن كېيىن باھاۋۇدۇن ئۆزىنى «مەن يېشىمدىن بۇرۇن قېرىپ كەتتىم» دەپ ئويلايدىغان بوپقالدى. قىشنىڭ ئاچچىق شامىلى تاقىر دۆڭلەرنىڭ ئاستىدىكى ئۆلۈك توپىلارنى ئۇچۇرۇپ يۈرگەن بىر كۈنى ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغاندا دائىمقىدەك شەمسىددىن توغرىسىدا گەپ بوپقالدى.

— ئەمەلىيەتتە شەمسىددىن توغرىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ چۈشىمىز...— دېدى باھاۋۇدۇن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ھەممەيلەن قايىل بولغاندەك قىلغان. بىراق ئەتىسى قارا سۆيى قىش - ياز توڭلىمايدىغان ئېقىنغا كالىسىنى سۇغۇرغىلى ماڭغان ناسىر قاپپاش يېرىم يولدا ئۇچرىغان باھاۋۇدۇن قارىيغا ئېيىسلىۋالدى:

— تۇنۇگۈنزە قىپقىزىل سارائىدەكلا بىر گەپ بوپتۇ. شەمسىددىن توغرىسىدىكى ئىشلار بىزنىڭ چۈشىمىز دېسەڭ ھە دەپتىمەن، سېنىڭغۇ چۈشۈڭ بولسۇن، مېنىڭمۇ چۈشۈم بولامدۇ ئۇ...

ناسىر قاپپاشنىڭ پەيلى يامان، ئاسانلىقچە بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— سەنمۇ چۈش كۆرگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن، ناسىركا،— دېدى باھاۋۇدۇن چىرايلىق كۆزلىرىنى يۇمچۇكلىتىپ.

— شەمسىددىن دېگەن بىر كىمنىڭ چۈشىدىكى ئادەم ئەمەس، راستلا بار ئادەم ئۇ. ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئاق لاچىن چوققىسىنىڭ باغرىغا كۆمۈپ قويدۇق. ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن تۈگەپ كەتتى. ئەمدى ئېسىڭگە كەلدىمۇ.

— بىراق، ئەمىسە ئۇ قېنى؟...

— ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم قايتىپ كەلمەيدۇ.

ناسىر قاپپاش باھاۋۇدۇنغا گۇمانسىراپ قاراپ قويدى.

ئاردىن بىر يىل ئۆتكەندە نەچچە يېرىدىن ئۆرۈلۈپ كەتكەن كونا تامنىڭ يېنىدىكى ياغاچتا ئولتۇرغانلار بىر ئىش توغرىسىدا خېلى ئۇزۇن بىر نېمىلەرنى دېيىشىپتۇ دەيدۇ:

— ئادەم بالىسىنىڭ قىلالمايدىغان ئىشى يوقكەن - ھە... ئاخىرى ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقىدىغانلار بار بولدى... شەمسىددىن قالتىس ئادەمكەندۇق ئەسلى...

— ئەگەر شەمسىددىن بولغان بولسا چىنە بۇلاقنىڭ سۆيىنى چوقۇم ئەكېلەلەيدىكەنمىز.

— ھېلىمۇ ئەكەلسەك بولىدىغۇ.

— بىراق شەمسىددىن يوقتە.

— شەمسىددىن بولمىسا كىم باشلاپ ماڭىدۇ بىزنى.

ياغاچتا ئولتۇرغانلار شۇنداق دېيىشىپتۇ. ئاخىرىدا ئىمىن ناۋاي ئاغزىدىكى ناسنى كۈچ بىلەن تۈكۈرۈپ ۋارقىراپتۇ:

— يەنە شۇ شەمسىددىننىڭ گېپى. كالىسى بار ئادەم ئۆلۈم كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىشقا ئۆزىنى ئۇرامدۇ...

— بىراق ئۇ ئاخىرى چىقتىغۇ.

— بىراق ئۆلدى - دە.

— ئۇ ئاق لاچىن چوققىسىغا چىققاندا ئەمەس، قايتىپ كېلىپ خېلى كۈنلەردىن كېيىن جان ئۈزدى. چىنە بۇلاقنىڭ سۆيىنى ئەكېلىشنىڭ تەييارلىقىمۇ پۈتۈپ قالغان. نان - ئوزۇقلارنى تەييار قىلىپ بولغاندا... ئەتىسى ماڭىمىز دېگەندە قازا قىلدى رەھمەتلىك.

— بىراق، قانداقلا بولمىسۇن ئۆلۈپ كەتتى. ئەگەر ئۇ بولغان بولسا ھازىر بۇ يەردە ئەمەس، چىنە بۇلاقنىڭ سايلىرىدا ئېرىق چاپىمىز دەپ بويىنىمىز يىلتىزدەك قالاتتى.

ئىمىن ناۋاينىڭ گېپىگە قارشى بىر نېمە دېگەنلەر بارمۇ - يوق، بۇنى مەن بىلمەيمەن. ئەمما ئىمىن ناۋاينىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ماڭا بىرسى سۆزلەپ بەرگەن.

شەمسىددىننىڭ ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبىنى بىلىدىغانلار بولمىدى. ئاخشىمى ساق قالغان ئادەم ئەتىسى نەپەستىن قاپتۇ. ئۇنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلگەن كۈنى ئەتراپتىكى جىمى مەھەللە - كوينىڭ ئادەملىرى كەپتۇ. شەمسىددىننىڭ كېلىنشەڭگۇ، ئاقپىشماق ئايالىنىڭ ھازا ئېچىپ يىغلىغان يىغىسى تاغۇ- تاشلارنى ئېرىنتىۋەتكۇدەك ھەسرەتلىك بولغان دېيىشىدۇ.

بىر ئىشلار بەكلا تېز ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان بولغاچقا قاراسايىنىڭ ئادەملىرىنىڭ چىنە بۇلاقنىڭ سۆيىنى باشلاپ كەلگەن- كەلمىگەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەملەر يوقكەن. ناھايىتى ئۈمىد بىلەن باھاۋۇدۇن قارىينىڭ كىتابىغا قارىغانلارمۇ ھېچنېمە تاپالماي چارىسىز قايتىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم. ئاردىن كۆپ زامان ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ھازىرقى ئادەملەردىن بۇنى بىلىدىغانلار، يا بۇنداق بىر ئىشلارنىڭ بولغانلىقىغا قىزىقىدىغانلارمۇ يوقتەك قىلىدۇ. شەمسىددىن ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقىدىغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى باھاۋۇددۇن قارىيغا ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئىشلىرىنى يېزىپ قويۇشنى تاپىلىغانىكەن، باھاۋۇددۇن قارىيمۇ بۇنىڭغا قوشۇلغان دەيدۇ. ئەمما كېيىن بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىزغا قارىتا ئىلگىرى شەمسىددىن بىرەر ئەقىل قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئۈمىدتە باھاۋۇددۇن قارىينىڭ كىتابىنى بىرمۇ بىر ۋاراقلايدىغانلار بولغان. ئاختۇرغانلار باھاۋۇددۇن قارىينىڭ كىتابىنىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدىن شەمسىددىنگە ئالاقىدار ھېچنېمىنى تاپالماپتۇ. بۇ ئىشنى بايقىغان بىر نەچچەيلەن ھەيرانلىق ئىچىدە باھاۋۇددۇن قارىيدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغان... بۇ ئىش سۈرۈشتۈرۈلگەندە باھاۋۇددۇن قارىي: ئاشىق - مەشۇقلار ھەققىدىكى كىتابقا قالايمىقان بىر نېمىلەرنى جىجىلاپ يۈرسە ئادەمنىڭ ئاغزى ماياق كېتىدۇ، شۇڭا مەن شەمسىددىننىڭ گەپلىرىدىن بىرنىمۇ پۈتۈپ قويمىغان دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دېيىلىشىچە، باھاۋۇددۇن قارىينىڭ بۇ گېپىگە قارشى چىقىدىغان ئادەم بولمىغان، ھەم شەمسىددىننىڭ ئىلگىرى دېگەن قالتىس گەپلىرىنى يادىدا تۇتالىغان بىرمۇ ئادەمنىڭ بولماسلىقى ناسىر قاپباشنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغان ھەم ئۇ نادامەتتىن يۇم - يۇم يىغلاپ كەتكەن دېگۈچىلەر بار.

※ ※ ※

شەمسىددىننىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ ماڭماقچى بولغان باھاۋۇددۇن قارىينىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغانىدى. بەزى ئادەملەر ئۇنى ناھايىتى مۇھىم ئىشلارنى ئويلاۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شەمسىددىن كۆڭلىدە «مەن دېگەن گەپلەرنىڭ بەك نۇرغۇنى باھاۋۇددۇننىڭ كىتابىغا يېزىلدى، كېيىنكىلەر مۇشۇ بويىچە ئىش قىلسا چوقۇم كۆپ ئىشقا پايدا تېگىدۇ» دەپ ئويلايتتى؛ ئارمان پېتى قالغان جىق ئىشنى كېيىنكىلەر مۇشۇ كىتابقا ئاساسەن قولىغا ئېلىپ چوقۇم بىر باشقا ئېلىپ چىقىدۇ دەپ ئويلايتتى ھەم ئۆزىنى بۇنىڭغا زورلاپ ئىشەندۈرەتتى.

— ئاڭلىسام، شەمسىددىننى ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقىمەن دەپ يۈرىدۇ دەيدۇغۇ.

— قىپقىزىل ساراڭلىقتە.

— ئاق لاچىن چوققىسىغا چىققىلى ئۇ ئۆزىنى ئەۋلىيا چاغلامدىكەن.

— ئەۋلىيادىنمۇ كاتتا بىر نېمە چاغلىسا كېرەك. مەن ئۇ يەردىن مانا مۇشۇ كۈنگىچە ئادەم تۇرماق ھەر قانداق بىر ئۇچالىقنىڭ ئۆتكىنىنى كۆرگەن بەندە ئەمەسمەن. باللىرىم، شەمسىددىننى توسۇڭلار، ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقمىسۇن.

— ساراڭ بوپقالسىغۇ تەلىيى، قانداقلا بولمىسۇن كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرىدۇ. مولالاق ئۆتۈپ جىنىنى سىلىپ بېرىدۇ ئۇ تەلۋە.

— مۇشۇ شەمسىددىننى ئوقۇغان ئادەم دەپ يۈرسەك، نېمىشقا مۇشۇنداق ساراڭچىتىش ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغاندۇ.

— زادى مۇشۇ ئوقۇغان ئادەمدىن ھەزەر ئەيلىسە بولىدۇ.

— ئۇنى دېسەڭلار باھاۋۇددۇن قارىيمۇ ئوقۇغان، ئۇ ساراڭ ئەمەسقۇ ئەينا.

بۇ پاراڭلار بولغان يەردە باھاۋۇددۇن قارىينىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىدىغان ئادەم يوق، ئەگەر ئۇ بولغان بولسا قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ بولغان بولسا بايىقى گەپقۇ مەيلى، ھېچبولمىغاندا مۇنۇ گەپ چوقۇم بولۇنمايتتى:

— باھاۋۇددۇن قارىم قارىسىغا يادلايدىغان ئادەم ئۇ، زىنھار خەت تونۇمايدۇ.

— ئەمىسە كىتابقا قاراپ ئوقۇيدىكەنغۇ.

— كىتابنى ئوقۇغاندەك بولۇۋالغان گەپ، بايا دېدىمغۇ، باۋۇددۇن قارىم يادىسىغا ئوقۇيدۇ، خەت تونۇمايدۇ دەپ.

— مانى كۆرۈڭ، ئەمىسە ئۇ شەمسىددىننى گوللاپ كەپتۇكەندە. شەمسىددىن دائىم مۇنۇ سۆزۈمنى پۈتۈپ قوي دېسە، خوپ دەپ قول باغلاپ تۇراتتى.

ھەممەيلەننىڭ باھاۋۇددۇن قارىيدىن رايى قايتقاندەك ئۇنىڭ گېپىنى قايتا تىلغا ئالمىدى.

※ ※ ※

شەمسىددىننىڭ ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ھەممەيلەننى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. شەمسىددىنگە كۆڭلى يېقىنلار، ئۇنىڭغا ئامراقلار، شەمسىددىننى يامان كۆرىدىغانلار، ئۆچ كۆرىدىغانلار ياكى ئۇنىڭ بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوقلار بولسۇن، ھەممەيلەن شەمسىددىن ھەققىدە ئۇنى - بۇنى بىلىپ بېقىشقا، ئاڭلاپ بېقىشقا قىزىقىشاتتى. ئاق لاچىن چوققىسى دېگەن كىچىك باللار، خوتۇنلار ياكى بوۋايلار قوي باقىدىغان دۆڭلۈك ئەمەس، قاراقۇشقاچ باللىرىنى تۇتۇپ ئوينايدىغان ياردائىلىق ئەمەس، ئاستى تەرىپى ئۇيۇلتاشتىن پۈتكەن، قاپىەلدىن ئۈستۈنكى قىسمى كۆك مۇز، ئاق قار بىلەن قاپلانغان قورقۇنچلۇق قىيا، يەردە تۇرۇپ قارىسىمۇ ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنىدىغان قارلىق چوققا. بۇ يەردىكى چوڭلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ چوققىغا ئاتام زاماندىن تارتىپ قاناتلىقلار ئۆتكەن بولسا بىر نۆرى، ئادەم بالىسىنىڭ چىقىپ باققىنىنى ئاڭلىغانلار يوق. بىراق ئەمدى شەمسىددىن ئۇ يەرگە چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ. جان بىلەن ئوينىشىدىغان بۇنداق ئىشنى قىلسا قانداق بولار. تام تۈۋىدىكى ياغاچتا ئولتۇرغان بىر نەچچەيلەن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشكەندى.

— شەمسىددىن سارائىغۇ بوپقالمىغاندۇ ھە باللا...

— ياق، مەن دەيمەن، ئۇ ئاق لاچىن چوققىسىغا زادى نېمىشقا چىقىدىغاندۇ، شۇنى بىلسەك بولاتتى.

— نېمىشقا چىقاتتى، ئۆتكەندە ئادەم كۆپ يەردە ئېغىزىدىن چىقىپ كەتتى، ئەمدى گېپىدىن يېنىۋالالماي قىسىنچىلىقتا قالدىمىكىن دەيمنا...

— ئاق لاچىن چوققىسىدا ناھايىتى نۇرغۇن بايلىق بولۇشى مۇمكىن.

— ھەر قانچە بايلىق بولسىمۇ جاننى سېلىپ بېرىدىغان ئىش بولسا قويە ئۇنى.

ھەركىم ھەر نېمە دەپ باقاتتى. شەمسىددىندەك سارائىقېتىش ئادەم بوپقېلىشىنىڭ خەتىرى، مۇشۇسىياق ئادەملەرنىڭ ئەخمەق ھەم تايىنى يوق بولىدىغانلىقى ھەققىدە جىق گەپ بولۇندى. ئاخىرىدا چىنە بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئەكېلىشنىڭ ئىلگىرى - كېيىن تايىنى يوق ئىش ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە بىمەززە ئىشنىڭ ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقىش ئىكەنلىكى ھەققىدە پاراڭ بولغاندا ئەلى قاراپەي گېلىنى قىرىپ قويۇپ مۇلايىم ئاۋازدا گەپ باشلىدى:

— بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر كۈنى ئوۋغا چىقىپتۇ. ئوۋ ئوۋلاپ كېتىۋېتىپ قارىسا يولدا بىر پەرىزات ئولتۇرغىدەك. پادىشاھنىڭ پەرىزاتقا كۆزى چۈشۈپ ئۇنى ئەمرىگە ئالماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا پەرىزات پادىشاھتىن ئۆزىنى ئاق لاچىن چوققىسىغا ئېلىپ چىقىشنى شەرت قىپتۇ. پادىشاھ ئۇچقۇر تۇلپارنى مىنىپ پەرىزاتنى ئاق لاچىن چوققىسىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە نىكاھ ئوقۇپ ئەر - خوتۇن بوپتۇ. شۇ چاغدا پەرىزاتنىڭ بىر تال ئالتۇن ئۈزۈكى ئاق لاچىن چوققىسىدا قېپقالغانىكەن.

— ئاندىنچۇ؟

— ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارغا كەلسەك...— ئەلى قاراپەي ئۇيان - بۇيانغا قاراپ قويۇپ بېشىنى گىلدىڭلاتتى ۋە يەنە شۇ يۇمشاق ئاۋازدا:

— تۈگىدى،— دەپ قويدى.

— دېمەك شەمسىددىن ئاشۇ پەرىزاتنىڭ ئۈزۈكىنى تېپىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ - دە.

شۇ چاغدا ناسىر قاپپاشنىڭ زەردىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي ئەلى، قويغىنا مۇشۇنداق تايىنى يوق گەپلىرىڭنى، سارائمۇ ئىشەنمەيدۇ بۇ گەپكە. نەدە پەرىزات دېگەن تاغنىڭ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇ ئەسلىدىمۇ ئاسماننىڭ قەرىدىن چۈشىدىغان تۇرسا؟!

ئەلى قاراپەينىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

— سەن ئۇنىڭ ئاسماننىڭ قەرىدىن چۈشكىنىنى نەدىن بىلىسەن؟!

— پەرىزات دېگەن ئەسلىدىمۇ ئاسماندا ياشايدىغان تۇرسا.

— ئىشقىلىپ، شۇنداقتىمۇ پەرىزات شەمسىددىنگە شۇنداق دەپتىكەن ئەينا.

ناسىر قاپپاش قاھ- قاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، مۇشۇمۇ شۇنچە ئادەم بۇ يەردە توپىغا ئېلىشىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلايدىغان گەپمۇ. بۇ گەپلەرنىڭ يا بېشى يوق، يا ئاخىرى. ھېلى تېخى بىر پادىشاھنىڭ پەرىزاتقا كۆزى چۈشۈپتۇ دېگەن، ئارقىدىنلا شەمسىددىنگە شۇنداق دەپتۇ دەپ يۈرىسنا.

ئەلى قاراپەي پېشانىسىدىن بۇژۇلداپ ئۆرلىگەن تەرلىرىنى ئېرتىۋېتىپ يىغلامسىرىغىنىچە خىرقىرىدى:

— كىچىككىنە يەردە ئازغىشىپ قاپتىمەن، بۇنىڭغا نېمە بولاتتى. خەق بىر ئوبدان ئاڭلاۋاتسا دائىملا سەن ئارىغا قىستۇرۇلۇۋالىسەن...

— توۋا قىلدىم، بۇ جاھان ئەجەب قىزىقكەن، تايىنى يوق گەپنى تاپىدىغان ئادەممۇ بار ئىكەن، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىپ ئاڭلايدىغانغىمۇ ئادەم تېپىلىدىكەن. نېمانداق تېتىقسىزلىقتۇ بۇ.

ناسىر قاپپاش ئادەملەر ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ قولىنى كەينىگە قىلغىنىچە ئۇزاپ كەتتى. ئۇزاقتىن كېيىن ياغاچتا ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدا كىمدۇ بىرەيلەننىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن:

— ھۇ، ساراڭ،— دەپ تىللىغان زەردىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

※ ※ ※

باھاۋۇدۇن قارىينىڭ گېپىگە خېلى نۇرغۇن ئادەم ئىشەنمىدى. ئەلى قاراپەي بىر كۈن كەچكىچە گەپ قىلسا تىڭشايدىغان، نېمە دېسە ئىشىنىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغۇسى كەلمىگىنى ھەم گېپىگە ئىشەنمىگىنى باھاۋۇدۇن قارىينىڭ بەكلا كۆڭلىگە تەگدى. شەمسىددىن ئۆلۈپ كېتىپ، قىش ئۆتۈپ ئەتىياز كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر توپ ئادەم ياغاچتا ئولتۇرغان چاغدا گەپ ئايلىنىپ بېرىپ يەنە شەمسىددىنگە يۆتكىلىپ توختىدى. ھەر كىم ھەر نېمە دەپباقتى. شەمسىددىننىڭ ئۆلۈمىنىڭ بەكلا تېز بولغانلىقى، ئۆلۈم دېگەننىڭ رىزقى تۈگىگەن ھەر قانداق بەندىنى ئاياپ قويمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇھ تارتىشلار بولدى. يەنە شەمسىددىننىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، جىق ئىشنى ئويلايدىغانلىقى، گەپنى بەك قاملاشتۇرۇپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە تەرىپلەر بولدى. شەمسىددىن ھايات بولسا ھازىرغىچە نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەسەۋۋۇر بولدى. گەپ ئاۋۇپ، كۆپىيىپ ئاخىرىدا پەسكارغا چۈشكەندە باھاۋۇدۇن قارىي چىرايلىق كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئۇھ تارتتى، ئاندىن:

— شەمسىددىنكام رەھمەتلىكنىڭ ماڭا بەك كۆڭلى يېقىن ئىدى، ئۇنىڭ ھېلىقى گەپلىرى ھېلىمۇ قۇلاق

تۇۋىمدىلا تۇرىدۇ، ــ دېدى مەيۇس بىر ئاھاڭدا.

ــ نېمە گەپلەر بولغان، قېنى ئاڭلايلى، ــ ناسىر قاپپاش بوغۇق ئاۋازدا شۇنداق دېدى. باھاۋۇدۇن قارىي بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزلەشكە چۈشتى. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن، بەلكىم تۆت يىل يا بەش يىل بۇرۇن بولۇشىمۇ مۇمكىن، باھاۋۇدۇن قارىي بىلەن شەمسىددىن ئارىسىدا شۇنداق پاراڭلار بولغانمىش:

ــ سەن نېمىشقا ياشايسەن؟ ــ دەپ سورىغان شەمسىددىن خېلى ئۇزاق مۈكۈدىشلاردىن كېيىن باھاۋۇدۇن قارىينىڭ كۆزىگە تىكىلىپ. باھاۋۇدۇن قارىي بۇ سوئالغا دەماللىققا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالغان، خېلى ئۇزاقتىن كېيىن مۇنداق دېگەن:

ــ باللىرىمنى باقىمەن، ئاتا ـ ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن.

ــ سەن بولمىساڭمۇ ئۇلار يەنىلا ياشاۋېرىدۇ، بۇنى ياشاشنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى قىلىۋالساڭ بولمايدۇ.

باھاۋۇدۇن قارىي شەمسىددىننىڭ گەپلىرىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمەپتۇ.

ــ ئۇنداقتا سەنچۇ، شەمسىددىنكا؟

ــ مېنىڭ قىلماقچى بولغانلىرىم بەك جىق. مەسىلەن، ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقىشمۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم مەقسەتلەرنىڭ بىرى.

باھاۋۇدۇن قارىي بىردەم جىم بوپقاپتۇ. ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقىمەن دېيىش قىپقىزىل ساراڭلىقتە بۇ. باھاۋۇدۇن قارىي شۇنداق ئويلاپتۇ. بىراق بۇ گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرالماپتۇ. شەمسىددىنگە ئاغزىغا كەلدى دەپ ئۇدۇل كەلگەن گەپلەرنى قىلغىلى بولىدىغان ئادەم ئەمەسلىكىنى ئۇمۇ بىلىدىكەن. بىراق شۇنداقتىمۇ يەنە سوراپتۇ:

ــ ئۇ يەرگە چىققاننىڭ نېمە پايدىسى؟

ــ ئەمىسە چىقمىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟

شەمسىددىن شۇنداق دەپ بولۇپ ئاندىن ناھايىتى پەس ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دەپتۇ، بۇ گەپلەرنى باھاۋۇدۇن قارىي ئاران ئاڭلىيالىپتۇ.

ــ ماڭا ئاللا كۈچ بېرىپ ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقالىسام، بۇ يەردىكى ئادەملەرگە ئادەم دېگەننىڭ ئەسلى قالتىس بىر ھېكمەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويالايتتىم.

باھاۋۇدۇن قارىي شەمسىددىننىڭ بۇ گەپلىرىنى چۈشەنمەپتۇ. مەسىلەن، ھېكمەت دېگەننىڭ نېمىلىكىنى باھاۋۇدۇن قارىي بىلمەيدىكەن. يەنە ئادەم دېگەن ھېكمەت دېسە بۇ گەپ تېخىمۇ چۈشىنىكسىز بىر نېمىگە ئايلىنىپ

كېتىدىكەن. شۇڭا باھاۋۇدۇن قارىي ھېچنېمە دېمەي جىملا تۇرۇپتۇ. ئۇ، شەمسىددىننىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقىشنىڭ بەكلا قورقۇنچلۇق ھەم قەتئىي ئەھمىيىتى يوق ئىشلىقىنى ئوبدان بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ شۇ چاغدا كۆڭلىدە: «مۇشۇ ئادەم قېرىغاندا ساراڭ بوپقالىدىغان ئوخشايدۇ، گەپلىرىمۇ سەل بىر قىسما. ئىشقىلىپ مەن بۇنداق تەتۈرلۈكنى ئاز قىلىپ، كۆڭلىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ ياشىسام بولىدى. نېملا دېمەيلى، ئىشقىلىپ ئۆلۈپ كەتمىسەملا بولىدى. جامائەتنىڭ ئارىسىدا خۇشھال ياشىساملا بولىدى...» دېگەنلەرنى ئويلىغانىكەن.

شەمسىددىننى يۈيۈپ، كېپەنلىككە ئالغانلار ئۇنىڭ كۆلگىنىچە قېتىپ قالغىنىنى ھەيرانلىق، قورقۇنچ ئىچىدە خەقلەرگە دەپ يۈرۈشتى. ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ چىرايىدا تىرىك ئادەمنىڭ چىرايىدىكىگە ئوخشاش كۈلكە بار ئىكەن. بىرەيلەننىڭ ناھايىتى ھاياجان بىلەن دېيىشىچە، ھەممە نېمىدىن رازى بولغان، كۆڭلىدىكى جىمى ئارمىنى ئەمەلدە كۆرۈلگەن ئادەملەرنىڭ چىرايىدا مۇشۇنداق كۈلكە بولىدىكەن.

شەمسىددىن توغرىسىدىكى گەپلەر بارغانسېرى ئاۋۇپ باراتتى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى، دېگەن گەپلىرى، مېڭىش ـ تۇرۇشلىرى، كۆزلىرىنىڭ بەكلا قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى گەپلەر ياغاچتا ئولتۇرغانلارنىڭ كۆندە قىلىدىغان پاراڭلىرىنىڭ تۈگۈنى ئىدى. شەمسىددىن توغرىسىدا بەك جىق گەپ بولاتتى. بىراق شەمسىددىن ئۆلۈپ كېتىپ ئۇزۇنغا قالماي كۆز يۇمغان ئاكىسى بىلەن شەمسىددىن ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇنۇ پاراڭلار بۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ يوقىلىپ كەتتى.

ــ نېمىمۇ ئىش قىلارسەن ئاق لاچىن چوققىسىغا چىقىپ بىكاردىن بىكار.

ــ ئىشقىلىپ مەن شۇ يەرگە چىقىشنى ئارمان قىلىمەن، بىر چىقىپ باققۇم بار زادى. يەنە كېلىپ ئاق لاچىن چوققىسىغا چىققان بىرىنچى ئادەم بولغۇم بار، باشقىلار مەندىن بۇرۇن چىقىۋالمىسىكەن دەيمەن.

ــ بىكارلا ئىشقۇ بۇ.

ــ بۇ بىزنىڭ مۇشۇ قاراسايدىكى ئەڭ خەتەرلىك چوققا. ئەگەر چىقالىسام مەن قىلالمايدىغان ئىشنىڭ يوقلۇقىغا ئىشىنىمەن، باشقىلارمۇ ئۆزىنى خۇددى مەندەك ئويلايدىغان بولىدۇ. ئاندىن ئۆزۈمدىن رازى بولىمەن، كۆڭلۈم توق، دىلىم شادىمان بولىدۇ.

---

ئاپتور: يازغۇچى، چەرچەن ناھىيە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خادىمى

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت، كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

# مۇجمەل ئادەم ۋە زەردىپەقلىك كىسىلىك



زۇلپىقار بارات ئۆزباش

بىر توپ ئەما بىز،
ھەممە نەرسىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ يۈرگەن .
بىر توپ سۇيىمگۈچى بىز،
ھەممە نەرسىنى لەۋلىرىمىز بىلەن سۆيۈپ يۈرگەن .
— رەخىم ياسىن قاينامىنىڭ «كۈندۈز تۇغقان ئاي» ناملىق شېئىرىدىن

## 1. مۇقەددىمە: تېمىغا كىرىش

*ئۇيغۇر شەھەر تۇرمۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش(1)*

### دۇئا بىلەن ئاخىرلاشقان ھاراق سورۇنى

*— سورۇننى بىر يەرگە بېرىپ قايتىلى. قېنى ئەمسە بىر دۇئا قىلىۋېتىپ قوپايلى!*

*سورۇن ئىگىسىنىڭ ۋە تۆردە ئولتۇرغان باشقارما دەرىجىلىك كادىر جالالنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ساقىي ئالدى بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈردى. مەن چۆچۈپ كەتتىم. چۈنكى ئەترايىمدا ئۈچ سائەتتىن بېرى ئىچىشىپ ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى غىرق مەست بولغانىدى. بۇنىڭغا سورۇندىكى مەقسىتىم مېھمان بولۇشتىن كۆرە،*

**«ئۆزۈڭنى تونۇ!»**

*شەھەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىر كارتىنىسىنى نەق مەيداندا يېقىندىن كۆزىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىگىلەش ئىدى. ئەمما ئىچىمەي ئولتۇرۇپ ھاراق سورۇنىنى كۆزىتىش تولىمۇ تەسكە چۈشتى.*

*ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي شىنخۇا يولىغا جايلاشقان كاتتا رېستوراننىڭ ئايرىمخانىسىدىن چىققىنىم، سورۇن ئىگىسىگە رەھمىتىمنى بىلدۈرۈپ مېڭىپ كەتتىم. كەتكىنىمدەك، بۇنىڭكى سورۇندا ئىنچىكىلەپ دىققەت قىلىشىمغا ئەرزىيدىغان بىر نەچچە خىل ئەھۋال كۆزگە چېلىقتى: بىرىنچىسى، مېھمانلارنىڭ غىرق مەست بولۇپ تۇرۇپ تاماققا «ئامىن» دەپ دۇئا قىلىشى؛ ئىككىنچىسى، سورۇندىكى ئىچمەيدىغان بىر- ئىككى مېھماندىن باشقىلارنىڭ (مېنىڭ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىززەت بىلەن بېرىپ باشلىققا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ھاراق تۇتۇشى، ئەمما باشلىقنىڭ ئۇلارغا ھاراق تۇتماسلىقى؛ ئۈچىنچىسى، باشلىق جالال شوپۇرىغا بۇيرۇپ X.Oماركىلىق چەت ئەل ھارىقىنى سورۇنغا ئەكەلگۈزگەندە، نەچچەيلەننىڭ ھاراقنى ھەۋەس بىلەن سىلاپ كېتىشى ۋە ئىچىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ئاغزىنى تامشىتىپ، سوزۇپ تۇرۇپ ئىچىشى؛ تۆتىنچىسى، مېنىڭ سورۇندا باشتىن- ئاخىر ئىچمەي، چەكمەي، ھېچكىمگە ھاراق سۇنماي ئولتۇرۇشۇمدىن ئىچى پۇشقان باشلىقنىڭ: «يا ئىچمىسىگىز، يا چەكمىسىگىز، سىزنى قانداق ئەر كىشى دەيمىز!» دەپ چاقچاقلا يولىپ چىقىۋېلىشى .*

ئادەملەر ئۆزىنى جەمئىيەتنى بەك چۈشىنىۋېتىدىغاندەك

ھېس قىلىدۇ. ئەمما، بۇ ــ بىر خىل خاتا تۇيغۇ. بەلكىم نۇرغۇن ئوقۇرمەن «شەھەر ۋە يېزا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كۆپ ئۇچرايدىغان بۇ كۆرۈنۈشنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. ئەمما، ئىجتىمائىيەت تەتقىقاتچىلىرى ھەممىگە نورمال، تەبىئىي بىلىنىپ كەتكەن ئۇششاق تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىغا قىزىقىدۇ ۋە كۆپىرەك «نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟» دەپ ئەمەس، «نېمىشقا بۇنداق بولمايدۇ؟» دەپ سوئال قويىدۇ. داڭقان پۇتى سوئالىدىن كىشىلەرگە ئاددىي تۇيۇلغان رېئاللىقنىڭ كەينىدىكى ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى ئىزدەشكە تىرىشىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ۋەزىپىسى سۆكۈش ئەمەس، بىراۋغا گۇناھ ئارتىشمۇ ئەمەس، بەلكى ئادەت كۈچىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، مۇرەككەپ تۇرمۇش قاتلاملىرىنىڭ ئۆركەشلىرىدە نېمە بارلىقىنى ئېچىپ بېرىش. بىز يۇقىرىقى نۇقتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا، ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىرىماي، ئاۋۋال مۇنداق بىر قانچە داڭقان پۇتى سوئالىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالدىغا تاشلاپ باقايلى: بىرىنچى، مېھمانلار نېمە ئۈچۈن مەست بولۇپ تۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشنى ئۇنتۇمايدۇ؟ ئىككىنچى، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە ئەسلىدىن مۇرەسسەگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ئىككى سىمۋوللۇق بەلگە ــ ھاراق بىلەن دۇئا قانداقسىگە بىر سورۇندا كۆزگە چېلىقتى؟ ئۈچىنچى، نېمە ئۈچۈن باشلىق باشقا مېھمانلارغا ھاراق تۇتمايدۇ؟ تۆتىنچى، ئەگەر ئاشۇ سورۇنغا چەتئەلنىڭ X.O ھارىقى ئەمەس، باشقا ئادەتتىكى ھاراق قويۇلغان بولسا، مېھمانلار ئۇ ھاراقلارنىمۇ ئەنە شۇنداق ھەۋەس بىلەن سىلاپ كېتەرمىدى ياكى تىلىنى تامشىتىپ تۇرۇپ ئىچەرمىدى ؟ يۇقىرىقى سوئاللار قارىماققا داڭقان پۇتىدەك، كۈلكىلىكتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما، بىز ئوقۇرمەنلىرىمىزنى ماقالىنىڭ بېشىدىلا پىكىر قىلىشقا ئۈندەش مەقسىتىدە تېمىنى ئېنىق، ئوچۇق، لوگىكىلىق مۇھاكىمىلەر بىلەن يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق داڭقان پۇتى، تومتاق سوئال قويۇشقا مەجبۇرمىز .

ئىجتىمائىي تۇرمۇش سىمۋوللۇق بەلگىلەر بىلەن تولغان. بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، ئىجتىمائىي ئالاقىدە سىمۋوللۇق بەلگىلەر ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئورنىمىزدىن، يۈرۈش ـ تۇرۇشىمىزدىن ۋە يەنە كىملىكىمىزدىن بېشارەت بېرىمىز، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ كىملىكىنىمۇ سىمۋوللۇق بەلگىلەر ئارقىلىق چۈشىنىمىز. مەسىلەن، سىمۋوللۇق بەلگە بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك، ئۇيغۇرلار ئەتراپىدا ــ ئۆزى بىلەن بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئۆزىگە خاس ئادەتلەر بىلەن ياشاۋاتقان ۋەتەنداش مىللەتلەرنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىلىرىدىن پوجاڭزا ئېتىشنى خەنزۇلارنىڭ، «قىز قوۋار» ئويۇنىنى قازاقلارنىڭ، ئادىنوشكىنى تاتارلارنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىگە باغلاپ چۈشىنىدۇ. باشقا ۋەتەنداش مىللەتلەرمۇ ۋە ئۇيغۇرنى بىلىدىغان چەت ئەللىكلەرمۇ ئۇيغۇرلارنى بەلگىلىك سىمۋوللۇق بەلگىلەر ئارقىلىق تونۇيدۇ. خەنزۇلارنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغان چەت ئەللىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت كىملىكى دائىرىسى ئىچىدىكى دىنىي كىملىكى مۇسۇلمان. ھەر يىلى قۇربان ھېيت، روزا ھېيت كېلىش ھارپىسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھېيتلىق دەم ئېلىش توغرىسىدا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ۋە «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق ئورگان گېزىتلىرىدە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىنتېر تورلىرىدا ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ «مۇسۇلمان ئاممىسى» دېگەن گەپنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي كىملىكىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ھۆكۈمەتمۇ، خەنزۇلارمۇ ۋە ئۇيغۇرنى بىلىدىغان چەت ئەللىكلەرمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ .

ئەمدى بىز ئازراق ئىچكىرىلەپ يۇقىرىقى سورۇندىكى بىر قانچە سىمۋوللۇق بەلگىنى ساناپ باقايلى. بىرىنچىسى ھاراق؛ ئىككىنچىسى دۇئا؛ ئۈچىنچىسى X.O ھارىقى؛ تۆتىنچىسى، باشلىققا ھاراق سۇنۇش؛ بەشىنچىسى، «ئەرلىك» ئۆلچىمى. ئەمدى بىز بۇ كىملىك بەلگىلىرىنى ئوخشاش بىر نۇقتىدا قويۇپ كۆزەتسەك ۋە «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر» (ئەنۋەر سەمەد قورغان، 2007)، «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» (ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا، 1999)، «ئۇيغۇرلاردا ئەدەپ ۋە ئەخلاق» (مۇھەممەد ئوسمان ھاجىم، 2003 )، «ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى» (ئىسرائىل يۈسۈپ، 2006) قاتارلىق فولكلور، مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن جاۋاب ئىزدىسەك، ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تارىخىدا ھاراق سورۇنىدا دۇئا قىلىشقا ئائىت ھېچقانداق ئۇچۇرنى تاپالمايمىز. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىدە مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان ھاراق بىلەن دۇئادىن ئىبارەت ئىككى سىمۋوللۇق بەلگە بۇ يەردە شەھەر ئۇيغۇرلىرىدىكى زىددىيەتلىك كىملىك (Ambivalent Identity, 矛盾认同)نى ئاشكارىلايدۇ. بىز يۇقىرىقى كۆرۈنۈشكە ئادەتلەنگەن نەزەر بىلەن ئەمەس، بىر چەت ئەللىكنىڭ ياكى جەمئىيەتشۇناسنىڭ كۆزى بويىچە قارىساق، چۈشىنەلمەيمىز ۋە مۇجمەللىك ھېس قىلىمىز. توغرىسى، ئالدىمىزدا بىر توپ مۇجمەل، زىددىيەتلىك ئادەم پەيدا بولىدۇ. ئەمدى بىز سوئال قويىمىز: مۇجمەل ئادەم ۋە زىددىيەتلىك كىملىك نېمىنىڭ مەھسۇلى؟ بىز بۇ باش سوئال ئاساسىدا «شەھەر ئۇيغۇرلىرى ئىجتىمائىي ئالاقىدە نېمە ئۈچۈن زىددىيەتلىك كىملىكى ۋە مۇجمەل خاراكتېرىنى

ئاشكارىلايدۇ؟ قانداق ئاشكارىلايدۇ؟ زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ ئۇيغۇر رېئاللىقىغا كۆرسەتىدىغان تەسىرى نېمە؟ بۇ ھادىسىنىڭ ئىجتىمائىي يىلتىزى نېمە؟» دېگەندەك يانداش سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشىمىز. تەتقىقات سوئالىنى تاپقانىكەنمىز، شۇ سوئالنى يورۇتۇپ بېرىشكە ماس كېلىدىغان تەتقىقات مېتودلىرىنى تاللاش كېرەك. زىددىيەتلىك كىملىك ۋە مۇجمەل ئادەم دېگەن باش تېما سىمۋوللۇق ئالاقىلەردە نامايان بولىدىغان زىددىيەتلىك بەلگىلەر ۋە مەنىلەرنى تەكشۈرۈشنى تەقەززا قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ ماقالىدە «سانلىق مىقدار مېتودى» (定量研究方法,Quantitative Approach)دىن كۆرە، «سۈپەت تەتقىقاتى»(质量研究, Qualitive Approach) نىڭ تارماق مېتودلىرىدىن بولغان «ياندىن كۆزىتىش» (参与性观察 ,Participant Observation)، «زىيارەت قىلىش» (访问 ,Interview)، «پاراڭ تەھلىلى» (话语分析 ,Discourse Analysis) ۋە شەخسنىڭ بىۋاستە باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى تەھلىل ئوبيېكتى قىلىدىغان «ھايات كەچمىشى» (生活史,Life History ) قاتارلىق بىرنەچچە ئۇسۇلدىن ئارىلاش پايدىلىنىمىز.

زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ ئۇيغۇر رېئاللىقىدا ئىپادە بولىدىغان، بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان پەرقلىق ئىپادىلىرىنى تەھلىل قىلىشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، ئۇيغۇر تۇرمۇش كارتىنىسىدىن خەۋەر بېرىدىغان بەزى ئۈچۈرلارنى ــ ئۇرۇمچىدىكى بىر- ئىككى تونەكخانا (دىبا)دا ياندىن كۆزىتىش ئۇسۇلى بويىچە يىغقان ماتېرىياللىرىمىزنى، 2008- يىلى مىلاد بايرىمى ئۆتكۈزگەن بەزى شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىلىرىنى، ئۇرۇمچى شەھىرىدە بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ ئىت يېتىلەپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى، ئامېرىكا ئەلچىخانىسى تەرىپىدىن ئىسمى ئەرەبچە بوپقالغانلىقى ئۈچۈن ۋىزىسى رەت قىلىنغان ئابدۇللا ئىسىملىك ئۇيغۇر يىگىتنىڭ كەچۈرمىشىنى، ئۆزۈمنىڭ ھاۋاي ھونولۇلۇ ئايروپورتىدا زىددىيەتلىك كىملىكتىن دالالەت بەرگەن قىسقا سەرگۈزەشتەمنى، ئاللانىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ۋە ھازىرغىچە تۇنجى يىگىتنى ئۇنتۇيالماي، ئۇنى «دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل ئەر» دەپ قارايدىغان بىر پاھىشىنىڭ ئاغزاكى بايانىنى ۋە «بىز مۇسۇلمانمۇ- ئۇيغۇرمۇ؟» دېگەن تېمىدا ئۆتكەنكى مەزگىللەردە ئىنتېرتورلىرىدا بولۇنغان مۇنازىرىنىڭ مۇھاكىمە نۇقتىلىرىنى تەھلىل قىلىمىز ھەم ئۇرۇمچىدە ئوخشىمىغان ياشتىكى، ئوخشىمىغان ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە شەھەر ئۇيغۇرلىرىنى زىيارەت قىلىپ ئالغان ئىنكاسلىرىمىزنى تەھلىلىمىزگە ياندىشتۇرىمىز. ماقالىنىڭ نەزەرىيىۋى تەھلىل بۆلىكىدە زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ يىلتىزى ۋە ماھىيىتىنى

جەمئىيەت پسىخولوگىيىسى، ماكرو جەمئىيەتشۇناسلىق، مىكرو جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق كۆپ قىرلىق نۇقتىدىن تۇرۇپ كۆزىتىمىز، مۇھاكىمە قىلىمىز؛ ئاندىن ئۇيغۇر تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى يېشىپ بېرىدىغان جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىلىرىنى چىقىشتۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ھۆكۈملىرىمىزنى ئوتتۇرىغا تاشلايمىز؛ ئاخىرىدا تەتقىقاتىمىزدىكى چەكلىمىلىكلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، بۇ تېمىدا بۇنىڭدىن كېيىن ئىزدەنگۈچىلەرگە پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن بەزى تەكلىپلىرىمىزنى بېرىپ، خۇلاسىگە ئۆتىمىز.

## 2. سىمۋوللۇق ئالاقىدە زىددىيەتلىك كىملىك

*ئۇيغۇر شەھەر تۇرمۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش(2)*

### قۇربان ھېيت كۈندىكى ئىزتىراپلىرىم

*2008 ـ يىللىق قۇربان ھېيت ئۇرۇمچىدە زىمىستان قىشقا توغرا كەلدى. بۇ مېنىڭ قىشلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ ئۇرۇمچىگە كەلگەن ۋاقتىم ئىدى. ھېيت نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن بارغىنىمدا، «غالىبىيەت» يولىدىكى «بىرىنچى ئۇيغۇر جامەسى»نىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئورۇن قالمىغانىدى. جايىنامازنى يولغا سېلىپ ناماز ئوقۇشقا توغرا كەلدى. ئىمامنىڭ «سەيراس» دېيىشى بىلەن ئەمدىلا دىققىتىم تۇرۇشۇمغا، بىر ئۇيغۇر يىگىتنى قىستىلىپ كېلىپ يېنىمدا تۇرۇۋالدى. يىگىتتىن گۇپۇلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى. ئالدىنقى ئاخشىمى ئېغىر ئىچكىنى ئېنىقكەن ئىدى. مەستلىكى تېخى يېشىلمىدىمۇ ياكى ناماز تەرتىپىنى بىلمەمدۇ، ئەيتاۋۇر، يىگىت جايىدا جىم تۇرالمايتتى. قول باغلاپ تۇرۇشتا تېگىشلىك دەقىقىلەردە بىردە چېچىنى سىلايتتى، بىردە ئالدىغا، يېنىغا قاراپ باشقىلارنىڭ قانداق ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى كۆزىتەتتى. ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان ھاراق پۇرىقى خېلى كۈچلۈك ئىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭغا تېلېفون كەلدى. ئۇ، يانفونىنى بېسىۋاتتى.*

*قۇربان ھېيت شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىدىكى زىددىيەتلىك نۇقتىلارنى كۆزىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى بولغاچقا، قۇربان ھېيتنىڭ تۇنجى كۈنى كەچتە ۋاقتىنى جىق تۇتۇپ جەمئىيەت كۆزىتىشكە چىقتىم. ئوتتۇرا ياشلىق شەھەر ئۇيغۇرلىرىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئۇرۇمچىدە يېڭى ئېچىلغان «يېڭى رۇس كۈيلىرى تونەكخانىسى»نى، ئۇنىۋېرسىتېت يېنىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئۇرۇمچى «خۇاڭخې» يولىدىكى «كاپانا تونەكخانىسى»نى تاللىدىم. بىخەتەرلىكنى ۋە باشقا سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر ئاغىنەمنى ئېلىۋالدىم. «يېڭى رۇس كۈيلىرى تونەكخانىسى»دا تاماق بۇيرۇتۇۋېتىپ بىر ئىشنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقىدىم: بۇ تونەكخانىغا ئاساسەن ئۇيغۇرلار كېلەتتى، ئوتتۇرا ئاسىيالىق مېھمانلار ۋە خەنزۇ مېھمانلارنى كۆزدە تۇتۇپ كۆڭۈل ئېچىش نومۇرلىرى رۇسچە، خەنزۇچە ئېلان قىلىناتتى. ئەمما، قىزىق يېرى، قورۇما تىزىملىكىدە ئۇيغۇرچە خەت يوق ئىدى. مېھمانلار ئۇيغۇر، لېكىن قورۇما تىزىملىكىدە، تونەكخانا ۋىۋىسكىسىدا ئۇيغۇرچە*

www.uyghurkitap.com

خەت يېزىلمىغان. رىياسەتچى سورۇن باشلىنىش ئالدىدا مېھمانلارنىڭ قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلىدى ۋە ئەرەب ئارىلىقىدا «مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ قۇربان ھېيتىنى... ئۇلۇغ ئاللادىن .. تىلەيمىز» دېگەن گەپلەرنى ئالاھىدە ئۇرغۇلۇق ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ سۆزىدىكى«ئۇلۇغ ئاللا، مۇسۇلمان» دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ ئېيتىلىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلدىم. ئارىدىن بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇيغۇر مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى شىرەلەرنى كۆزەتتىم. ئاياللار ئولتۇرغان ئۈچ - تۆت شىرەدىن باشقا ھەممە شىرەگە ھاراق ياكى پىۋا قويۇلغان. سورۇن ئۆرچىگە چىقىپ راسا قىزىغاندا مۇنداق بىر نەچچە ئۇقىنا كۆزۈمگە چېلىقتى: بىرى، چەمبەر ھاسىل قىلغان بىر توپ ئۇيغۇر قىزىنىڭ ئەسەبىيلىك بىلەن دىسكو ئويىنىشى ۋە چاچلىرىنى ئېچىپ تۇرۇپ بېسىلىپ ياتقان جىنسىي تۇيغۇلىرىنى ھەرىكەتلىرىدە ئاشكارىلىشى؛ ئىككىنچىسى، چىرايىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرەر دۆلەتتىن كەلگەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئۈچ- تۆت چەت ئەللىكنىڭ تۇرغان يېرىدىن ئاستا- ئاستا سۈرۈلۈپ، قىزلارنىڭ سېپىغا قېتىلىشى. بىر چەت ئەللىك يىگىتنىڭ ئارىدىكى شوخ بىر ئۇيغۇر قىزى بىلەن بىقىشىپ، كىرىشىپ دىسكو ئويىنىشى. ھەممە شۇنداق بېيىرۋا، شۇنداق خاتىرجەم.

«كابانا تۆنەكخانىسى»غا ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 11 بىلەن يېتىپ باردۇق. تونۇش - بىلىشلىرىمىزدىن ئاڭلىغىنىمىزدەكلا، بۇ تۆنەكخانىغا كېلىدىغانلارنىڭ تەخمىنەن تولىسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەك قىلاتتى. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر. بوكىرىدە، پۇل ئالىدىغان يەردە نەچچە خەنزۇ بالا ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. كۈتكۈچىلىك قىلىدىغان بىر ئۇيغۇر بالا ئىچىملىك تىزىملىكىنى ئالدىمغا ئېلىپ كەلدى. قىزىق يېرى، بۇ يەردىكى تىزىملىككە ئۇيغۇرچە خەت يېزىلمىغانىدى. مەن نەرسە- كېرەك بۇيرۇتۇپ بولۇپ، كۈتكۈچى بالىدىن سورىدىم:

— ئۇيغۇر خوجايىن ئاچقان يەرمۇ بۇ؟

— ياق، خوجايىنىمىز خەنزۇ، — كۈتكۈچى بالا بوكىري تەرەپكە قاراپ ماڭدى. مەن سەھنىگە قارىدىم. كىچىك قىزلار ئۇسسۇللىرىنى قىلىق چىقىرىپ، نازاكەتلىك ئويناشقا تىرىشاتتى.

ئەمدى يېنىك، لەرزان مۇزىكا باشلاندى. ياش بالىلار جۈپ- جۈپ بولۇپ تانسىغا چۈشتى. بەزى جۈرئەتلىك قىزلار يىگىتلىرى (مەن شۇنداق دەپ پەرەز قىلدىم)نىڭ بويۇنلىرىدىن قولىنى ئۆتكۈزۈۋالغان، بەزىلىرى چاپلىشىپ دېگۈدەك ئويناۋاتاتتى. ئۇدۇلۇمدا ئىككى جۈپ قىز- يىگىت ئولتۇراتتى. بۇ ئىككى قىزنىڭ ھاراقنى دەھشەت كۆتۈرگىنىگە ھەيران قالدىم. يىگىتلىرى ھاراق تەڭلىيەتتى، قىزلار ئالاتتى. سائەت 12 بولدى. ئاغىنەم ئىككىمىز قايتىش ئۈچۈن چاپانلىرىمىزنى كىيىپ سىرتقا ماڭدۇق. چىقىپ كېتىش ئالدىدا كاللامدىن ئالدى بىلەن: «ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىدەك كۆرۈنىدىغان بۇ بالىلار كېچىدە نەگە بارىدىغاندۇ؟» دېگەن خىيال ئۆتتى. چۈنكى، مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ياتاق بىنالىرى سائەت ئونلار بىلەن تاقىلىپ بولاتتى.

شەھەرلىشىش، يەرشارىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، ئىجتىمائىي كونترول ۋە خىلمۇخىل ئىدېئولوگىيىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزلۈك تۇيغۇسىدا تۇتۇرۇقسىزلىق، كىملىك تۇيغۇسىدا زىددىيەت كۆرۈلۈشكە باشلىدى. شەھەر ئۇيغۇرلىرى كۆپ خىل كىملىك ئېھتىياجىغا بىرلا ۋاقىتتا دۇچ كېلىپ، دۆلەت كىملىكى جەھەتتىن جۇڭگولۇق، دىنىي كىملىك نۇقتىسىدىن مۇسۇلمان، مىللىي كىملىك جەھەتتىن ئۇيغۇر بولۇشتەك كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كىملىكى ئىچىدە، كۆپ قاتلاملىق رېئاللىقتا ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي كارتىنىسىنى يارىتىشقا تىرىشتى. كۆپ مىللەتلىك، كۆپ مەدەنىيەتلىك شەھەر جەمئىيىتىدە ئۇلارنىڭ رېئاللىقنىڭ ئوخشىمىغان ئېھتىياجلىرىغا ئىنكاس قايتۇرۇشى، تاقابىل تۇرۇشىغا توغرا كەلدى. بۇ جەرياندا تەبئىي ھالدا بەزى زىددىيەتلىك تېگىرقاشلار كېلىپ چىقتى. بۇ ھال شەھەر جەمئىيىتىدە مۇجمەل ئادەم، زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئىجتىمائىي ئاساس ھازىرلىدى ۋە مەلۇم مەنىدىن شەھەر ئۇيغۇرلىرىنى خىلمۇخىل ئىدېئولوگىيە تەلىپى، ئوخشىمىغان قىممەت قارىشى ئاساسىدا مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئىجتىمائىيەت، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېزلىشىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى، تۇرمۇش، ئەخلاق مىزانلىرىدا كۆرۈلگەن تەۋرىنىش ھەم زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدە (گەرچە بۇ شەكلەن زامانىۋىلىشىش بولسىمۇ) ھەرقانداق مىللەت ساقلىنالمايدىغان دىلغۇللۇق كىشىلەرنىڭ كىملىكىدىكى زىددىيەتلىك نۇقتىلارنى، مۇجمەل ئادەملەرنى ئاۋۇتسا، رېئاللىقتىكى ئىلاجسىزلىق تۇيغۇسى ھەتتا بەزىلەردە ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىدىن ئەپسۇسلىنىدىغان ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

قۇربان ھېيت نامىزىغا مەستلىكى تولۇق يېشىلمەي كەلگەن يىگىتمۇ، تۆنەكخانىلاردا قۇربان ھېيتنىڭ تۈنجى كۈنىدە ئىچىشىۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ مۇرەسسەگە كەلمەيدىغان سىمۋوللارنى بىرلا ۋاقىتتا ئىپادە قىلىپ، زىددىيەتلىك كىملىكنى نامايان قىلىدۇ. دىنىي كىملىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مۇسۇلمان بولۇش ھاراق ئىچىشكە بولمايدۇ دېگەنلىكتۇر؛ ھاراق ئىچىپ بولۇپ دۇئا قىلىشقا بولمايدۇ دېگەنلىكتۇر. لېكىن، ئۇ زىددىيەتلىك كىملىكلەر شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ رېئاللىقىدا بىرلا ۋاقىتتا نامايان بولىدۇ ۋە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىدۇ. بىز ئاۋۋال بۇ بايانىمىزغا دەلىل تېپىش ئۈچۈن ھاراق ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەك- ئىچمەك مەدەنىيىتى توغرۇلۇق بايانلار تېپىلىدىغان مەنبەلەرگە قاراپ باقايلى، «ئى مۇئمىنلەر، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش پاسكىنا

قىلىقلاردۇر. شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى. سىلەر ئەمدى هاراقتىن يانمامسىلەر؟»(سۈرە مائىدە، 15 ـ سۈرە 90 ـ ، 91 ـ ئايەتلەر)، «ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار هالاكەتكە باشلىماڭلار.» (سۈرە بەقەرە، 22 ـ سۈرە)[1] «هاراق پاراكەندىچىلىكنىڭ ئاچقۇچى، بالا ـ قازانىڭ سەۋەبچىسىدۇر. هاراق ھەممە ئەسكىلىكنىڭ مەنبەسىدۇر.»[2] «هاراق بارلىق جىنايەتنىڭ مەنبەسى، ئىجتىمائىي ھەرەز. هاراقكەشتىن ئاۋۋال خۇدا بىزار، ئىككىنچىدىن پەيغەمبەر بىزار، ئۈچىنچىدىن پەرىشتىلەر بىزار، تۆتىنچىدىن، جىمى ئەل ـ يۇرت بىزار.»[3] ئەنۋەر سەمەد قورغان «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر» ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە هاراقنىڭ نېمىشقا پەرھىز قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق مۇنداق يازىدۇ: « ئۇيغۇرلار كۈچلۈك مەست قىلىش رولىغا ئىگە ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن پەرھىز قىلىدۇ... ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىش چەكلەنگەن... مەيلى ئىلگىرىكى دەۋرلەر بولسۇن ياكى هازىر بولسۇن، ئاياللارنىڭ هاراق ئىچىشى ئىنتايىن ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىپ قاتتىق چەكلەنگەن ۋە چەكلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.»[4]

دۇئا بىلەن ئاخىرلاشقان هاراق سورۇنىدا جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تۇرۇپ قىلىدىغان ئىككىنچى بىر مۇهاكىمە نۇقتىسى بار. ئۇ بولسىمۇ باشقىلارنىڭ باشلىقتا هاراق تۇتۇپ، باشلىقنىڭ سۆكۈتتە ئولتۇرۇشى. بۇ يەردە ئىشخانىدا، مەمۇرىي ئورگانلاردا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدىغان بيۇروكراتلىقنىڭ، توغرىراقى سىياسىينىڭ كۆلەڭگىسى ئەكس ئېتىدۇ. بۇ ـ سىياسىيلاشقان ھەرىكەت (political behavior) بولۇپ، سىياسەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىيلىشىش ئورىنتىسىدا بۇنىڭغا خاس هالدا ئۆزلۈك يېتىشتۈرگەن باشلىق ئون نەچچە ئۇيغۇر ئولتۇرغان سورۇندا زىددىيەتلىك كىملىكنى سىمۋوللۇق ئۇسۇللار بىلەن نامايان قىلىۋاتىدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىن ئىجتىمائىيلىششىدۇر. بۇ ئاخىرى بېرىپ ئۆزىنىڭ ئەڭ تۆپكى ئىنسانلىق ئۆلچىمى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى بىلەن زىتلىشىۋاتىدۇ. بەزى ئورگانلاردا، يىغىنلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان باشلىققا هاراق تۇتۇش ھەرىكىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىش ھەرىكىتى بىرلا ۋاقىتتا سىمۋوۋللۇق يوسۇندا پەيدا بولۇپ، بىر خىل زىددىيەتلىك رېئاللىقتىن بېشارەت بېرىۋاتىدۇ.

«يېڭى رۇس كۈيلىرى تۇنەكخانىسى» (توغرىراقى ـ «ئىشرەتخانىسى» ـ مەسئۇل مۇھەررىردىن) دا رىياسەتچى شۇ كۈنىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي مۇراسىم كۈنى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ ۋە «ئاللا، ئۇلۇغ قۇربان ھېيت» دېگەن گەپلەرنى ئۇرغۇلۇق ئېيتىدۇ. ئەمما هايال ئۆتمەي كۈلكىلىك تۇستە، «ئاللا، مۇسۇلمان» دېگەنگە ئوخشاش دىنىي تۈسكە ئىگە سىمۋوللار بىلەن كومېدىيىلىك سېلىشتۇرما پەيدا قىلىپ، ئىچىشۋازلىق باشلىنىدۇ؛ شەھۋانىي تۇيغۇنى ئاشكارىلايدىغان ئەسەبىي دىسكولار ئوينىلىدۇ. «خۇاڭخې» يولىدىكى «كابانا تۈنەكخانىسى»دا ئەھۋال باشقىچە. يىگىتلەر «قىز دوستلىرى» غا هاراق تۇتىدۇ، قىزلار هاراقنى قايتۇرماي ئىچىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، بىرىنچى كۆرۈنۈشتىكى چەت ئەل هارىقىنى ھەۋەس بىلەن ئىچىۋاتقانلارمۇ، «كابانا تۈنەكخانىسى»دىكى قىزىل هاراقنى قايتۇرماي ئىچىۋاتقان قىزلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ خىيالىدىكى، تەسەۋۋۇرىدىكى كىملىكنى نامايان قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. ياۋروپا ئۇرۇمچىدىن تولىمۇ يىراق. ئەمما، بەزى ئۇرۇمچى ئۇيغۇرلىرى تېلېۋىزوردىن، كىنولاردىن، رومانلاردىن ياۋروپالىقلارنىڭ قىزىل هاراقنى سۇمۇرۇپ تۇرۇپ نازاكەتلىك بىر يوسۇندا ئىچكىنىنى كۆرگەن ۋە چىن رېئاللىقتا ئۆزلىرىنى ئەنەشۇنداق «مەدەنىيەتلىك» كۆرسىتىشكە تىرىشقان. بۇ خىل روھىي هالەتنى فرانسىيە جەمئىيەتشۇناسى ژان بورىدلىيارد «مېدىيە ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرىدە نۇسخىلانغان سۈنئىي رېئاللىق»[5] دەپ ئاتىسا، كىملىكنى سىمۋوللۇق ئالاقە نۇقتىسىدىن كۆزىتىشنى تەكىتلەيدىغان ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلىرىدىن مېككال بىلەن سىممونس مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ئۆز نۆۋىتىدە بىر چۈش كۆرگۈچى، غايىۋىلىك ئىچىدە ياشايدىغان بىر مەخلۇق، ئۆزىنى خىيالىدىكى غايىۋى ئوبراز ئۈچۈن بېزەپ كۆرسىتىدىغان مەخلۇق. ئۇ، هاياتتا رول ئېلىپ ياشايدۇ. لېكىن، بۇ ئاسان ئىشقا ئاشمايدۇ. ئۇ، خىيالىدىكى ئۆزىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيادىن غايىسىگە يېقىنلىشىپ كېتىدىغان ئۇچۇرلارنى قىدىرىدۇ، قىياس قىلىدۇ، ئاندىن ئېرىشكەنلىرىنى مۇقىمسىز بازاردا تەجرىبە قىلىدۇ.»[6]

*ئۇيغۇر شەھەر تۇرمۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش(3)*

*ملاد بايرىمىدىكى ئۇيغۇرلار*

*2008 ـ يىللىق ملاد بايرىمى (ئىلگىرى روژدېستۋو بايرىمى دەپ ئېلىپلاشقان) ئۈرۈمچىدە قاتتىق تۇمانلىق بىر كۈنگە توغرا كەلدى. ملاد بايرىمىنىڭ هارپىسىدا ئۇيغۇرلار كىرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بىر قانچە رېستوران، تۈنەكخانىنى كۆزەتتىم. جەنۇبىي قوۋۇق (نەنمېن) بىلەن داشىزى(تۆت كوچا) ئارلىقىدىكى خەنزۇ خوجايىنلار ئىگىدارچىلىق قىلغان قاۋاقخانىلارنىڭ بىرسىدىمۇ ئورۇن قالمىغان. بەزى قاۋاقخانىلاردا بېشىغا ملاد بوۋايىنىڭ باش كىيىمىنى*

كېيىۋالغان ئۇيغۇر يىگىتلەرنى، مەلەي بايرىمىغا خاس ھالدا تولۇق خرىستىئانچە كىيىنگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مۇسۇلمانچە بىر كاتتا رېستوراننىڭ ئالدىدىن ماشىنىلىق ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مەلەي بوۋاينىڭ رەسمى قىلىپ، رېستوراننىڭ چوڭ يولغا قارايدىغان دېرىزىسىگە چاپلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆردۈم. يېڭى ئېچىلغان يەنە بىر مۇسۇلمانچە كاتتا رېستوراننىڭ ئالدىغا كەلدىم. رېستوران ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە «قۇربان ھېيتىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن» دەپ خەنزۇچە خەت يېزىلغان (قۇربان ھېيت ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئىككى ھەپتىچە بولغانىدى)، رېستوران پەلەمپىيىنىڭ ئىككى يېنىغا مەلەي دەرىخى قويۇلغان. يەنە بىر مۇسۇلمانچە كاتتا رېستوراننىڭ پەلەمپىيىدە ئۆزۈمنى ئورۇن تاپالمايۋاتقان خېرىداردەك كۆرسىتىپ، سوختاندىن چىققۇاتقان بىر ئۇيغۇر قىزدىن ئەتەي سورىدىم:

— نېمانداق ئادەم جىق بۈگۈن!

— بۈگۈن دېگەن پىڭ ئەن يې (تېنچلىق كېچىسى) تۇرسا، — دېدى قىز ۋە «نېمانداق مەتۇ ئادەم بۇ!» دەپ ئويلىدى بولغاي، باش- ئايىغىمغا بىر قۇر قاراۋەتكەندىن كېيىن ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئۇيغۇر شەھەر تۇرمۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش (4)

## ئىت يېتىلۋالغان ئۇيغۇر ئايال

2009-يىل ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىنىم بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ «يەنئەن» يولىدا كېتىۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىز ئالدى تەرىپىمىزدىن زاڭخۇ ئىتى يېتىلەپ، بىر قولىدا كىچىك بىستە كۆتۈرۈۋالغان بىر ئۇيغۇر ئايال چىقىپ كەلدى. ئايال 50 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇپ، يۈزۈر كىيىنگەنىدى. يېتىلىۋالغان ئىت بەك يوغان بولغاچقا، دەسلەپتە كۆزۈمگە بۆرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. يېقىن كەلگەندە سەپسېلىپ قارىساق، ئۇ ئايالنىڭ يېتىلىۋالغىنى بەدەنلىرى تاسمىدا قاتمۇ قات باغلانغان زاڭخۇ ئىتى ئىكەن. ئايال يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قولىدىكى بىستىسىنى سوزۇشكىمۇ ئۈلگۈردى.

— سۈرەتكە تارتىۋالغۇدەك كۆرۈنۈش ئىكەندۇق، — دېسەممەن.

— ئەمەسە مەن بېرىپ دەپ باقاي، — دېدى ئىنىم ۋە ئارقىسىدىن يېتىشىپ بېرىپ سىپايە ئاھاڭدا ئۇ ئايالدىن سۈرەتكە تارتىشقا بولىدىغان- بولمايدىغانلىقىنى سورىدى.

— ئۇي بۇچى، ۋو مېيۇ شىجيەن (كەچۈرۈڭ، ۋاقتىم يوق)، — دېدى ئۇيغۇر ئايال خەنزۇچە. ۋە شۇنداق دېگىنىچە يىراقلاپ كەتتى.

يۇقىرىقى ئىككى كۆرۈنۈشتىن بىز مۇنداق بىر داڭقان پۈتى سوئال قويۇپ باقايلى: بىر ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ھەم مۇسۇلمان ھەم خرىستىئان بولالامدۇ؟ ئاندىن بىز يەنە ئىلگىرىلەپ: «ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگەن بىر چەت ئەللىك مۇسۇلمان بولۇۋېلىشى، قۇربان ھېيت ئۆتكۈزۈشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سوئال قويساق، يۇقىرىقى ئىككى كۆرۈنۈشنىڭ قانداق رېئاللىقتىن دېرەك بېرىدىغانلىقى سەل ئاشكارا بولىدۇ. ئىت يېتىلىۋالغان ئۇيغۇر ئايال مىسالىغا كەلسەك، «ئىتنى ئاساسەن ئوۋچىلىقتا، پادىچىلىقتا ئىشلەتكەن، ئىت بېقىلسا بەرىكەت قاچىدۇ، ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ، دەپ قارايدىغان»[7] ئۇيغۇرلار ئارىسىغا بۇنداق تۇرمۇش كارتىنىسىنىڭ سىڭىپ كىرىشى، مۇجمەل ئادەم ۋە زىددىيەتلىك كىملىككە سەۋەب بولىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىلنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. يەنى، كىشىلەر دۇنيادىكى تۈزۈك ئورنى يوق ئۇششاق - ئاجىز مىللەتلەرنىڭ بايراملىرىنى، مەدەنىيەتتىكى سىمۋوللۇق بەلگىلىرىنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. ئەمما، كۈچلۈك، زامانىۋى مىللەتلەرنى دورايدۇ، شۇلاردەك بولۇشقا تىرىشىدۇ. بىر تەرەپتىن، بۇ- شۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىدىكى تايانچسىزلىق، مەنىسىزلىك تۇيغۇسىنى غايىۋى ئوبرازغا ئىنتىلىش ئارقىلىق بېسىشقا ئۇرۇنغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. يەنە بىر تەرەپتىن، «لايىقىدا زامانىۋىلىشايلى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى، ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس مارك لىچىنىڭ گېپى بويىچە چۈشەندۈرگەندە، «تەرەققىي تاپمىغان جايلاردىكى كىشىلەر زامانىۋىلىقنى غەربچە بولۇش دەپ چۈشىنىدۇ ۋە غايىسىدىكى ئوبراز بىلەن مۇمكىنسىز رېئاللىقنى ئوتتۇرىسىدا تېپىرلايدۇ.»[8] بىر ئىجتىمائىي توپ ئەنە شۇ غايىسىدىكى ئوبراز ئۈچۈن كۈچىگەندە، ئەسلىدىكى مەدەنىيەت كىملىكى بىلەن قوبۇل قىلىش ئالدىدا تۇرغان مەدەنىيەت كىملىكى ئارىسىدا زىددىيەت كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، ماڭا رېستوران پەلەمپىيىدە ئۇچراپ «بۈگۈن پىڭ ئەن يې تۇرسا» دېگەن ئۇيغۇر قىزى ئائىلىسىدە، ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىدا تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىشى؛ خىزمەت ئورۇنلىرىدا مۇسۇلمان بولمىغان بىرەر خىزمەتدىشىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى تۇغۇپ كەتسە جەسەت كۆيدۈرۈش مەيدانىغا چىقىشى؛ شۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىشى ۋە ھەتتا شۇ كۈنى كەچتە ئۇ يەنە چېركاۋغا بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئىت يېتىلىۋالغان ئۇيغۇر ئايال بولسا بەلكىم پىستىسىنى سۆيگەن لەۋلىرى بىلەن ئۆيىدە قىزى، ئوغلىنى سۆيۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ تامامەن تەسەۋۋۇرغا سىغىدىغان ئەھۋال.

زىددىيەتلىك كىملىككە ئىگە بولۇش دېگەنلىك، يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن ئىستراتېگىيە بەلگىلەپ، رېئاللىققا تاقابىل تۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ماكرولۇق كونتروللۇق، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بۇ جەريانىنى تېزلىتىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا چىن، مۇقىم كىملىككە ئىگە بولۇش قىيىنلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن رېئاللىقتا زىددىيەتلىك كىملىككە ئىگە بىر توپ مۇجمەل ئادەم پەيدا بولىدۇ. بۇ، زىددىيەتلىك قىممەت قارىشى كۆرىشى داۋامىدا ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرى ئۈچۈن ساقلانغىلى بولمايدىغان ھادىسىدۇر. 1998- يىلى

ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس سمېلسېر بۇ ھالغا مۇنداق ئىزاھ بېرىدۇ: «زىددىيەتلىك روھىي ھالەتنىڭ ماھىيىتى— ئوخشاش بىر ئوبيېكتقا، ئادەمگە، سىمۋولغا قارىمۇقارشى پوزىتسىيە تۇتۇش دېگەنلىكتۇر. زىددىيەتلىك كىملىكنى چۈشىنىش بىر جەمئىيەتتىكى شەخسنىڭ ھەرىكىتىنى، ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى ۋە قانداق بىر رېئاللىقتا ياشاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. زىددىيەتلىك كىملىك تېز ئىجتىمائىي، سىياسىي ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا ھامان كۆرۈلىدىغان، ئۇزۇن داۋاملىشىدىغان، ئاسان ھەل بولمايدىغان ھادىسىدۇر... چىن كىملىككە ئىنتىلگەن ئادەم سىياسىي جەھەتتىن، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن ۋە ھېسسىيات جەھەتتىن جىق بەدەل تۆلەيدۇ.»[9] تېز ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر زىددىيەتلىك كىملىككە ئىگە ئادەمنىڭ ئۆزلۈك چۈشەنچىسىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. ئۇنى مەلۇم بىر خىل قىممەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشتىن ماسلىشىشچان بولۇشقا، ئوخشىمىغان ئەھۋاللارغا ئىستراتېگىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ جەرياندا تامامەن پەرقلىق بولغان قىممەت قاراشلىرى زىددىيەتلىك كىملىككە ئىگە ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدا مۇرەسسەگە كېلىپ، ئۇنى ئوبيېكتىپ دۇنياغا لايىقلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، باشقىلارنىڭ ئۆزلۈك يىغىندىسىدىن «يۇغۇرۇلغان ئادەم»(普通他人, generalized other جورجى مېد،1934)[10] پەيدا بولۇپ، كىشى كۆپ خىل كىملىك ۋەزىيىتىگە بىرلا ۋاقىتتا دۇچار بولىدۇ. مەسىلەن، دۇئا بىلەن ئاخىرلاشقان سورۇندىكى باشلىق بىرلا ۋاقىتتا ھەم مۇسۇلمان ھەم ئۇيغۇر ھەم دۆلەت مەمۇرى بولۇپ رول ئېلىۋاتىدۇ ۋە سىمۋوللۇق ئالاقىدە زىددىيەتلىك كىملىكنى نامايان قىلىۋاتىدۇ.

*ئۇيغۇر شەھەر تۇرمۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش (5)*

## ئەرەبچە ئىسىم، رەت قىلىنغان ۋىزا

*ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇللا، ئىسمى ئەرەبچە بولغان بىلەن، ئۆزىنىڭ ئەرەبلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. ئەمما ئۇ GRE,TOEFL قاتارلىق ئامېرىكا ئىمتىھانلىرىدىن ياخشى نەتىجە ئېلىپ ئاسپىرانتلىققا ئوقۇش چاقىرىقىنى تاپشۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئامېرىكا ئەلچىخانىسى تەرىپىدىن ۋىزىسى رەت قىلىندى. بۇ، 2003 - يىلى سېنتەبىر ئايلىرى بولۇپ، ئامېرىكا يېتەكچىلىكىدىكى خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇش ئەۋجىگە چىققان، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دۆلەت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ دۆلەتكە كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋىزا ئېلىش ئۆتكىلىنى قاتتىق چىڭىتىۋاتقان چاغلار ئىدى. رادىكال ئەرەب مۇسۇلمانلار ھەرىكىتى تۈپەيلى تېررورىزم بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان بىر ئۇيغۇر يىگىتى دىنىي كىملىكى مۇسۇلمان، ئىسمى ئەرەبچە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ۋىزا ئالالمىدى.*

*— بۇ ئىشتىن سىزگە ئەڭ تەسىر قىلغان نۇقتا نېمە؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.*

*— بىر ئىشقا كۆڭلۈم كېلىمىدۇ، — دېدى ئابدۇللا، — ئىسمىم ئەرەبچە، دىنىي ئېتىقادىم مۇسۇلمان بولغان بىلەن، مۇسۇلماندارچىلىقنى ئادا قىلىپ كېتىشىم تايىنلىق. ھەيرانمەن، ئۇ ئىشتا ماڭا ئۇۋال بولدى. شۇنچە يىراقتىكى ئىشلارمۇ تەقدىرىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدىكەن. رايىم بىر قايتىپتىكەن، چەت ئەلگە چىقىش ئويىدىن ۋاز كېچىپ تىجارەت قىلىۋاتىمەن.*

*يەنە بىر كۆرۈنۈش (6)*

## مېنىڭ كەچۈرمىشىم

*2008 - يىل 19 - ئاۋغۇست، ئامېرىكا ھاۋاي ھونولۇلۇ ئايروپورتى. ئايروپورتتا چېگرىدىن، تاموژنىدىن ئۆتۈش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىۋېتىپ، كۈتمىگەن بىر ئەھۋالغا يولۇقتۇم.*

*— قولىڭىزدا جۇڭگونىڭ پاسپورتى بار ئىكەن، لېكىن سىز جۇڭگولۇققا ئوخشىمايدىكەنسىز، — دېدى چېگرىدىن كىرىش ئېغىزىدىكى مەسئۇل خادىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشايدىغان مۇسۇلمان مىللەت ئىكەنلىكى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بەردىم. ئۇ ئايال تولىمۇ سىلىق، ئەمما قەتئىي تەلەپپۇزدا بىر مۇنچە سوئال سورىدى. پاسپورتۇمنى، ۋىزامنى بىر- بىرلەپ تەكشۈردى. رەسمىيىتىم تولۇق بولغاچقا، ئەنسىرىمەي تۇراتتۇم. لېكىن ئىچىمدە «مۇسۇلمان بولغانلىقىم ئۈچۈن بەكرەك تەكشۈرۈۋاتامدىكىن» دەپ ئويلىدىم.*

*— ئىسمىڭىز جۇڭگولۇقلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن، — دېدى ئۇ ئايال يەنە. مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى يەنە قىسقىچە چۈشەندۈردۈم. كەينىمدە رەسمىيەت بېجىرىشنى كۈتۈپ تۇرغان ساياھەتچىلەر ئۇزاق ۋاقىت ئېلىپ كەتكىنىمدىن تاقەتسىزلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. چۈنكى قالغان تەكشۈرۈش كۆزنەكلىرىدە كىرىۋاتقانلار بىر- ئىككى مىنۇتتا ئىشىنى تۈگىتىپ، يولغا راۋان بولۇۋاتاتتى. «كەچۈرۈڭلار!» دېدىم كەينىمدىكىلەرگە. خىزمەتچى ئايال ئاخىرى: «ۋاقتىڭىزنى ئېلىۋالدۇق، كەچۈرۈڭ، ماڭسىڭىز بولىدۇ» دېدى. «ئۇھ» دەپ يۈك- تاقلىرىمنى ئالىدىغان يەرگە قاراپ ماڭدىم. ئەمما، نەرسە- كېرەكلىرىمنى ئېلىپ بولۇپ چىقىۋاتسام، يىراقتىن كىرىۋاتقانلارنى كۆزىتىپ تۇرغان، قارامتۇل فورما كىيىۋالغان بىر سېمىز ئەر قولۇمدىكى جۇڭگو پاسپورتىنى كۆرۈپ تاموژنا خادىملىرىغا قاراپ تۇۋلىدى:*

*— جۇڭگونىڭ پاسپورتى، تەكشۈرۈڭلار!*

*بۇ قېتىم ئەمدى جۇڭگولۇق بولغانلىقىم ئۈچۈن بەكرەك تەكشۈرۈلدۈم. ھاۋايغا كېلىدىغانلار ئىچىدە ياپونىيىلىك، كورىيىلىك ساياھەتچىلەر كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرەرسىنىڭ يۈك- تاقلىرىنىڭ تەكشۈرۈلگىنىنى كۆرمىدىم. تاموژنا خادىمى سومكامنى، چامادىنىمنى تەكشۈردى. سومكامدا ئۇيغۇرچە گېزىت بىلەن ئورالغان نەرسىگە كۆزى چۈشكەندە تاموژنا خادىمى ھەيران قالدى:*

*— بۇ ئەرەبچە خەتمۇ؟ سىز جۇڭگولۇق ئەرەبمۇ؟*

*— ياق، بۇ ئەرەبچە خەت ئەمەس، ئۇيغۇر يېزىقى. ئۇيغۇرلار جۇڭگونىڭ غەربىدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلار.*

*— جۇڭگودا مۇسۇلمان بارلىقىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم، — تاموژنا خادىمى ناھايىتى ئاۋايلاپ تۇرۇپ سىنبار (VCD پلاستىنكىسى) ئورالغان گېزىتنى ئېچىپ تەكشۈردى. ھەممىنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، مەسىلە بولمىغانلىقىنى ئېيتتى. يۈك - تاقلىرىمنى قايتىدىن قول ھارۋىسىغا سالدىم - دە، چىقىش ئېغىزىغا قاراپ ماڭدىم. ئۆزۈم ئايروپورتتىن چىقمايلا، شەھەرگە تېخى كىرمەي تۇرۇپ چارچاپ كەتتىم.*

5 ـ كۆرۈنۈشتە مەسىلىغا ئېلىنغان ئابدۇللانىڭ تېررورىزم بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. ئەمما ئىسمى ئەرەبچە بولغىنى، دىنىي كىملىكى مۇسۇلمان بولغىنى ئۈچۈن ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغان. ئۇ ـ دىنىي كىملىكى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ كاساپىتىدىن بۇلغانغان، ياغلىق قاپاق ئوبيېكتىغا ئايلانغان تالاي كىشىنىڭ بىر مىسالى. قىزىق يېرى شۇكى، شۇنچە يىراق ئوتتۇرا شەرقتىكى توقۇنۇشلار ۋە خەلقئارالىق سىياسىي كۈچلەرنىڭ تەسىرى ئۇ ئىشلار توغرىسىدا تۈزۈك بىر نەرسە بىلمەيدىغان ئابدۇللانىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ھال ئىنساننىڭ زىددىيەتلىك كىملىكىنى ھېس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نامەلۇم سىياسىي كۈچلەرنىڭ يوشۇرۇن تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقى ۋە بۇ تەسىرلەرنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىدا كېيىنچە ئۆزىنى ئاشكارىلاش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى چۈشەندۈردى. مېنىڭ ئەھۋالىم ئابدۇللانىڭكىدىن سەل پەرقلىنىدۇ. يەنى ئابدۇللا دىنىي كىملىكى ياغلىق قاپاق ئوبيېكتىغا ئايلىنىش سەۋەبلىك ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغان بولسا، مەن جۇڭگولۇق بولغىنىم ئۈچۈن ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىدىم. تاموژنىدا مېنىڭدە ياغلىق قاپاق ئوبيېكتىغا ئايلانغان ھەر ئىككىلا كىملىكنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بولۇشى، يەنى، ھەم مۇسۇلمان ھەم جۇڭگولۇق بولۇشۇم سومكا ـ چامادانلىرىمنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن ئۇزۇنراق تەكشۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولغان. يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا ئابدۇللانىڭ ۋە مەندەك بىر ئادەمنىڭ زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ يەنە بىر ئىپادىسىنى ھېس قىلىشى، گاڭگىرىشى تۇرغان گەپ.

يۇقىرىقى ئەھۋالنى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلساق ۋە ئۇنى مىللىي كىملىك تەتقىقاتچىلىرىدىن ئامېرىكىلىق ستېفېن كورنېل ۋە دوگلاس خارتماننىڭ نەزەرىيىسى بويىچە چۈشەندۈرسەك، «بىر ئادەمنىڭ مىللىي كىملىكى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى پۇرسەتلىرىدىن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىن، كۈندىلىك ھايات سەرگۈزەشتىسىدىن دېرەك بېرىدۇ ۋە ئۆزلۈك چۈشەنچىسىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.»[11] يۇقىرىقى مىساللاردا ئابدۇللانىڭ ۋە مېنىڭ كەچۈرمىشىمدە دەل مۇشۇ خىل پاكىت ئەكس ئەتكەن ھەم ياغلىق قاپاق ئوبيېكتى بوپقېلىش بىزدە «مەن زادى كىم؟» دېگەن سوئالنى تۇغدۇرغان. مەن ئۆزۈمنىڭ كەچۈرمىشى ھەققىدە زىددىيەتلىك بىر ئەھۋالنى سېزىپ مۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن: بۈگۈنكى دۇنيادا تەرەققىي تاپقانلار ـ كۈچلۈكلەر ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكى ھەققىدە ئانچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايدۇ. ئەمما، تەرەققىي تاپمىغان ئاجىز ئىجتىمائىي توپ ئۇنى ئۇنتۇپ كەتسە بولمايدۇ. ئايروپورتلاردا، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىدا، مېھمانخانىلاردا قانداق مىللىي كىملىككە ئىگە ئىكەنلىكى ياغلىق قاپاق ئوبيېكتىغا ئايلانغان ئىجتىمائىي توپنىڭ سەمىگە سېلىپ تۇرۇلىدۇ. مانا مەن ئۆزۈمنىڭ ياغلىق قاپاق ئوبيېكتىغا ئايلانغان دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىمنى پات ـ پات، دۆلەت ئىچىدە ۋە سىرتىدا، گاھىدا تىرىكىپ، گاھىدا ئاچچىق يۇتۇپ دېگۈدەك ھېس قىلىپ تۇرىمەن. كىملىكىمنى ئېسىمگە سېلىپ تۇرىدىغان ئىشلار چىقىپ تۇرىدۇ.

بۇ ھالنى بۈگۈنكى دۇنيا ۋە غەرب رېئاللىقى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەن ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس ئېرۋىڭ گوفمان «ئەيىبناق: بۇلغانغان كىملىك ھەققىدە خاتىرىلەر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «كىملىكى بۇلغانغان كىشىلەر ئۆز ئوبرازى ھەققىدە باشقىلار ئۆزىگە قايتۇرغان ئىنكاس ئاساسىدا تونۇشقا ئىگە بولىدۇ.»[12] مىللەت جەمئىيەتشۇناسلىقى تەتقىقاتچىسى، ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس مارتىن مارگېر بۇنىڭغا ياندىشىپ مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «ھەرقانداق كۆپ مىللەتلىك جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي كىرىمى، ئىقتىسادىي، سىياسىي ئورنىنىڭ بەلگىلىنىشىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەر قانداق مىللەت بولسا، خىزمەت، بايلىق، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە شۇنىڭغا تۇشلۇق نېسىۋىگە ئېرىشىدۇ.»[13] مىللىي كىملىكى بۇلغانغان، ئاجىز، تەرەققىي تاپمىغان كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى باشقىلار چۈشىنىشنى خالىمايدۇ. توغرىراقى، ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى كىشىلەر ياغلىق قاپاق ئوبيېكتىغا ئايلانغان كىشىلەردىن ئىستىخىيىلىك ھالدا ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بۇ ھالنى ئامېرىكىلىق مىللەت جەمئىيەتشۇناسى نيۇمەن بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە ئادەت كۈچى نۇقتىسىدىن مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «بىر خىل ئىجتىمائىي توپتىكى كىشىلەر يەنە بىر خىل ئىجتىمائىي توپتىكى كىشىلەرگە بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنىڭ تەسىرىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىدا مۇشۇ توپتىكىلەرنىڭ ياتلار ھەققىدە ئورتاق تونۇشقا ئايلىنىپ بولغان سەلبىي ھېسسىياتلىرى،

www.uyghurkitap.com

ئادالەتسىز مۇئامىلىسى ئەكس ئېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئوخشىمىغان تەۋەلىكتىكى، ئوخشىمىغان كاتېگورىيىدىكى كىشىلەرنى كەمسىتىش خاھىشى باش كۆتۈرىدۇ ۋە يەكلەنگەن توپنىڭ جەمئىيەتتىن ئېرىشىدىغانلىرىدا ھامان تەڭسىزلىك كۆرۈلىدۇ.»[14]

*ئۇيغۇر شەھەر تورمۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش(6)*

## ئۇيغۇرمۇ — مۇسۇلمانمۇ؟

*2008-يىلى «شەبنەم» قاتارلىق ئىنتېرنېت تورى بېكەتلىرىدە «بىز ئۇيغۇرمۇ — مۇسۇلمانمۇ؟» دېگەن تېمىدا تالاش - تارتىش ئەۋجىگە چىقتى. بۇ مۇنازىرىلەردە زىددىيەتلىك كىملىكنى ھېس قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كىملىك ھەققىدىكى ئىزتىرابلىرى ئاشكارىلانغانىدى. ئارىلىقتا بىر نەچچە خىل كۆز قاراش ئوتتۇرىغا چىقتى. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر: «دۇنيادىكى ھەممە مۇسۇلمان بىر، بىز ئۇ مىللەت، بۇ مىللەت دەپ ئايرىپ ئولتۇرماسلىقىمىز، مىللەت ئۇقۇمىنى تەكىتلىمەسلىكىمىز كېرەك» دېگەن قاراشنى ياقلىدى ۋە پەلەستىندە، ئىراقتا، ئافغانىستاندا ئۇرۇش ئىس - تۈتەكلىرى ئىچىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى ئاشۇ ئازاب چېكىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىردى. «بىز ئاۋۋال ئۇيغۇر، ئاندىن مۇسۇلمان» دېگۈچىلەر مىللىي كىملىكنىڭ دىنىي كىملىكتىن ئاۋۋال تۇرۇشىنى تەكىتلەپ: «توغرا، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئازاب چېكىۋاتقانلىقى راست، ئەمما ئۇلار جاھاندا ئۇيغۇر دەپ بىر مىللەتنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. بىز ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان دەپ ئاتىلىپ قالغىنىمىز ئۈچۈن ئەرەب رادىكال كۈچلىرىنىڭ ئەسەبىي دىنىي ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدۇق. بىزنىڭ ئۇنچە يىراقتىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمەلىيەتچانلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، مىللىي كىملىك دىنىي كىملىكتىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈردى. ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر بولسا بۇ مۇنازىرىدىن بىمەنىلىك ھېس قىلىپ: «ئۇيغۇر بىلەن مۇسۇلمانلىق كىملىكىنىڭ ئاتقىشىدىغان نەرى بار؟ بۇ تېمىدا مۇنازىرىگە ئەرزىگۇدەك نېمە بار؟ بىز ھەم ئۇيغۇر ھەم مۇسۇلمان. بۇ ئىككى ئۇقۇم بىر - بىرى بىلەن سىڭىشىدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.*

ئىنتېرنېت تورلىرىدا «بىز ئۇيغۇرمۇ— مۇسۇلمانمۇ؟» تېمىسىدا بولۇنغان مۇنازىرە شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ زىددىيەتلىك كىملىكىدىن دالالەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوخشىمىغان ئىدېئولوگىيە، پەرقلىق قىممەت قارشى ئاساسىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان ئۇيغۇر رېئاللىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يەنى شەھەر ئۇيغۇرلىرى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى، غەرب ئىدېئولوگىيىسى... قاتارلىق ئوخشىمىغان ئىدىيە سىستېمىلىرى ۋە ئوخشىمىغان قىممەت قاراشلىرى بىرلا ۋاقىتتا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ھەم مەۋجۇد بولغان رېئاللىقتا ياشايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مۇجمەل ئادەم ۋە زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ پەيدا بولۇشى تەبىئىي. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، بۇ خىل مۇرەككەپ ھالەت شەھەر ئۇيغۇرلىرىدا پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى بىر نەچچە ئىجتىمائىي توپنى پەيدا قىلدى. بىرىنچى، پۈتۈنلەي غەرب مەدەنىيىتى ھەم غەربچە تۇرمۇش شەكلىگە مەستانە بولغانلار؛ ئىككىنچى، «مىللەت، زامانىۋىلىشىش» ئۇقۇملىرىنىڭ ھەممىسىگە قارشى تۇرۇپ، ھاياتلىقىدا ئۇشۇقچە ئىشقا باش قاتۇرماي « ھەممىمىز بىر ئىنسان» دېگەن ئىدىيىدە مۇسۇلمان بولۇپ، ھازىرقى ھالىتىگە شۈكۈر قىلىپ ياشاشنى خالايدىغانلار؛ ئۈچىنچى، مىللىي كىملىك ۋە مىللىي مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان، مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى كۈچەيگەن، يۇقىرىقى ئىككى يولدىن پەرقلىق يول تۇتقانلار؛ تۆتىنچى، شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىش تۇتۇۋاتقانلار .

ئەمەلىيەتتە، يۇقىرىقى مۇنازىرە ئوخشىمىغان ئىدىيە سىستېمىلىرىنىڭ ئۇيغۇر رېئاللىقىدا توقۇنۇشۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خىل زىددىيەتلىك ھالەت داۋاملىشىۋەرسە تەبىئىي ھالدا زىددىيەتلىك كىملىكنى باشتىن كەچۈرىدۇ. زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ نەتىجىسى نېمە بولىدۇ؟ كىشىلەردە كىملىك ۋەسۋەسىسى كۆرۈلىدۇ. ئۇنداقتا كىملىك ۋەسۋەسىسى دېگەن نېمە؟ كىملىك ۋەسۋەسىسى دېگىنىمىز، «كىشىلەردىكى نىشان، يۆنىلىش تۇيغۇسىنىڭ يوقاپ، زىددىيەتلىك ئىستەكنىڭ باش كۆتۈرۈپ، يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ ئۆلۈشى؛ ئۆزلۈك تۇيغۇسىنىڭ ئۆلۈشىدۇر.» (ئېرىكسون، 1968)[15] كوللېكتىپ كىملىك تۇيغۇسى بىرلىككە ئىگە، بىر خىل ئىدېئولوگىيىدە ياشايدىغان مىللەتلەردە ھەرگىزمۇ كىملىك ۋەسۋەسىسى باش كۆتۈرمەيدۇ. مەسىلەن، ئىنگلىزلار ھەرگىزمۇ «بىز ئىنگلىزمۇ، خرىستىئانمۇ؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ يۈرمەيدۇ. سەۋەبى، كىشىلەر ئۆزلىرى ئۆتەۋاتقان رولنى جەمئىيەتنىڭ قوللاۋاتقانلىقىنى بىلسە، بىر خىل ئاكتىپ روھىي ھالەتكە ئۆتىدۇ، ئۆزىنى ھۆرمەتلەش تۇيغۇسى كۈچىيىدۇ ۋە مەغلۇبىيەت داۋامىدىكى پاسسىپ ئىنكاسلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ناۋادا ئۆتىگەن رولى جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىسچۇ؟ ئۇ چاغدا ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى بۇركېنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «كىشىلەر ئۆز كىملىكىنى باشقىلارغا بىلدۈرەلمىسە، ئېتىراپ قىلدۇرالمىسا، ئاجىزلىق ۋەسۋەسىسىدە قىينىلىدۇ، تېڭىرقايدۇ.»[16] بىر- بىرىنى چەتكە قاقمايدىغان مۇسۇلمان ئۇقۇمى بىلەن ئۇيغۇرلۇق ئۇقۇمىنى تالاش- تارتىش قىلىش دەل يۇقىرىقى ئەھۋالنىڭ باش كۆتۈرۈشى، خالاس.

*ئۇيغۇر شەھەر تورمۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش(8)*

www.uyghurkitap.com

## پاھىشە قىزنىڭ مۇسۇلمانلىق، «ئىپسىل ئەر»لىك ئۆلچىمى

*ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر مېھمانخانىدا كەچلىك مۇلازىمەت قىلىدىغان بۇ قىزدىن ئەھۋال ئىگىلىشىم ناھايىتى تەسكە چۈشتى. بۇ مېنىڭ2008-يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرلىرىدا «سەبىي قىزدىن پاھىشىلىككىچە» ناملىق تەتقىقات ماقالەمگە ئىجتىمائىي ياكىت ئىزدەپ يۈرگەن چاغلىرىم ئىدى. ئىككىنچى قول (ۋاسىتىلىك) ماتېرىيالنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئۈنۈمى دېگەندەك ياخشى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىكى كېچىلىك كۇلۇبلاردا ئىشلەيدىغان بىرەر قىز بىلەن بىۋاسىتە يېقىنلىشىپ، بىرىنچى قول (ئەسلىي) ماتېرىيال يىغىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. مەن مىڭ تەستە ئالاقىلىشىپ ئۇ قىزنى كۆرۈشۈشكە ماقۇل قىلدىم ۋە مەلۇم سوۋغىنى كۆزدە تۇتۇپ بىر دوستنى ئېلىۋېلىشنى ئېيتتىم. بىز ئۈرۈمچى شەھىرى «دېموكراتىيە» يولىغا جايلاشقان «تىنچلىق» كىنوخانىسى ئالدىدا كەچلىك بازاردا كۆرۈشتۇق. قىز بىر دوستنى بىللە ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئەرمىنى بولۇشىغا قىلغانىدى. يېنىدىكى قىز ئۇنىڭدىن كىچىكتەك قىلاتتى. ئۇلار قوم قازان شورپىسى ئىچكۈسى بارلىقىنى ئېيتتى. سۆھبەتلىشىش داۋامىدا زىددىيەتلىك كىملىككە ئائىت مۇنداق بىر قانچە نۇقتا دىققىتىمنى تارتتى: بىرىنچى، قىزنىڭ مەسلىيە مەندىن قورۇنۇپ، ئاتا - ئانىسى تۇغۇپ كەتكەنلىكى، ۋەھاجىلىق دەستىدىن بۇ يولغا ئىلاجىسىز كىرىپ قالغانلىقىنى خىجىللىق ئىچىدە دېيىشى ۋە كېيىن بىردىنلا تەبىئىي ھالەتكە قايتىپ ئېچىلىپ ئولتۇرۇشى، يەنە تاماكا چەككۈسى كەلگەنلىكىنى ئېيتىشى؛ ئىككىنچى، گەپ ئارىلىقىدا بۇ قىزنىڭ «ئاللا» دېگەن گېپىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەسلىكى ۋە گېپىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن «خۇدا ھەققى! ئاللا تۇرۇپتۇ، ئاللا ئىگەم» دېگەن گېپىنى تەكرارلىشى؛ ئۈچىنچى، دوستىنىڭ ئۇ قىزنى ئۈچۈرۈپ، ئۇنىڭ كەسپداشلىرى ئارىسىدا ئىناۋىتى بارلىقىنى ئېيتىپ: «بۇ دوستۇم بەك ئىپسىل، بەك گاڭگۇڭ، كەچتە ئىشلەيدىغان دوستلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا يۈزى چوڭ» دېيىشى ۋە شۇ گەپلىرىنى ئالاھىدە ماختىغاندەك تەلەپپۇزدا ئېيتىشى؛ تۆتىنچى، ئۇ قىزنىڭ ئۆزىنى بەش يىل ئىلگىرى ئالداپ تاشلىۋەتكەن يىگىتنى ھازىرغىچە ئۇنتۇيالمايدىغانلىقىنى، ئۇ يىگىتنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئادەم سودىسىغا ئارىلىشىپ قېلىپ كېسىلىپ كەتكەنلىكىنى دەپ كېلىپ: «ئۇ يىگىتىم بەك ئىپسىل، دۇنيادىكى ئەڭ ئىپسىل ئەر، ماڭا ئەمدى ئۇنداق ئەر ئۇچرارمۇ» دېيىشى. سۆھبەت كەچلىك بازاردا ئىككى سائەتكە يېقىن داۋاملاشتى. مەن رەھمەت ئېيتىپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتىم.*

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا نومۇس مەدەنىيىتى (shame culture) ياراتقان مىللەت. ئۇلار يادرولۇق قىممەت قارىشى ۋە پەردىشەپكە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولغاچقا، جەمئىيەتتە مەيلى قانچىلىك ئۆزگىرىشلەر بولۇشى، قانداق قىممەت قاراشلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى، ئىدىيىسى ئۇچۇق كىشىلەرنىڭ قانچىلىك ئاۋۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر پاھىشەلىكنى، توغرىراقى ئىپپەت سودىسىنى قوبۇل قىلالمايدۇ؛ پەس كۆرىدۇ. بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىختىن كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئەدەب- ئەخلاقى ۋە ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ئاساسىدىكى قىممەت قارىشى بەلگىلىگەن. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇرغۇن ئوقۇرمەن مېنىڭ ئۇ ئىككى قىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشۇمنى دەماللىققا چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما، جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى ھېسسىي تەسىراتنى، شەخسىي قاراشنى ئەمەس، ئەمەلىي پاكىتنى تەلەپ قىلىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلارچە كۆز بىلەن قارىساق ۋە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىرىماي يۇقىرىقى كۆرۈنۈشتە ئىككى پاھىشە قىزنىڭ قانداق ئىپادىدە بولغانلىقى، نېمىلەرنى دېگەنلىكىگە دىققەت قىلساق، كۆڭۈل ئېكرانىمىزدا زىددىيەتلىك كىملىككە مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلار ئايان بولىدۇ. مۇسۇلمانلىق كىملىكىنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى بويىچە قارىغاندا، قىزلارنىڭ ئىپپەت سودىسىغا تاۋار بولۇشى ئەمەس، ئۇچۇق كىيىم كىيىپ يۈرۈشىمۇ ئىسلام ئەھكاملىرىغا خىلاپ. ئەمما، بۇ ھېكايىمىزدىكى باش قەھرىمان ھەر ماقامدا «ئاللا» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ .ئۇنىڭ دوستىنىڭ «ئىپسىللىك، گاڭگۇڭلۇق» ھەققىدە ئۆزىگە خاس ئۆلچىمى بار. بۇ ھال كىشىدە مۆجمەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلسا، قىزنىڭ «ئىپسىل ئەر»لىك ئۆلچىمى ۋە تېنىنى سېتىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئالداپ قويغان، ئادەم سودىسىغا ئارىلاشقان يىگىتنى ئۇنتۇيالماسلىقى، ئۇنى «دۇنيادىكى ئەڭ ئىپسىل ئەر» دېيىشى، توغرىراقى، پاھىشىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىپسىللىق ئۆلچىمى بولۇشى، ئۇنىڭ دىنىي كىملىكنى ئۇنتۇماي، «ئاللا» دېگەن گەپنى تەكرارلىشى، ئۇيغۇر شەھەر جەمئىيىتىدىكى زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ يەنە بىر كومېدىيىلىك ئىپادىسىنى كۆز ئالدىمىزدا ئىپادە قىلىدۇ.

5590 - نومۇرلۇق ھەدىستە: «كېيىن ئۇممەتلىرىمدىن زىنانى، ھاراق - شارابنى ھالال دەيدىغانلار چىقىدۇ»[17] دەپ يېزىلغان. بىرىنچى كۆرۈنۈشتىكى ھاراق ئىچىپ بولۇپ دۇئا قىلغان مېھمانلار، بۇ مىسالدىكى تېنىنى سېتىپ تۇرۇپ «ئاللا»نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان قىز بۇ باياننىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئەمەلىي كۆرۈنۈشىدىن دېرەك بېرىدۇ ۋە مۇنداق پاكىتنى سەممىزگە سالىدۇ: تېز ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىي كىملىكىدىن ۋاز كېچىدۇ ھەم ئۇنىڭدىكى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە نۇقتىلارنى ئۆز مەنپەئىتىگە يارىشا تاللاپ ئۆزگەرتىشكە ماسلاشتۇرىدۇ ۋە زىددىيەتلىك ئىستراتېگىيىچگە ئايلىنىدۇ. بۇ ھال بىر جەمئىيەتتە ئۆزىدىن ياتلاشقان بىر ئىجتىمائىي توپنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال جەمئىيەتشۇناسلىق

ئىلىمدە «تاپتىن چىقىش» (Deviance ,越轨行为) دەپ ئاتىلىدۇ. بىر جەمئىيەتتە مەنسۇبىيەت تۇيغۇسىدا ئورتاق ئەمەل قىلىنىدىغان قىممەت قاراشلىرىنى ئۆز مەنپەئىتىگە يارىشا سۇيىئىستېمال قىلىدىغان بۇنداق كىشىلەر دەل ئىجتىمائىي كونترول كۈچىيىپ، ئىدېئولوگىيىلىك سىڭىپ كىرىش تېزلەشكەندە ئاۋۇيدۇ. چىركىن مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا بۇنداق كىشىلەرنىڭ سانى شىددەت بىلەن كۆپىيىدۇ. بۇ جەرياندا رېئاللىقنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي كونترول ئالدىدىكى ئىلاجىسىزلىقى تاپتىن چىققان، ئۆزىدىن ياتلاشقان كىشىلەردە ئۆزىگە يارىشا ئۆزلۈك چۈشەنچىسىنى پەيدا قىلىدۇ. زىددىيەتلىك كىملىك ۋە تۇراقسىز، ئۆزگىرىشچان خاراكتېر ئىجتىمائىيلىشىش داۋامىدا ئىنسان قەلبىدە يىلتىز تارتىدۇ. بۇنى جەمئىيەتشۇناسلار ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چۈشەندۈرىدۇ. تاپتىن چىقىش قىلمىشىنى جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى، فرانسىيىلىك جەمئىيەتشۇناس ئېمىل دۇركىم: «ئادەمدە مۇقىم قىممەت قارىشى ۋە مىزانلارنىڭ يوقلۇقىدىن كېلىپ چىققان ھادىسە»[18] دەپ ئاتىسا، ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس روبېرت مېرتون: «ئورتاق قىممەت قارىشى بىلەن ئۆز ئالدىغا سۇيىئىستېمال قىلىنغان ئەخلاق مىزانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن كېلىپ چىققىدىغان بىرەككسىزلىك»[19] دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما، جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى ئوبيېكتىپ، سوغۇققان كۆزدە مەسىلىگە قاراشقا چاقىرغاچقا، بىز نوقۇل بىر مەيداندا تۇرۇپ زىددىيەتلىك كىملىككە ئىگە پاھىشە قىزغا تون پىچىپ يۇرمەيمىز. مەلۇم بىر ئادەمنى، مەلۇم بىر توپنى قارا- قويۇق ئەيىبلەش جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس.

ئىجتىمائىي بىنورماللىق، تاپتىن چىقىش قىلمىشى جەمئىيەتلەشكەندە، ئەنئەنىۋى قىممەت ئۆلچەملىرىنى قوغدايدىغان، ئۇنىڭ ئۇچۇن سۆزلەيدىغان ئادەملەر ئاز قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تاپتىن چىقمىغان ئادەمنىڭ ئۆزلۈك تۇيغۇسى تاپتىن چىققان ئادەمنى دوراپ شەكىللىنىدۇ. سەۋەبى، تاپتىن چىققان ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مىزانغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى جەمئىيەت جازالىمىغاچقا، باشقا كىشىلەر ئەنئەنىۋى قىممەت ئۆلچەملىرىنى سۇيىئىستېمال قىلىش ئارقىلىق شۇ خىل قىلمىشلارنى سادىر قىلىۋېرىدۇ ۋە بۇرۇنقى ئۆزىدىن ياتلىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھەممە قىممەت قارىشى سىڭىپ كېتىدىغان، ھەيرانلىق ھېس قىلىنمايدىغان، زىددىيەتلىك كىملىككە پارىنىك بولىدىغان ئىجتىمائىي مۇھىت پەيدا بولىدۇ، چىن كىملىككە ئىنتىلىدىغان ئادەملەر يېتىم قالىدۇ. ماھىيەتتە بۇ

ئىدېئولوگىيىلىك سىڭىپ كىرىشنىڭ تېزلەشكەنلىكىنىڭ، بىسىمنىڭ كۈچەيگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

## 3. زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى

— مەن يۈرىكىمدىن كېلىۋاتقان تىۋىشلارغا، دەۋەتلەرگە قۇلاق سېلىپ چىن ياشاۋاتقان ئىدىم. لېكىن بۇنداق قىلىش نېمانچە تەس؟

— ھېرمان ھېسسىنىڭ «دېمىئان» ناملىق ئەسىرىدىن

كىملىك ھەرگىزمۇ توختام سۇدەك تۇرغۇن بىر مۇھىتتا سەۋەبسىز پەيدا بوپقالىدىغان ھادىسە ئەمەس. ئۇ، ئىنسان شاھىت بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىتلارنىڭ نەتىجىسى. زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. گەرچە جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە كىملىك ھەققىدە ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن قىلىنغان تەتقىقات خېلى زور سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، زىددىيەتلىك كىملىك ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئۇنچە كۈچلۈك، يېتەرلىك ئەمەس. بەزى جەمئىيەتشۇناسلار بۇ تېمىنى ئىجتىمائىيەت پسىخولوگىيىسى نۇقتىسىدىن يورۇتۇشقا تىرىشسا، بەزى جەمئىيەتشۇناسلار سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيىسى ياكى كېلىشتۈرمە ئالاقە نەزەرىيىسى(Exchange Theory) نۇقتىسىدىن شەرھلەشكە تىرىشىدۇ. توغرىراقنى ئېيتقاندا، زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ يىلتىزىنى مەلۇم بىر خىل مەۋقەدە، بىر خىللا نەزەرىيىۋى رامكىدا چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ ماقالىمىزدە زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ يىلتىزلىرىنى ئۈچ نۇقتىدىن كۆزىتىمىز. بىز ئاساسلىنىدىغان نەزەرىيىۋى رامكىلار تۆۋەندىكىچە:

### زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ ماكرولۇق يىلتىزى

بىز يازمىمىزنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە بىر كۆرۈنۈشنى تەھلىل قىلغاندا، ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى سىمېلسېرنىڭ بايانىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ ئوخشاش سىمۋول، ئوخشاش ئوبيېكتقا تۇتۇلغان پەرقلىق مۇئامىلىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى، ئادەمنىڭ قەلبىدە قانائەتسىزلىك، نامەلۇم ئەندىشە پەيدا قىلىدىغانلىقىنى، تېز ئۆزگىرىۋاتقان ھەرقانداق جەمئىيەتتە ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، زىددىيەتلىك كىملىك يالغۇز شەھەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىلا يۈز بېرىۋاتقان، ئۇيغۇرلارلا باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ھادىسە ئەمەس. سىمېلسېر زىددىيەتلىك كىملىككە يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىدىغان مەنبەنى ئاۋۋال ماكرو سىستېمىلاردىن ئىزدەيدۇ: «ھەرخىل تۈزۈم چەكلىمىسى، شەخسىي ۋەسۋەسە تۇگىمەيدىغان ئورگان- تەشكىلاتلار زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ پارنىكى.»[20] شەھەر جەمئىيىتىدە خىزمەت ئورۇنلىرىدا، بيۇروكرات

www.uyghurkitap.com

سىياسىي مۇھىتلاردا ئىشلەيدىغانلار، ئاق ياقىلىقلار زىددىيەتلىك ئىدېئولوگىيىنىڭ تەسىرىدە ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىدىن ياتلىشىدۇ. سەۋەبى، ئۇلار ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئۆلچەملىرىگە زىت كېلىدىغان ئىدېئولوگىيىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ياتلىشىش ئۇلارغا ھەۋەس قىلىدىغان، تۇرمۇش شەكلىنى دورايدىغان تۆۋەن تەبىقىلىك كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس رايت مىللىس بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «شەخس بىئولوگىيىلىك بىر گەۋدە سۈپىتىدە، ئۆزىنى قوينىغا ئېلىپ تۇرغان ئىجتىمائىي ئورىبىتىدا باشقىلار بىلەن ئارىلىشىش داۋامىدا ئۆزىگە ۋەسۋەسە، بىسەرەمجانلىق تېپىۋالىدۇ.»[21] قىممەت قارىشى ئوخشىمايدىغان كىشىلەر بىلەن بىر ئورگاندا، بىر مۇھىتتا ئىشلەش داۋامىدا شەھەر جەمئىيىتىدىكى ئاق ياقىلىق كىشىلەر ئۆزىنىڭ نۇرغۇن قىممەت قارىشىنى بېسىشقا مەجبۇر بولىدۇ. رايت مىللىس بۇنى ماكرو ئامىللارغا باغلاپ مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «جامائەتچىلىك ئېڭى، ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى كىشىلەرنى بىر يەرگە ئەكېلىدۇ، ئورتاق مەسىلىككە ئىگە قىلىدۇ. ئۇ نۇقتىلار يوقالغاندا بولسا، بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىززەت تۇيغۇسى ئۆلىدۇ ياكى ئاجىزلايدۇ. خىزمەت داۋامىدىكى ياتلىشىش ئاق ياقىلىق كىشىلەرنى ئويۇن- تاماشىغا، كۆڭۈل ئېچىشقا خۇمار قىلىدۇ. كۆڭۈل ئېچىش ئۇلارنى تېخىمۇ غىدىقلايدىغان سورۇنلارنى ۋە ئويۇن تۈرلىرىنى روياپقا چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاق ياقىلىقلار مەنىۋى قانائەتكە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، ئورتاق قىممەت قارىشىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ.»[22] مەن بۇ ئارقىلىق بىر ھۆكۈمنى ئىسپاتلىماقچى: ئاق ياقىلىق ئۇيغۇرلار شەھەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە زىددىيەتلىك كىملىكنى ئەڭ ئاۋۋال ئومۇملاشتۇرغۇچىلاردۇر. بۇنداق ئومۇملىشىش كۆپىنچە ئاق ياقىلىق كىشىلەر ساختا زامانىۋىلىققا، ماغزاپ تەرەققىياتقا مەستانىلارچە چوقۇنغاندا بارلىققا كېلىدۇ.

زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ يىلتىزلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، ئىدېئولوگىيىنىڭ كۈچىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، يېتەكچى ئىدېئولوگىيە دېگەن ئالدى بىلەن «ماشىنىلاشقان ساختا ئاڭ»(False Consciousness) پەيدا قىلىدۇ. ماشىنىلاشقان ئاڭغا ئىگە ئادەم ھامان زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ قورشاۋىدا قالىدۇ.

شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ زىددىيەتلىك كىملىكى ھەققىدىكى مۇھاكىمە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنە، خىلمۇ خىل قىممەت قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى بىلەن دىنىي كىملىكىنىڭ قوپۇرۇلۇش جەريانى ھەققىدە ئويلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى روبېرت مېرتون بۇخىل كىملىك توغرىسىدا مۇنداق چۈشەنچە بېرىدۇ: «ئادەمنىڭ مەلۇم بىر خىل ئىجتىمائىي ئورنىدىن ئايرىلماي تۇرۇپ ئالاھىدە رول ئېلىشقا كۈچىشى جەريانىدا پەيدا بولىدىغان زىددىيەتلىك ئارزۇ- ئىستىكى زىددىيەتلىك كىملىكنى پەيدا قىلىدۇ.»[23] ئىجتىمائىيەت پسىخولوگى كۇرتىس بولسا ئەنئەنىۋى دىن ئىدېئولوگىيىسى زامانىۋىلىشىش بىلەن توقۇنۇشقاندا، زىددىيەتلىك كىملىك پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[24] يەنە بىر ئىجتىمائىيەت پسىخولوگى مارىس بۇ ھادىسىنى ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكلى تېخنىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغاندا كېلىپ چىقىدۇ دېگەن كۆز قاراشنى ياقلايدۇ.[25] ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلىرىدىن ۋېيگېر بىلەن فرانكس ئىجتىمائىي ئالاقىدە تېگىشلىك نېسىۋىگە ئېرىشىش ئويى، خىزمەت داۋامىدا كۆرۈلگەن كرىزىسلار زىددىيەتلىك قىممەت قارىشىنى پەيدا قىلىدۇ دەپ قارايدۇ ۋە بۇنى ياتلىشىش، ۋەسۋەسە نۇقتىسىغا باغلاپ مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «چىن كىملىك بىلەن زىددىيەتلىك كىملىك ھەققىدىكى مۇھاكىمە ئەمەلىيەتتە ۋەسۋەسە ۋە ياتلىشىش ھەققىدىكى مۇھاكىمىدۇر.»[26] (بىزنىڭ شەھەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى كۆزەتكەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەسۋەسىسى، تاپتىن چىقىشىغا ئائىت تۇرمۇش كارتىنىسىنى جىقراق نەزەرگە ئالغىنىمىزمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن.) «كوللېكتىپ كىملىكنى ئىزدەش» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى كلاپ بولسا: «بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي شارائىتقا بولغان كوللېكتىپ ئىنكاسى مۇنداق بىر نۇقتىدىن – كىشىلەرنى قوينىغا ئېلىپ تۇرغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۇلارنى مۇقىم، چىن، ئۆزگەرمەس بىر كىملىك ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇشقا يول قويمايدىغانلىقىدىن ۋە شۇنىڭ نەتىجىسىدە كىملىك ئۆلچىمىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە، ئىجتىمائىي قاتلاملاردا ھەرخىل سىمۋوللۇق بەلگە ئارقىلىق قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ»[27] دەيدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا، مىللىي كىملىكنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى (Social construction of ethnic idenity) زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر مىللەتنىڭ تارىخىدىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئارىسىدا مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىستراتېگىيىلىك ئىجتىمائىي ئالاقىلەر قوشۇلۇپ كىشىلەر قەلبىدە زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ خېمىرتۇرۇچى بولغان پىسخىكىلىق چۆكمىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلىرىدىن ستېفېن كورنېل بىلەن دوگلاس خارتمان ئۆزىنىڭ «ئۆزگىرىشچان دۇنيادا مىللىي كىملىك»

ناملىق كلاسسىك كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «ماكرو ئامىللار بىلەن تارىخىي ئېلېمېنتلار، يەنى ئەقلىيلىك بىلەن جان ساقلاش تەقەززاسى، سانائەتلىشىش، شەھەرلىشىش، تەرەققىياتقا بولغان تەلپۈنۈش مىللىي كىملىكنى يارىلىش، قايتا يارىلىش ئەلگەكلىرىدىن ئۆتكۈزىدۇ.»[28] شەھەر ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنى خىيالىدا مۇسۇلمان دەپ ئويلايدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆپ ساندىكى كىشى هاراق ئىچىدۇ، تاماكا چېكىدۇ. يەنە قىزىق يېرى، ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئۆزى ئەمەس، ساقىندىسى ياكى ئۆرپ-ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن شەكلى ئېڭىدا ساقلىنىپ قالغان بۇ كىشىلەر دىنىي كىملىكى مۇسۇلمان بولغىنى ئۈچۈنلا بەزىدە ياغلىق قاپاق ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ ۋە بۇلغانغان كىملىكنىڭ ئازابىنى تارتىدۇ. نەتىجىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى تونۇشى شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ زىددىيەتلىك كىملىك ھېسسىياتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئامېرىكا ئىجتىمائىيەت پسىخولوگى جېنكىنس ناھايىتى توغرا ئېيتقان: « مىللىي كاتېگورىيىنى بېكىتىدىغان كۈچ سىرتتىن بولىدۇ. لېكىن، بىر مىللەت ئۆزى ھەققىدىكى تونۇشنى ئىچكى قىسمىدا بىرلىككە كەلتۈرىدۇ.»[29]

## زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ ئىجتىمائىيەت پسىخولوگىيىسى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنىشى

زامانىۋىلىققا يۈرۈش قىلىش مۇساپىسى مۇقەررەر ھالدا زىددىيەتلىك روھىي ھالەت پەيدا قىلىدۇ. ئادەم ئاشۇ زىددىيەتلىك روھىي ھالەتنىڭ تەسىرىدە ھەمىشە دىششۋارچىلىقتا قالىدۇ ۋە گاھىدا چىن كىملىكنى ئىزدىمەكچىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر ئېنتېرتورلىرىدا: «بىز ئۇيغۇرمۇ-مۇسۇلمانمۇ؟» دېگەن تېمىدا مۇنازىرىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى دەل شۇ سەۋەبتىن. زىددىيەتلىك روھىي ھالەت ۋە ئەخلاق ۋەسۋەسىسى شەخسنى ئۆزىگە «مەن زادى كىم؟» دەپ سوئال سوراشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ھەربىر كىملىكتىن دېرەك بېرىدۇ. كىملىككە مۇناسىۋەتلىك ئوخشاش بىر سوئالنى سوراۋېرىش يۈزلىنىشى گاھىدا شەخسنى بىرەر تۇرمۇش كارتىنىلىرىدا چىن كىملىكنى ئىزدەشكە ئۈندەيمۇ قالىدۇ. ئىجتىمائىيەت پسىخولوگى گېكاس چىن كىملىكنى ئىزدەشنى «بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىگە خاس قىممەت قاراشلىرىنىڭ قايسىسىدا چىڭ تۇرۇپ، نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى باھالاش، ئۆلچەش جەريانى» [30] دەپ تەبىرلەيدۇ. ئامېرىكا كالىفورنىيە بېركلىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەشھۇر ئايال پروفېسسورى خوچچايلد ئۆزىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىغا زور بۆسۈش ئېلىپ كەلگەن «بويسۇندۇرۇلغان يۈرەك» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «بىر خىل رىتىمدا قىلىدىغان خىزمەتلەردىن زېرىكىش داۋامىدا كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتى خورايدۇ. بۇنداق تۈيغۇ ئەمگىكى (Emotional labor)گە داۋاملىق قاتنىشىش جەريانى ئادەملەرنى خىزمەت ئورنىدا قىلىۋاتقان ئىشىدىن ياتلاشتۇرىدۇ.»[31] گېرمانىيە جەمئىيەتشۇناسى خابېرماس بولسا «ھەرقانداق شەكىلدىكى كىملىكنى تەھلىل قىلىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئورگانلارنى ۋە شۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان تۇرمۇش ھېكايىلىرىنى، ئاندىن ھېكايىلەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەھلىل قىلىش كېرەك» دەپ تەكىتلەيدۇ.[32] «رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورلىرىدىن پېتېر بېرگېر بىلەن توماس لۇكمان «كىملىكنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ گېپىنى، يۈرۈش-تۇرۇشىنى كۆزىتىش كېرەك. چۈنكى، گەپ-سۆز ۋە يۈرۈش-تۇرۇشتىن ئۇلارنىڭ سىرتتىن قوبۇل قىلغان تەسىرى بىلەن ئۆزىگە خاس بەلگىلىرى ئارىسىدىكى مۇرەسسەلىشىش جەريانىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ»[33] دەيدۇ. بۇ ماقالىدىكى بىر نەچچە كۆرۈنۈشتە بىزنىڭ كىشىلەرنىڭ گېپىگە ۋە نېمىلەرنى قىلغانلىقىغا بەكرەك دىققەت قىلىشىمىزمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىن .

## زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنىشى

شەھەر ئۇيغۇرلىرى سىمۋوللۇق ئۇسۇلدا زىددىيەتلىك كىملىكنى نامايان قىلىدۇ. كىملىك ئۆلچەملىرىگە ئۆز ئېھتىياجىغا يارىشا زىددىيەتلىك مەزمۇنلارنى قاتىدۇ. مەسىلەن، بىرىنچى كۆرۈنۈشتە مېھمانلار هاراق ئىچىدۇ، ئاندىن يەنە دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇمايدۇ. ئىككىنچى كۆرۈنۈشتە ئۇيغۇر رىياسەتچى «ئاللا، ئۇلۇغ قۇربان ھېيت»دېگەن گەپلەرنى ئۇرغۇلۇق ئېيتىدۇ، ئەمما ھايال ئۆتمەي ئۇ سورۇنلاردا ئىچىشۋازلىق باشلىنىپ كېتىدۇ. بۇنى بىز سىمۋوللۇق ئالاقە نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلساق، «مەنە ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدا يارىتىلىدۇ. ئۇچرىشىشلار داۋامىدا ئۆزگىرىپ تۇرغان مەنىلەر ئۆزلۈككە يۆكلىنىدۇ. ئىجتىمائىي ئوبيېكت ئۆزىدىكى مەنىنى ئۇپچە ھەرىكەتلەردە قانداق ئىپادىلەنگىنىگە قاراپ تۇرۇپ ئاشكارىلايدۇ.»[34] كىشىلەر ئىجتىمائىي ئالاقىگە قاتنىشىش داۋامىدا ھەرخىل مەنىنى مۇرەسسەگە كەلتۈرىدۇ. بۇ جەرياندا جەمئىيەت شۇ كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى سىمۋوللۇق ئالاقىلەردىن پۈتكەن غايەت زور سەھنىگە ئوخشاپ قالىدۇ. كىملىكىمىزنى قانداق مۇقىملاشتۇرۇشىمىز، بەدىنىمىزگە، ھېسسىياتىمىزغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئىجتىمائىي دۇنيا، مۇھىت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىز سىمۋوللۇق ئالاقىدە ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكىتى ۋە ھاياتىدىن بېشارەت

www.uyghurkitap.com

بىردىغان سەرگۈزەشتىلەرنى روياپقا چىقىرىدۇ.

**زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ ئاقىۋەتلىرى:** ھەرقانداق ئىجتىمائىي ھادىسە سەۋەبسىز بولمايدۇ ۋە ئاقىۋەت پەيدا قىلماي قالمايدۇ. شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ زىددىيەتلىك كىملىكىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ماقالىمىزنىڭ يۇقىرىقى بۆلەكلىرىدە زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ شەھەر ئۇيغۇرلىرى تۇرمۇشىدا قانداق ئىپادە بولىدىغانلىقى، نېمە ئۈچۈن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى نەزەرىيىۋى مۇھاكىمىلەرگە ياندىشتۇرۇپ شەرھلىدۇق. ئەمدى زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەيدا قىلغان ۋە قىلىدىغان ئاقىۋەتلىرىنى قىسقا تۇرمۇش كارتىنىلىرىغا بىرلەشتۇرۇپ ئىخچام يوسۇندا بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

1. بىر مىللەتنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشىدا تەۋرىنىش كۆرۈلىدۇ.

*ئۇيغۇر شەھەر تۇرمۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش(9)*

**«ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى»**

«يېڭى رۇس كۆيلىرى»تۆنەكخانىسىدا سورۇننى ياندىن كۆزىتىپ ئولتۇرغىنىمدا، بۇرۇن «سەرخوش ئىنگلىزتىلى» مەكتىپىمدە ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگەن بىر ئوقۇغۇچۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ئېرى ۋە ئېرىنىڭ دوستلىرى بىلەن كېتىپتىكەن. ئېرىگە تونۇشتۇرۇپ قويىلى دەپ ئۆزلىرى ئولتۇرغان شىرەگە باشلىدى. ئۇ يەردە ئۈچ جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئولتۇرغانىدى. ئېرى ئەلىي مەكتەپتە ماتېماتىكا دوتسېنتى ئىكەن. تۆرقەدىن 40 ياشلاردا بىلەرەك قىلاتتى. شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئايال ھاجەتخانىدىن چىقىپ سۆزلەپلا كەتتى:

ــــ توۋا خۇدايىم، قىزلار ھاجەتخانىسى ئىس بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. كىچىك ـ كىچىك ئۇيغۇر قىزلار يۇرغىرتىپ تاماكا چېكىشىپ يۈرىدۇ. توۋا قىلدىم، جاھان رەسمىي بۇزۇلۇپتۇ.

ــــ ئۇنىڭغا سىز نېمە دېيەلەيتتىڭىز، ــــ دېدى ئەلىي مەكتەپنىڭ دوتسېنتى بولغان ئەر، ــــ ئۇ قىزلارنىڭ ئۆزىنىڭ تاللىشى شۇ. كۆڭلى تارتقان بولسا چېكىدۇ شۇ. چېكىسە نېمە بوپتۇ. ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى.

ــــ بۇنداق ئىشلار جىق، سىز ـ بىز سۆزلىگەنگە ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ، ــــ دېدى ئىككىنچى ئەر .

ئارقىدىن ئۈچىنچى ئەر سۆز قاتتى:

ــــ بىز نېمە قىلالايتتۇق. سۆزلىگىنىمىز بىكار. بولدى، كۆڭۈلسىز گەپلەرنى قىلىشماي ھاراقىمىزنى ئىچەيلى .

يۇقىرىقى تۇرمۇش كارتىنىسىدىن شۇنداق بىر پاكىت ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ: جەمئىيەتتە زىددىيەتلىك كىملىككە ئىگە كىشىلەر ئاۋۇپ كەتكەندە ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىغا بىپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ؛ ئەخلاق مىزانلىرىغا سۇس، مۇجمەل مۇئامىلە قىلىدىغان بىپەرۋا، بىخۇد ئادەملەر توپى ئاۋۇيدۇ. بۇ، بىر مىللەتنىڭ قىممەت قارىشىدا تەۋرىنىش پەيدا قىلىدۇ.

2. چىن كىملىككە ئىنتىلگەن كىشىلەر ئىچ پۇشۇقى تارتىدۇ.

*ئۇيغۇر شەھەر تۇرمۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش(10)*

**دۇتار كۆتۈرۈپ نەنسەندىن يېنىپ كىرگەن ئابدۇرېھىم ھېيت**

ئەل سۆيگەن سەنئەتكار ئابدۇرېھىم ھېيت ئاكىنىڭ چىن كىملىككە ئىنتىلىش ئۈرۈنۈشى ھەققىدە بولغان تەسىرلىك بىر ۋەقەنى ئاڭلىدىم. ئالتە ـ يەتتە يىل ئىلگىرى مەلۇم بىر ئەمەلدار دوستلىرى بىلەن نەنسەنگە چىققاندا ئابدۇرېھىم ھېيت ئاكىنى بىللە ئېلىۋالىدۇ. ئابدۇرېھىم ھېيت يۇز كېلەلمەي دۇتارنى ئېلىپ چىقىدۇ. سورۇن باشلىنىدۇ. ھاراقلارنىڭ ئاغزى ئېچىلىدۇ. ئۆزى دۇتار چالغان سورۇندا ھاراق قويۇلۇشىنى قوبۇل قىلالمىغان ئابدۇرېھىم ھېيت باشلىق تونۇشىنىڭ توسۇشىغا، يالۋۇرۇشىغا ئۇنىماي، دۇتارنى كۆتۈرۈپ كېچىلەپ ئۈرۈمچىگە يېنىپ كېلىدۇ.

(راست ئىشلار خاتىرىسى)

يۇقىرىقى مىسالدىن شۇنداق بىر پاكىتنى ھېس قىلالايمىزكى، بىر جەمئىيەتتە زىددىيەتلىك كىملىككە ئىگە كىشىلەر ئاۋۇپ كەتكەندە، ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەر ئىچ پۇشۇقى تارتىدۇ، يېتىم قالىدۇ. ئۇلارنىڭ چىن كىملىككە ئىنتىلىش ئارزۇسى كۆپىنچە ھالدا ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرايدۇ .

3. ئۆزىنى پەس كۆرۈش ھېسسىياتى، بەرباتلىق تۇيغۇسى كۈچىيىدۇ.

2008 - يىلى ئۇيغۇر ئىنتېر تورى بېكەتلىرىدە تامچىدىن دېڭىزنى كۆرۈپلا يوتكۈل ئۇيغۇرلارنى تۈگەشتىگە چىقىرىۋېتىدىغان يازمىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىلۋەتتە ساتىرىك تۈسكە ئىگە «زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئۇيغۇرلار» (رىشدان ئايتورلۇقىدا «دىيارىم»تورىدا ئېلان قىلىنغان)، «ئۇيغۇرلار تۈگەشتى» قاتارلىق يازمىلار بار.

بۇ خىلدىكى يازمىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە تېما يوللىغۇچى جەمئىيەتتە ئۆزىنى قاتتىق ئۇمىدسىزلەندۈرىدىغان بىر ئىشنى كۆرىدۇ ۋە بۇنى يېزىپ، ئاخىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۈگىشىۋاتقانلىقى، زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، بىر جەمئىيەتتە زىددىيەتلىك كىملىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە، ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانلىرىغا خىلاپلىق قىلىشنى پەرۋايىغا ئالمايدىغان كىشىلەرنى ئاۋۇتقاندا، شۇ جەمئىيەتتىكى ئانچە ـ مۇنچە ئويلىيالايدىغان، ئۆزلۈك تۇيغۇسىغا ئىگە ئادەملەرنىڭ بەرباتلىق تۇيغۇسى، ئۆزىنى كەمسىتىش ھېسسىياتى كۈچىيىپ كېتىدۇ. بىرەر ناچار ھادىسىنى كۆرسە، ئۇنىڭدىن پۈتكۈل مىللەت تۈگىشىۋاتقاندەك تەسىراتقا كېلىدۇ.

4. كىملىك كرىزىسى پەيدا قىلىدۇ.

*ئۇيغۇر شەھەر تۇرمۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش(II)*

2008 - يىل ئاۋغۇست، بىر چۈشتىن كېيىنكى ئۈرۈمچىدە بىر رېستوراندىكى توي مۇراسىمىغا داخىل بولۇۋېتىپ، كىملىك كرىزىسىغا مىسال بولىدىغان بىر ئەھۋالغا يولۇقتۇم. يىگىت تەرەپ قىز كۈچۈرۈشكە كەلگەندە، سورۇندىكى ئەرلەر مەست بولۇپ كېتىشكەنىدى. ئەزىلىرى دەلدەڭشىپ، ئەزىلىرى سورۇندا ئويان - بويان مېڭىپ يۈرەتتى. قىزنىڭ بېشىدىن نان ئۆرۈلىدىغان، قىز ئۆزى ئۆزلىدىن ئۇزىتىلىدىغان چاغدا تەڭشىلىپ قالغان، يۈزلىرى قانسىراتقان ئۆيىكىدەك قىزارغان 50 ياشلاردىكى رىياسەتچى: «قېنى، ھەممىمىز دۇئاغا بىر قول كۆتۈرۈۋېتەيلى، ئۇلۇغ ئاللادىن قىزىمىزنىڭ بەختىنى تىلەيلى!» دېيىشنى ئۇنتۇمىدى.

كىملىك كرىزىسى دېگىنىمىز، ئۆزىگە ۋە ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان توپقا تەۋە بولغان تارىخىي ئوخشاشلىق، بىردەكلىك تۇيغۇسىنىڭ ئۆلۈشىدۇر. يەنى بۇ سورۇندا رىياسەتچىنىڭ ھاراق ئىچىۋېلىپ، دەلدەڭشىپ تۇرۇپ كىشىلەرنى دۇئاغا چاقىرىشى ئۇيغۇرلارنىڭ توي - مۇراسىم مەدەنىيىتى داۋامىدا يېتىلگەن تارىخىي ئوخشاشلىق ۋە بىردەكلىكنى بۇزۇۋەتكەن. شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرىدىن تارتىپ داۋاملىشىۋاتقان بىردەكلىك تۇيغۇسى مانا مۇشۇنىڭدەك سورۇنلاردا بۇزۇلۇپ، كىملىك كرىزىسىغا سەۋەب بولماقتا.

## 4. تۈگەنچە

بىر شەھەر،
ماڭا ئوخشاش ھارغىنلىق يەتكەن؛
بىر شەھەر،
باھار ۋە كۈزنى تەرك ئەتكەن.
بىر شەھەر،
تۈمەن ئىچىدە يىراقلاپ كەتكەن.
بىر شەھەر،
تەكرار سۆزلەنگەن قالايمىقان ھېكايە.
لېكىن بۇ ھېكايىنىڭ ئىچىدە مەن يوق.
— تاھىر ھامۇتنىڭ «ئۈرۈمچى» ناملىق شېئىرىدىن

بۇ ماقالىدە دىنىي كىملىكى بىلەن مىللىي كىملىك، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى ئارىسىدا تېڭىرقاۋاتقان شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ زىددىيەتلىك كىملىكى تەھلىل قىلىنىپ، ئۇيغۇر كىملىكى كۆپ مەدەنىيەتلىك، كۆپ مىللەتلىك ئىجتىمائىي كونتېكىستتا دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى؛ شۇنداقلا شەھەرلىشىش ۋە مەۋجۇدلۇقنى ساقلاش داۋامىدا كۆرۈلىدىغان زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ سەۋەبلىرى، شەھەر ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى ئىپادىلىرى، ئاقىۋەتلىرى ئېچىپ بېرىلدى. جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرنىڭ ئۆز رېئاللىقىنى چوڭقۇرراق تونۇشىغا ياردەم بېرىش، ھەرخىل ئىدېئولوگىيىنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان ئادەت كۈچىگە، ئادەتلەنگەن خاتا تونۇشلارنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرىش بولغاچقا، ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرى كۆرسىتىلمىدى (بۇ، جەمئىيەتشۇناسلارنىڭلا ئەمەس، ھەتتا سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنىڭمۇ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس). جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ھەرگىزمۇ مەسىلىگە تەدبىر بەلگىلەش دەپلا چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ.

زىددىيەتلىك كىملىككە ئىگە بولۇش دېگەنلىك، تېز ئۆزگىرىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن ئىستراتېگىيە بەلگىلەپ رېئاللىققا تاقابىل تۇرۇش ۋە شۇنىڭ نەتىجىسىدە يادرولۇق قىممەت قاراشلىرىغا ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا يارىشا مەزمۇنلارنى قېتىپ، سىمۋوللۇق ئالاقىدە زىددىيەتلىك روھىي ھالەتنى ئاشكارىلاش دېگەنلىكتۇر. ماكرولۇق كونترول، خىلمۇخىل ئىدېئولوگىيىنىڭ سىڭىپ كىرىشى، چىركىن مەدەنىيەت مۇھىتى بۇ جەريانىنى تېزلىتىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ چىن، مۇقىم كىملىككە ئىگە بولۇشىغا يول قويمايدۇ. زىددىيەتلىك كىملىكنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش بىر ئوبيېكتقا، ئادەمگە، سىمۋولغا قارىمۇ قارشى پوزىتسىيە تۇتۇش دېگەنلىكتۇر. ماقالىمىزدىكى ئۇيغۇر شەھەر تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان كۆرۈنۈشلەردە ھاراق ئىچىپ بولۇپ دۇئا قىلىش، ئىشرەت سورۇنىدا ئاللانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش، ئىپپىتىنى سېتىپ تۇرۇپ ئاللانىڭ ئىسمىنى سۇيئىستېمال قىلىش، چەت ئەللەرنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا مەستانىلەرچە چوقۇنۇش ھادىسىلىرىنىڭ ئىپادىسى ۋە سەۋەبىنى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلدۇق. زىددىيەتلىك كىملىك يالغۇز ئۇيغۇرلارلا باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ھادىسە ئەمەس. ئۇ، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئۆزگىرىشلەر تېز يۈز بېرىۋاتقان، ماكرولۇق كونترول كۈچىيىۋاتقان ھەرقانداق جەمئىيەتتە يۈز بېرىدىغان ھادىسىدۇر. بۇنداق تەتقىقات تېمىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىكى مەقسەت شۇكى، زىددىيەتلىك كىملىكنى چۈشىنىش — بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ۋە قانداق بىر رېئاللىقتا ياشاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شەھەر ئۇيغۇرلىرى كۈندىلىك ھاياتىدا پەرقلىق قىممەت قاراشلىرى، زىددىيەتلىك سىمۋول ۋە كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت كىملىكلىرىگە ماڭدامىدا دۇچ كېلىدۇ. جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاۋۋال چوڭ بىر ئىجتىمائىي ئورۇنىدا جۇڭگولۇق، ئۆز جامائەتچىلىكى ئالدىدا ئۇيغۇر بولۇپ ياشايدۇ. بۇنداق گىرەلىشىش شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق رېئاللىققا ئىستراتېگىيە بەلگىلەپ تاقابىل تۇرۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ ۋە مۇجمەل ئادەم، زىددىيەتلىك كىملىككە

ئىجتىمائىي كەيپىيات ھازىرلايدۇ.

شەھەر ئۇيغۇرلىرى سىموۋۇللۇق ئالاقىلەردە يېزا ئۇيغۇرلىرىدىن پەرقلىق رېئاللىقنى نامايان قىلىدۇ. ھاراق ئىستېمالى جەريانىدا ئۆزى بىلەن بىر جەمئىيەتتە ياشايدىغان باشقا مىللەت ۋەتەنداشلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىشىش ئۆلچىمىگە لايىق بىر رېئاللىقنى ۋە ئۆزىنىڭ زىددىيەتلىك كىملىكىنى يارىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇگىمەس ئىجتىمائىي ئالاقە، مودا قوغلىشىش داۋامىدا ئىزتىراپ چېكىدۇ: «جەلپكار بولۇش، تۇزۇكرەك ياشاش ئۈچۈن» بەدەل تۆلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى خىرىسقا دۇچ كېلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەردە ئۆز مىللىي كىملىكىگە بولغان ئىشەنچ ۋە غۇرۇر تۇيغۇسى تۆۋەنلەپ، روھىي بىسەرەمجانلىق، ۋەسۋەسە كۈچىيىدۇ. كۆپ يۈزلۈك ــ ئۆزگىرىشچان كىشىلەر توپى بارلىققا كېلىدۇ. شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ زىددىيەتلىك كىملىكى ئۆز نۆۋىتىدە ھەرخىل قىممەت قاراش، ھەرخىل ئىدېئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى، ئىجتىمائىي تۈزۈم ياراتقان ئۆزلۈك بىلەن ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىدا يېتىلگەن ئۆزلۈك ئوتتۇرىسىدىكى، ياتلىشىش بىلەن بىردەكلىشىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە سۈركىلىشنىڭ نەتىجىسى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ كىملىكى ئۆز ئالدىغا شەخسىي بولىدۇ. ئەمما، تارىخىي ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا بىرمۇ كىملىك مەۋجۇد ئەمەس. زىددىيەتلىك كىملىكمۇ دەل شۇنداق بىر ھادىسە .

بۇ تەتقىقاتتا شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇش پاكىتلىرىنى تەكشۈرۈش، جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ھاسىلاتىمىز تۆۋەندىكىچە :

A **يەكۈن:** يېزىدا ياشىغۇچىلارغا قارىغاندا شەھەردە ياشايدىغان كىشىلەر كىملىك مەسىلىسىگە بەكرەك دۇچ كېلىدۇ. شەھەر جەمئىيىتىدە ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئۆزگىرىشلەر قانچە تېزلەشكەنسېرى، ئىجتىمائىي ئالاقىدە زىددىيەتلىك كىملىكنى ئىپادە قىلىدىغان كىشىلەر شۇنچە ئاۋۇيدۇ. ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرى، ياشاش ئۇسۇللىرى زامانىۋىلىشىش، شەھەرلىشىش مۇساپىسىدە خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ .

B **يەكۈن:** تەرەققىي تاپمىغان ــ پاسسىپ ئورۇندا تۇرىدىغان ئىجتىمائىي توپ زىددىيەتلىك كىملىك مەسىلىسىگە بەكرەك دۇچ كېلىدۇ. بۇ جەرياندا ئىجتىمائىي كونترول ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇ جەمئىيەت كۆپ مىللەتلىك جەمئىيەت بولسا، پاسسىپ ئىجتىمائىي توپنىڭ زىددىيەتلىك كىملىكنى ھېس قىلىش، باشتىن كەچۈرۈش نىسبىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

C **يەكۈن:** كىشىلەر قانچىكى قارىمۇ قارشى ئىدېئولوگىيە تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ ئاز سانلىق ئەزاسى بولۇپ ياشىسا، زىددىيەتلىك كىملىكنى شۇنچە ھېس قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقىدە تېڭىشلىك نىسۋىگە ئېرىشىش ئارزۇسى زىددىيەتلىك قىممەت قارىشى بىلەن ساراسىمىنى تەڭلا پەيدا قىلىپ، قاشتاق ـ پاسسىپ ئورۇندا تۇرغان كىشىلەرنى زىددىيەتلىك كىملىككە مۇپتىلا قىلىدۇ.

ھەرقانداق تەتقىقاتنىڭ چەكلىمىلىكى بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ تەتقىقاتىمىزمۇ بۇ تېما ھەققىدە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ قىلىنغان دەسلەپكى بىر ئۇرۇنۇش بولۇپ، چەكلىمىلىكلەردىن خالىي ئەمەس. بۇنىڭغا ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ ئامىللار سەۋەب بولغان. بىرىنچى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە، ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ھەر قانداق تەتقىقات مەلۇم بىر نۇقتىدا سەۋەنلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. ئۇنى ئوبيېكتىپ شەرت ـ شارائىت بەلگىلىگەن؛ ئىككىنچى، شەھەر ئۇيغۇرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە يىغىپ پىكىر ئېلىشقا، راي سىناش جەدۋىلى تارقىتىپ كەڭ دائىرىلىك تەكشۈرۈشكە، سان ـ سىپىرلىق پاكىت يىغىشقا يار بېرىدىغان ئىمكانىيەتمۇ، بۇنداق تەتقىقاتنى قوللايدىغان ئىقتىسادىي فوندمۇ يوق؛ ئۈچىنچى، بۇ تېمىنى بۇنداق كىچىك بىر ماقالە بىلەن تەلتۆكۈس يورۇتۇپ بېرىپ بولغىلى بولمايدۇ. زىددىيەتلىك كىملىك گىرەلەشمە پەنلەر نۇقتىسىدىن چىقىپ، يەنى تارىخ، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، جۇغراپىيە، سىياسىيشۇناسلىق، ئەخلاقشۇناسلىق قاتارلىق كۆپ قىرلىق نۇقتىدىن كۆزىتىشكە، چوڭ كۆلەملىك تەتقىقات قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە ئىزدىنىشكە تېگىشلىك تېما. شۇڭا بۇ تېمىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلىغان ھەمكارلاشما تەتقىقاتنىڭ بولۇشى زۆرۈر. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىدا ئىلمىي ماقالىنىڭ قىممىتىنى، ئۆلچىمىنى چۈشىنىدىغانلار، ئىلمىي ماقالە ئوقۇشقا قىزىقىدىغانلار ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ماقالىنى قانداق قىلىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ يېزىش زۆرۈرىيىتى تەتقىقاتنى چۈشەپ قويىدۇ. ئىلمىي ماقالىغا بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئاممىباب بولۇش ھەم ئىلمىي بولۇش ھەم چوڭقۇر بولۇش تەلىپىنى قويۇش ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسىگە، چىنلىق دەرىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئوقۇرمەنلىرى قاتلىمىدا ئوقۇرمەن كىرىزىسىنىڭ زېمىنى تونۇپ يەتكەن، ئىلمىي ماقالىنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىدىغان، پىكىر ئىزدەيدىغان ۋە ئىلمىي ماقالە ئوقۇشقا، نەزەرىيىۋى تەپەككۇرغا كۆنگەن كىشىلەرنىڭ ئاۋۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

# نەقىل مەنبەلىرى

[1] شەمسىددىن ھاجى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ھىدايەت گۈلزارى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 - يىل 2 - نەشرى .

[2] «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال - جاۋابلار »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىل نەشرى، 392-بەت .

[3] نەسىرىددىن رابغۇزىي: «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988-يىل 1- نەشرى، 67-بەت .

[4] ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007- يىل نەشرى، 190 - 191- بەتلەر .

[5] ژان بوردىلىيارد: «تاللانغان ماقالىلەر»

Jean Baudrillard: 《 Selected Writings 》 , Cambridge , Polity Press1988, P 149

[6]جورجىي مككال ۋە ج. سىممونس: «كىملىك ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە»

George J. McCall and J. H. Simmons: 《 Indentities and Inter_ actions 》 , New York , The Free Press1978 , P165

[7] ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ پەرھىزلىرى ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى»

[8] مارك لىچى: «لايىقىدا زامانىۋىلىشايلى»

Mark Liechty : 《Sutably Modern》 , Princeton: Princeton University Press

[9] سمېلسېر: «ئىجتىمائىي پەندە ئەقلىيلىك ۋە زىددىيەت تېمىسى»

Smclser J. Neil : 《The Rational And The Ambivalece in The Social Sciences 》 , 1998

[10]جورجىي مېد :«ئۆزلۈك، قەلب ۋە جەمئىيەت»

Mead Herbert , J: 《Mind , Self And Society》 , Chicago , Chicago University Press

[11] ستېفېن كورنېل، دوگلاس خارتمان: «مىللەت ۋە ئىرق: ئۆزگىرىشچان دۇنيادا كىملىك»

Stephen Cornell and Douglas hartmann: "Ethnicity and Race: Making Identity in a Changing World", CA: Pine Forge Press, 1998, p.xvii

[12]ئېرۋىڭ گوفمان :«ئەيىناق: بۇلغانغان كىملىك ھەققىدە خاتىرىلەر»

Erving Goffman : 《Stigma: Notes on The Management Of Spoiled Identity 》 , N. J. Prentice_ Hall , 1963

[13] مارتىن مارگېر: «ئىرق ۋە مىللىي مۇناسىۋەت»

Marger Martin : 《Race And Ethnic Relations》 , Stan_ ford . Wadsworth Press , 2000

[14] نيۇمەن: «جەمئىيەتتە مىللىي كىملىك»

Newman : 《Ethnic Identity in Society》 , Chicago: Rand McCally Publishing, 1974

[15] ئېركسون: «كىملىك، ياشلىق ۋە كرىزىس»

Erick Erickson : 《Identity , Youth And Crisis》 , W.Norton Company , 1968 , P86

[16] بۇركې: «سىمۋوللۇق ئالاقىدىن ئۆزلۈكنى باھالاش»

Burke , P ; 《The self: Measurement Requirement From an Inter_ actionist Pespective , Social Phychology Quarterly》 , 43 , 18_ 29

[17] بۇخارىي: «سەھىھۇل بۇخارىي جەۋھەرلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981- يىل 1- نەشرى .

[18] رۇس ۋاللېس، ئاللسون ۋولۇ: «بۈگۈنكى زامان جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسى»

Ruth Wallace and Allison Wolf : 《Contemporary Sociological Theory》 , 2006. New Jersey: Pearson

[19] روبېرت مېرتون: «جەمئىيەت نەزەرىيىسى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلما»

Robert Merton : 《Social Theory And Social Strucure》 , 1968, New York: Free Press , P.106

[20] سمېلسېر: ( 8- نەقىل مەنبەسىگە قارالسۇن)

[21] [21] رايت مىللس: «ئاق ياقىلىقلار»

Wright Mills , C: 《White Collar》 , The American Middle Classess , New York: Oxford University Press 1951. P17

[23] روبېرت مېرتون: «ئىجتىمائىي زىددىيەت»

Robert Merton: 《Sociological Ambivalence》 1976, P8

[24] كۇرتىس: «بىدئەتلىك لوگىكىسى»

Kurtz .L.R: 《The Politics Of Heresy》 , Berkly University Of California Press

[25] مارىس: «يوقىتىش ۋە ئۆزگىرىش»

Marris. P 《Loss And Change, Doubleday, Gardon City 1975

[26] ۋېيگېرت ۋە فرانكس: « ئىجتىمائىي زىددىيەت »

Weigert .A and Franks. D 《Sociological Ambiva_ lence》 , Greenwich , CT :JAI Press

[27] كلاپ: «كىملىكنى كوللېكتىپ ئىزدەش»

Klapp , Orin . 《Collective Search For Identity》 , New York. Holt , 1986, P273

[28] ستېفېن كورنېل، دوگلاس خارتمان (13 - نەقىل مەنبەسىگە قارالسۇن)

[29] جېنكىنس: «ئىجتىمائىي كىملىك»

Jenkins Richard : 《Collective Search For Identity》 , New York. Holt, Rinehart

[30] گېگاس: «جەمئىيەتلىشىش نەزەرىيىسىدە ئۆزلۈك چۈشەنچىسىنىڭ ئىلھام مەنبەسى»

Gecas. V: 《The Motivational Significance of self_concep for Socialization theory》 , Greenwich, CT: JAI Press1986

[31] خوچچايلىد: «بويسۇندۇرۇلغان يۈرەك»

Hochschild, A. R: 《The Managed Heart》 , Burkly: University of California Press1983

[32] يۈرگېن خابېرماس: «ئالاقە ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى»

Habermas Jurger: 《Communication And The Evolution of Soci_ ety》 , Boston: Beacon1979

[33] پېتېر بېرگېر، لۇكمان: «رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى»

Peter Berger, Luckman T: 《The Social Construction of Reality« . NY, Garden City , Doubleday1966

[34] پلۇمېر: «20- ئەسىردىكى سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيىسى»

Plummer , Ken: 《Symbolic Interactionism in The Twenties Century》 , Blackwell2000

---

ئاپتور: ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى

**ماقالىنى تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدىي**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




## ئىجتىمائىيەتنىڭ تەپەككۇرۇمدىن ئۇرغۇپ چىققان ماھىيەتلىرى ۋە ھەقىقەتلىرى

▲ جەمئىيەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىگىلىك تىكلەپ، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنى ياللاپ ئىشلىتىۋاتىدۇ. سەۋەبى: ئۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە قازىنىدا قايناپ، پىشىپ، كىشىگە موھتاج بولۇپ ياشىماي، بەلكى باشقىلارنى موھتاج قىلىپ ئادەمدەك ياشاشنى ھايات مىزانى قىلغان؛ ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى بولسا خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ چىقىش يولى تېپىشنى ياشاش مىزانى قىلغان.

▲ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ «شىردەك باتۇر، تۈلكىدەك ھىيلىگەر بول» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغىنى، «ھەم جاسارەتلىك، ھەم پاراسەتلىك بول» دېگىنىدۇر.

▲ ئەجدادلىرىنىڭ روھىدىن ئايرىلىپ قالغان قوۋمغا ئەتراپىدىكى قوۋملار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ روھىنى ئۆگىتىدۇ.

▲ بىر يۆنىلىشتە ئۇچۇۋاتقان قۇش ئاسانلا ئېتىپ چۈشۈرۈلىدۇ، ئۇچۇش يۆنىلىشىنى توختىماي ئۆزگەرتىپ ئۇچۇۋاتقان قۇشنى ئاسانلىقچە ئېتىپ چۈشۈرگىلى بولمايدۇ. ئىش قىلىش ئۇسۇلى بىر خىللا بولغان ئادەم ئاسانلا باشقىلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشىدۇ؛ ئىش ئۇسۇلىنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ تۇرغان ئادەمنى باشقىلار ئاسانلىقچە قىلتاققا چۈشۈرەلمەيدۇ.

▲ «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دېگۈچىلەر — «ئادەم مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ» دەپ قارىغۇچىلاردۇر.

▲ بىر ئادەمنىڭ يىرىم ھاياتىغىچە بولغان كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىدۇ؛ خاراكتېرى بولسا ئۇنىڭ كېيىنكى يېرىم ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى.

▲ ھەر قانداق ئىشنىڭ ھەم ياخشى تەرىپى، ھەم يامان تەرىپى بار.

▲ تۈنجى قېتىم ھاراق ئىچىش زورلاشتىن، تۈنجى قېتىم تاماكا چېكىش دوراشتىن باشلىنىدۇ.

▲ «ھەرە كېپىكىنى ھەرىلىمەيلى» دېگەنلىك، «جەمئىيەتتىكى باشقىلار ھەل قىلىپ بولغان مەسىلىلەرگە باش قاتۇرماي، يېڭى مەسىلىلەرگە يۈزلىنەيلى، خەلقىمىز بىلىدىغان ئىشلارنى دەۋرىپ بىزار قىلماي، ئۇلار دۇچ كېلىۋاتقان، ھەل قىلالمايۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن كىرزىسلارغا يۈزلىنەيلى» دېگەنلىكتۇر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى ئوقۇرمەنلەرنى پەن-مەدەنىيەت، ئەخلاق، ساغلام ئېتىقاد، ئۆتكۈر تەپەككۇر، زامانغا لايىق مىللىي ئاڭ قاتارلىق كۆپ جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ئۇنىۋېرسال مەكتەپ.

▲ ئەيىب ئەيىب ئەمەس، ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئەيىبنى ياپالماسلىق ياكى تۈزەتمەسلىك ئەيىبتۇر.

تەپەككۇر كۆزى

▲ ئايالسىز ئەر— ھايات چۆلىدىكى، ئەرسىز ئايال— ھاياتنىڭ بوران-چاپقۇنلۇق دالاسىدىكى تەنھا يولۇچى؛ ئىناق ئەر-خوتۇن— گۈل-چىمەنلىك يولدىكى بىر-بىرىگە يار- يۆلەك سەپەرداش.

▲ تەرەققىي قىلغان ئەللەردە كىشىلەر ھەمكارلىشىپ كارخانا، شىركەت قۇرۇۋاتىدۇ؛ بىز ھەمكارلىشىپ سورۇن، بەزمە قۇرۇۋاتىمىز.

▲ ياش ئايال—پۇتبول، ئوتتۇرا ياش ئايال— ۋاسكېتبول، ياشانغان ئايال— تىكتاك توپ.

▲ ھايات— بىپايان سەھنە، ئادەم—ئارتىس، تۇرمۇش— رەھىمسىز رېژىسسور.

▲ ئىنسان ئۆز تەقدىرىنى ئالدىن بىلىشكە قادىر ئەمەس، شۇڭا بۇ دۇنيادىكى ئىشلار كېچىكىپ چۈشىنىش بىلەن تولغان.

▲ ئىلگىرى كىشىلەر دوئىلغا سېلىنغان قۇللارنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلگىنىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىناتتى؛ بۈگۈنكى كۈندە ھۆر ئادەملەرنىڭ ھەر خىل توپ ۋە بوكسيورلۇق مۇسابىقىلىرىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىۋاتىدۇ.

▲ ماگنىتنىڭ ئوخشاش قۇتۇپلىرى بىر-بىرى بىلەن تېپىشىپ، ئوخشىمىغان قۇتۇپلىرى ئۆزئارا تارتىشىپ جۈپلەشكەندەك، ئەر بىلەن ئەركەك زەدەك ئايال، ياكى ئايال بىلەن خېنىم مىجەز ئەر چىقىشالمايدۇ. پەقەت نوچى ئەركەك بىلەن لاتاپەتلىك ئاياللا «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» قويغاندەك بىر-بىرىگە يارىشىدۇ.

▲ سىرىڭ بىلەن ئاجىزلىقىڭنى يوشۇرالىغىنىڭ— ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئىگە بولالىغىنىڭ؛ باشقىلارنىڭ سىرى بىلەن ئاجىزلىقىنى بىلىۋالغىنىڭ— ئۇلارغا ئىگە بولغىنىڭ.

▲ پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتمەي، ئۆزىڭىز يارىتىڭ. چۈنكى پۇرسەت كۈتىدىغانلار ئەتراپىڭىزدا كۆپ.

▲ بىشەم ئايال—ئەرنىڭ ھەم ئاشكارا ھەمراھى، ھەم يوشۇرۇن قاتىلى.

▲ ئاجىزلىقىڭ بىلەن كەمچىلىكلىرىڭنى باشقىلارغا ئېيتىپ سىنى چۈشۈرۈپ، ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى سىنى قان چىقارماي ئۆلتۈرىدىغان قاتىللىرىڭ.

▲ پەرزەنتلىرىنىڭ ئاجىزلىقى بىلەن كەمچىلىكلىرىنى يايماي ياكى تۈگەتمەي، باشقىلارغا داۋراڭ سېلىپ تەسەللى تاپىدىغان ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ يوشۇرۇن قاتىلىدۇر.

▲ تارىختىن بۇيان خەلقئارالىق مۇناسىۋەت بىلەن كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ماھىيىتى— بىر-بىرىنى ئىتائەت قىلدۇرۇش ۋە بىر-بىرىدىن پايدىلىنىشتىن قەتئىي چەتنىمىدى.

— ئابلەت ئىمىن ئويچان

---

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە «ئەلئىبھرام» ئېلان شىركىتىنىڭ خادىمى

## ھايات ھېكمەتلىرى

▲ ماددىي نامراتلىق گالنى بوغىدۇ، مەنىۋى نامراتلىق روھنى.

▲ ھېكمەتلىك سۆز دانانىڭ ئېغىزىدىن چىقسا ئادەمنى قايىل قىلىدۇ، نادانىنىڭ ئېغىزىدىن چىقسا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

▲ ئىنساننىڭ ھەسرىتى ئارتىدىغان ئىككى مەزگىلى بار: بىرى، ئۆزىنى، يەنە بىرى، ئۆزگىنى چۈشەنگەندە.

▲ مەغلۇبىيەت ئېلىپ كەلگەن تەجرىبە-ساۋاق ھەر قانداق ھېكمەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

▲ مىڭ ئۆلۈش تەجرىبىدىن بىر ئۆلۈش تەدبىر ئەۋزەل.

▲ بىراۋنىڭ سۆزىگە قاراپ تىلىنى بىلىش مۇمكىن، ئەمما دىلىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمەنلىكىدىن دوستۇڭنىڭ دۈشمەنلىكى ئېشىپ چۈشىدۇ.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمەنلىكى ئاشكارا، دوستنىڭ يوشۇرۇن بولىدۇ.

▲ ئىنسان چىن سۆزىنى بىر بولسا ئاتا-ئانا، قوۋم-قېرىنداشتىن، بىر بولسا، دۈشمىنىدىن ئاڭلايدۇ.

▲ غەيۋەتخور تىلىدىن، ئاسىي دىلىدىن كېتىدۇ.

▲ كىشى بەختسىزلىكىنىڭ مەنبەسى تەقدىرىنىڭ كاجلىقىدىن بولماستىن، بەلكى تەدبىرىنىڭ خاملىقىدىندۇر.

▲ گەپ بىلەن ھەل بولمايدىغان ئىشلار ئەپ بىلەن ھەل بولىدۇ.

▲ دوستلۇقنىڭ ساقلىنىشى مىڭ تۈرلۈك ئىجتىھاتنى شەرت قىلىدۇ، ئەمما بۇزۇلۇشىغا بىر تۈرلۈك پىتنىلا كۇپايە.

▲ كىشىنىڭ مۇداپىئەلىنىشى ئەڭ قىيىن بولغىنى دوست سۈرەتلىك دۈشمەندۇر.

▲ پەرزەنت تەربىيىسىدە ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا قىلغان باراۋەرسىز مۇئامىلىسى ئۇلار قەلبىدە بىر بولسا ئاتا-ئانىسىغا ئىشەنمەسلىك، بىر بولسا، ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

▲ بۈگۈن دوستقا يەتكەن خەۋەر ئەتە دۈشمەنگە

www.uyghurkitap.com

يەتمەي قالمايدۇ.

▲ ئىش بىجىرىشتە نادانىنىڭ تاللايدىغىنى گەپ، ئاقىلنىڭ تاللايدىغىنى ئەپ.

▲ مال ساقلاشتىن سىر ساقلاش قىيىن.

▲ مېلىڭغا ئوغرى تەگسە تەگسۇنكى، سىرىڭغا ئوغرى تەگمىسۇن.

▲ دېھقان بىلەن ھۈنەرۋەننىڭ نادانلىقى ئۆزىگە، زىيالىينىڭ نادانلىقى ئەلگە بولىدۇ.

▲ كۆز يېشى ئاجىزلارغا تەسەللى، كۈچلۈكلەرگە چۈشەك.

▲ دەرد ئېيتىش تەبىئىي رەۋىشتە سىر ئېيتىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

▲ كۆڭۈل ئازادىلىكى بولمىغان خىزمەتتە خوراش كۆپ، ئۈنۈم ئاز؛ مېھنەت كۆپ، نەتىجە ئاز؛ كۈلپەت كۆپ، خۇشاللىق ئاز بولىدۇ.

▲ خاتالىقنىڭ كىچىكى ھۆرمەتنى، چوڭى باشنى كەتكۈزىدۇ.

▲ ئەقىل يەتمىگەن ئىشقا كۆز يەتمەيدۇ.

▲ ئۆز خاتاسىغا جەڭ ئېلان قىلغان كىشىدىن باتۇرلۇق تالاشمىغىن.

▲ ئۇلۇغ ۋەدىلەرنىڭ ئارقىسىغا ئۇلۇغ ساختىلىقلار يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

▲ كىشىنىڭ سىرى ئېغىزدىن چىقىشتىن بۇرۇن گۆھەرھېسابلانسا، ئېغىزدىن چىققاندىن كېيىن سايدىكى تاشتەك ئېتىباردىن قالىدۇ.

▲ ھاياتتىن قاخشاپلا ئۆتۈش، بىر بولسا سەۋرسىزلەرنىڭ، بىر بولسا، ناشۇكۇرلەرنىڭ ئىشىدۇر.

▲ ئىنسانغا نەپسىدىن ئارتۇق دۈشمەن، سەۋر ـ تاقەت ۋە شۈكۈر ـ قانائەتتىن ئارتۇق دوست يوق.

▲ كىتابقا ئەما، ساۋاتسىز ۋە ناداندىن باشقا ھەممە ئادەمنىڭ ھاجىتى چۈشىدۇ.

▲ ھەقىقىي بەختلىك شۇكى، ئۇ، ئاتىسىنىڭ مال ـ دۇنياسىدىن كۆرە ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان كىشىدۇر.

▲ پىتنە تاراتقۇچى بىر ئادەم، زىيانلانغۇچى مىڭ ئادەم.

▲ نادانىنىڭ بۈگۈنكى كۈلكىسى ئەتىكى يىغىسىدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ مۇۋەپپەقىيەت پۇرسىتىنى بايقاش خەزىنىنى بايقاشتىن ئەۋزەل.

▲ ئىدىيە جەھەتتە ئويغىتىش رولىنى ئوينىيالمىغان كىتابنىڭ ئۇيقۇ دورىسىدىن پەرقى يوق.

▲ زاكاز ئەسەر يېزىش توق قورساققا تائام يېيىشتىنمۇ قىيىن.

▲ خۇشامەت ئەۋج ئالغان جايدا چىن سۆزنىڭ ئېتىبارى بولمايدۇ.

▲ كىشىنىڭ سىرى كۆپ ھالدا دوست سىياقىدىكى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ئوغرىلىنىدۇ ۋە تارقىتىلىدۇ.

ـ ئەھمەتجان قاسىم

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە تارىخ مۇئەللىمى

## قۇچاقلاپ قالغۇڭ يوق ھەسرەتنى يەنە...

▲ باللىق ۋە ھاياتىڭدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئەسلىمە ـ ئانىنىڭ ئوبرازى.

▲ ئەرلەر مەسئۇلىيەتسىز جەمئىيەتتە تۇل ئايال، پاھىشە قىزلار كۆپىيىدۇ؛ ئاياللار مەسئۇلىيەتسىز جەمئىيەتتە ئىلىم ـ ھۈنەرسىز ئوغۇللار، سەرگەردان باللار كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

▲ ھاياتنىڭ يېرىمى قۇربان بېرىش، يېرىمى بەھرە ئېلىش.

▲ مۇھەببەت ـ ئېرىشىشتىن ئۇنتۇلىدۇ، يوقىتىشتىن ئەسلىنىدۇ.

## قانداق ياشاشنى ئۆگەتەر دۇنيا

▲ ئۆزۈڭدىن ھالقىغان ئۆزۈڭنى كۆرەي دېسەڭ، ئۆزگىلەر ئىچىدە ئۆزۈڭنى كۆزەت ۋە يەش.

▲ ئىنسان ئۆز سىرىنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن سىرلارغا تولۇپ، سىرلارنى ئېچىپ ياشايدۇ.

▲ ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالغان چاغدا باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن ئۆزۈڭگە قاراشقا باشلىسەن، بۇ دەل ئۆزۈڭنى تونۇغان كۈنۈڭ.

▲ تەبىئەت ـ بىز يەڭگۈچى، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا بىزنى يەڭگۈچى.

ـ شەمسىقەمەر ئەبەيدۇللام

---

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىدا يۇقىرا

## تەپەككۇردىن چەشمىلەر

▲ دۇمباقنىڭ ئاۋازى يوغان، ئىچى بوش؛ پوچىنىڭ گېپى يوغان، بېلى بوش.

▲ مېنىڭچە، باشقىلارنىڭ خاتالىقىدىن ساۋاق ئالمىغان ئادەم، ئاشۇ خاتالىقنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىغان بىلەن

باراۋەر.

▲ پەقەت ئىككى خىل ئادەم ناھايىتى سەممىمىي كېلىدۇ: بىرى، جاپاكەش دېھقان، يەنە بىرى، ئەمدىلا تىلى چىققان سەبىي بالا، خالاس.

▲ «بىلىم- كۈچ» ژۇرنىلى بىزگە ئەقلىي مەدەت بېرىدۇ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى روھىي مەدەت.

▲ ھەر قانداق ئادەمنىڭ قايىل بولىدىغان ئادىمى بولىدىكەن، مېنىڭمۇ قايىل بولىدىغىنىم ئاتا-ئانام، تەلەپچان ئۇستازىم ۋە تەپەككۇرى ئويغاق ئەدىب-مۇھەررىرلەردۇر.

▲ تېنىمىزدىكى كېسەلنى دوختۇر داۋالايدۇ، روھىمىزدىكى كېسەلنى قەلىمى ئۆتكۈر، روھى ئويغاق مۇتەپەككۇرلەرنىڭ ئەقلىيەلىرى بىلەن تولغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى.

▲ بۇ دۇنيا كىمنىڭ؟ بۇ سوئالغا ھېچكىم مېنىڭ، سېنىڭ ياكى ئۇنىڭ دەپ جاۋاب بېرەلمەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ دۇنيا ئۇنى ئۆزگەرتكۈچىلەرنىڭ.

▲ ھەر ئادەمنىڭ خەقىقە بىلدۈرمەيدىغان مەخپىي سىرلىرى بولىدۇ. دەل شۇ سىرلىرى سەۋەبلىك باشقىلار قىزىقىپ يېقىنلىشىدۇ ياكى يىراقلىشىدۇ.

▲ تالاي ياش «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئادەم بولۇش يولىنى تاپتى.

▲ دەردمەنلەر ئاۋۇغانسېرى كېسەللەر كۆپىيىدۇ، خالاس.

▲ بۇ دۇنيا پۇلى بارلارنىڭ دۇنياسى ئەمەس، ھوقۇقى بارلارنىڭمۇ دۇنياسى ئەمەس، پەقەتلا ئۆز خىزمىتىنى بېرىلىپ ئىشلەپ، يېڭىلىق يارىتالايدىغان ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ دۇنياسى، خالاس.

▲ تونۇگۈن-كەينىگە قايتىپ كەلمەيدىغان مەڭگۈلۈك ھەقىقەت، بۈگۈن-پايدىلىنىشقا بولىدىغان تېپىلغۇسىز پۇرسەت، ئەتە-باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى بىر كۈن.

▲ دۇنيادا چۈشىنىش ئاسان بولغىنى تىلسىز ئاڭسىز ھايۋانلار، چۈشىنىش ئەڭ تەس بولغىنى ئادەم سىياقىدىكى-سۆزلىيەلەيدىغان ئاڭلىق ھايۋانلاردۇر.

▲ تونۇگۈن-ئۆتمۈش،بۈگۈن-پۇرسەت، ئەتە-ئۈمىددۇر.

▲ ھازىرقى رىقابەت دەۋرىدە ياشايمەن دەيدىكەنسەن، باشقىلار تاش ساناپ بولغۇچە چوقۇم قوم ساناپ بولۇشۇڭ كېرەك.

— رابىيە ئوسمان

---

ئاپتور: تۇربان شەھەر سىڭگىم يېزا بەخت كەنتىدە دېھقان

## مېنىڭ تەپەككۇرلىرىم

▲ باشقىلارنىڭمۇ ئۆزۈڭگە ئوخشاشلا ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىساڭ، خەقمۇ سېنى ئادەم قاتارىدا كۆرىدۇ.

▲ باشقا كەلگەن قايغۇ قايغۇ ئەمەس، پەقەت ئۇنى ئويلاۋېرىش ھەقىقىي قايغۇ.

▲ ئىككىلىنىش-رەقىبىڭنىڭ ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن پۇرسەت.

▲ كۈتۈپخانا خىزمەتچىسى بىر بولسا بىلىم دېڭىزىغا شۇڭغىغان غەۋۋاس بولىدۇ، بىر بولسا، ئالتۇنلارنى دەسسەپ بايلىق ئىزدەپ يۈرگەن قارىغۇ.

▲ بىلگىنىنى سۆزلىگەن ناتىق ئەمەس، ئەمما، سۆزلەۋاتقىنىنى بىلگەن ھەقىقىي ناتىق.

▲ مېنىڭچە، ئاجىز ئادەم بەكرەك ھاياجانلىنىدۇ.

▲ ئەڭ نادان ئادەم ئۆمرىنى قىلغان ئىشىغا قاراپ ئەمەس، كىرگەن يېشىغا قاراپ ئۆلچەيدۇ.

▲ پۇلى يوقلار يالىڭاچ قېلىشتىن ئەنسىرىسە، پۇلى كۆپلەر يالىڭاچلىنىشقا ئالدىراۋاتىدۇ.

▲ سېمىزلىك ئۈچ نەرسىدىن بولىدۇ: بىرى، كېسەللىك، بىرى، راھەت، يەنە بىرى، ھارامدىن.

— مۇھەممەتجان مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قانۇنشۇناسلىق 2008-يىللىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مايسىلىرى

▲ بىز ھەممە ئىشنى شارائىتقا دۆڭگەشكە كۆنۈپ كەتكەن. بىلگىنكى، ئەگەر سەن شارائىتنى ئۆزگەرتمىسەڭ، شارائىت سېنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

▲ ئىدىيە يېڭىلانمىسا ھېچنېمە يېڭىلانمايدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ سۆزىدىن بىر تالاي كەلتۈرگىچە، يۈرىكىڭدىن چىققان بىر ئېغىز ھەق ھەم نەق گەپنى قىل، مەن شۇنىڭغا قايىل بولىمەن.

— نۇرگۈل ھېيت

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە بازىرى كونا شەھەر مەكتەپتە مۇئەللىمە

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى- دىلكەش

www.uyghurkitap.com

دوستلارنىڭ مەنۋى «ئېچىل داستخىنى».

— نۇرئەھمەت تەۋەككۇل

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ئىقتىساد 2007 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىنساننىڭ ئىنسانغا باھا بېرىشى ـ كۆپ قىرلىق ئەينەكتىن پەقەت ئۇنىڭ بىرلا تەرىپىنى كۆرۈشتىن ئىبارەت.

— يۇسۇپجان يانتاق

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە «تەگرتاغ» ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

## تۇرمۇش ھەقىقەتلىرى

▲ نادانلىق تۈگىمسە گادايلىق تۈگىمەيدۇ.

▲ ھاياتلىق ـ يۈز تۇرانە ئىمتىھان، ئۇنىڭ خۇلاسە نومۇرى ئادەم ئۆلگەندە چىقىدۇ.

▲ كۆلگەك خوتۇن غەيۋەتكە يېقىن، كۆڭۈلچەك ئەر تۆھمەتكە.

▲ ئۆزۈڭنى تونۇش ـ ئادىمي مەجبۇرىيەت، ئۆزۈڭنى تونۇتۇش ـ ئادىمي مەسئۇلىيەت.

▲ ئەقىلسىز ـ تەدبىرسىز، بىلىمسىز ـ ئەقىلسىز كېلىدۇ.

▲ چولپاننىڭ نۇرى ئايغا يەتمىگەندەك، سەنئەت چولپانلىرىنىڭ تۆھپىسى ئالىمغا يەتمەيدۇ.

▲ تۈنۈگۈننى ئۇنتۇغان، بۈگۈننى تونىمىغان ئادەمنىڭ ئەتىسىدىن ئۈمىد يوق.

▲ ئەر موت ـ موت بولسا، خوتۇن كوچىغا چاپىدۇ؛ خوتۇن كوت ـ كوت بولسا، ئەر ئۆيدىن قاچىدۇ.

▲ ئەي مۇئەللىم ! سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئوقۇغۇچىدىن سوئال سوراپ جاۋاب ئېلىش ئەمەس، ئوقۇغۇچىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش، جەمئىيەتنىڭ، تەبىئەتنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب تېپىشنى ئۆگىتىش.

▲ ئەي مۇئەللىم! ئالدىڭدا ئولتۇرغىنى سەبىي بالا ئەمەس، خەلقنىڭ ئامانىتى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى.

▲ ئىسلاھات ـ كونىنى تاشلا.

ئەرەققىيات ـ يېڭىنى باشلا.

▲ كونا باي ئاز خەجلەيدۇ، يېڭى باي ئاز ئۇخلايدۇ.

▲ ئالىملىرى قەدىرسىز، سەنئەتچىلىرى ھۆرمەتلىك مىللەت ئويۇن ـ تاماشىدا ئالدىدا، تەرەققىياتتا ئارقىدا ماڭىدۇ.

▲ سەنەتكە قارايدىغان كۆز تولا، ئالدى ـ ئارقىدىن تىللايدىغان سۆز.

— ياقۇپ ھەمدۇللا

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە پېنسىيدىكى مۇئەللىم

## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ ئەستايىدىللىق ـ بىر ئادەمنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنىڭ بەلگىسى.

▲ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرۇش دانالىقتا، دۈشمىنىنى كۆزىتىپ تۇرۇش ھوشيارلىقتا يېتەكلەيدۇ.

▲ بىلىم ئۆگىنىشتىن، ئەقىل تەپەككۇر قىلىشتىن كېلىدۇ.

▲ تەدبىرسىز پىلان ـ ئوقسىز قورال.

▲ سەۋەبنى تاپساڭ، تەدبىرنى ئىزدە.

▲ نىشان ئېنىق بولمىسا، يول يىراق بولىدۇ.

▲ ئۆزىدىكى ساپا، ئىقتىدار بىلەن ھېسابلاشماي نەتىجىگە ئېرىشكۈسى، ئۆسكۈسى كېلىدىغانلارنىڭ ماڭىدىغان يولى ئارقا ئىشىك.

▲ قىسمەن كىچىك خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈش قورقۇنچلۇق ئەمەس. ئاشۇ خاتالىقلاردىن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى خۇلاسىلەپ ماڭساڭ، چوڭ خاتالىقلارنى سادىر قىلىشتىن ساقلىنىپ قالىسەن.

▲ جىق بىلگەن ئاز سۆزلەيدۇ.

▲ سۆزنىڭ ئېتىبارى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلۇقىدا.

▲ ئۆتكەن ئىشلارغا تولا قايغۇرۇپ: «ئىسىت، ئەرىخا» دېگۈچىلەرنىڭ كۆپى ھازىرمۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قايمۇقۇپ يۈرۈۋاتقانلاردۇر. قايغۇنى قىلساڭ ـ قىلساڭ تۈگىمەيدۇ، ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ، ئادەم تۈگەيدۇ.

▲ قورسىقىڭنىڭ كەڭلىكىنى باشقىلارغا يول قويغىنىڭ بىلەن ئەمەس، ئۇلارنى قانچىلىك مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرگىنىڭ بىلەن ئۆلچە. تولا يول قويۇشمۇ قورساقنىڭ كەڭلىكىدىن ئەمەس، ھاماقەتلىكتىن بولىدۇ.

▲ ئۆزىنى كۆزەتمىگەن ئادەم، خاتالىقنى تۈزەتمىگەن ئادەمدۇر.

▲ ياخشىچاق ئادەم «ماقۇل»غا كۆنۈك.

▲ تىل كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەي، قەلب ئىشىكىنى ئاچالمايسەن.

▲ چېقىمچىنىڭ خۇشلۇقى باشقىلارنىڭ ئازابى بىلەن بولىدۇ.

▲ نازلانغاننىڭ يېنىدا ئۇزۇن تۇرساڭ مازلىنىسەن.

▲ ئۆزى بىلگەننى ئۆگىتىش تەربىيە، بىلمىگەننى ئۆگىتىمەن دېيىش مەمەدانلىق.

▲ سوئال-سورىقى بولمىغان ئىشنىڭ مۇكاپات ۋە جازاسىمۇ بولمايدۇ.

▲ بىلمىگەن ئادەم ئىش قىلسا، قىلغان ئىشىدىن داۋرىڭى كۆپ بولىدۇ.

▲ يالغانچىنىڭ داۋرىڭى كۆپ، زالىم پادىشاھنىڭ ئالۋىڭى.

▲ ئىقتىدارسىز ئادەمنىڭ باشقىلارغا قىلغان تەربىيەلىرى ئارتۇقچە.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، كۆپ ۋاقتى ھەرەمخانىدا ئۆتكەن پادىشاھتىن كۆرە جەڭگاھتا ئۆتكەن پادىشاھنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنراق بولغان.

▲ سۇ بۇلغانسا مەينەتلىشىدۇ، ئىدىيە بۇلغانسا ئادەم ئەخلەتلىشىدۇ.

▲ ئىپلاس ئادەملەرنىڭ ئويلايدىغىنى ھىيلە-مىكىر، دانا كىشىلەرنىڭ ئويلايدىغىنى ئەقىل-تەدبىر.

▲ ھەممىگە ئوخشايدىغان نەرسىنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ باقساڭ، ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر نەرسە بولۇپ چىقىدۇ.

▲ ئۆگىنىش سېنى دەۋرگە، ھەرىكەت مۇھتىقا ماسلاشتۇرىدۇ.

▲ دۇنيادا ئۆزىگە دۇشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىغاندىن ياخشىلىق كۆتكەن ئادەمدىن ئۆتە بىچارە كىشى بولمىسا كېرەك.

▲ ئىككى-ئۈچ ئايال بىر يەرگە كەلسە كىيىمنىڭ گېپى، ئىككى-ئۈچ ئەر بىر يەرگە كەلسە ئايالنىڭ گېپى. دېمەك، ئاياللار ئۈمىدىنى كىيىمگە، ئەرلەر ئۈمىدىنى ئاياللارغا باغلىغاندەك قىلىدۇ.

▲ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭنى چۈشەنمىسەڭ، باشقىلارنىڭ سەنىمگە دەسسەپ مېڭىۋېرىسەن.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

## ئارزۇ تىنىقلىرى

▲ بەدەل تۆلىمىگەن نەتىجە كۆپۈككە ئوخشايدۇ.

▲ غەم—بۇگۈن ۋە ئەتىنىڭ تەييارلىقىدۇر.

▲ ئۆزىنى يوقاتقان ئايال پۇراپ قالغان گۆشكە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا قونىدىغان چىۋىن شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆزىنى بىلىش ئارقىلىق ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

▲ ئۆزىنى قەدىرلىمىگەننىڭ قەدرى ھېچ كىشىگە بىلىنمەيدۇ.

▲ ئاننىڭ ئەيىبىنى قىز ياپىدۇ، ئاتىنىڭ ئەيىبىنى ئوغۇل.

▲ مەغلۇبىيەت، بىرگە، ئۆزۈڭنى قايتىدىن يارىتىشىڭدىن، يەنە بىرگە، ئۇن-تىنسىز غايىب بولۇشىڭدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ نام-ئاتاق قازىنىش— باشقىلاردىن كىيىم-كېچەك ئارىيەت ئالغانغا ئوخشايدۇ.

▲ كىبىر-تەمەننا—قازانغان نەتىجەڭدە ئەمەس، بەلكى شۇ نەتىجەڭگە تۇتقان مۇئامىلەڭدە ئىپادىلىنىپ قالىدۇ.

▲ «ئۆزۈمنىڭ» دېگەن سۆز چوڭ بىر ھوقۇقتىن بېشارەت بېرىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلار كۆپۈككە، باشقىلارنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلار شۆپۈككە، ھېچقانداق ئىش قىلمىغانلار ئۆلۈككە ئايلىنىدۇ.

▲ ئاچچىقنىڭ ھەممىسى تاتلىقنى قوغلاشقانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲ باشقىلار چۈشەنمەيدىغان گەپ-سۆزلەرنى كۆپ قىلىدىغانلار—بىرگە، ئەڭ ئەقىللىق، بىرگە، ئەڭ نادان-ئەخمەق كىشىلەردۇر.

▲ ھەسەتخور— ئىچى تارلار— بىر ئۆمۈر ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورىغۇچىلاردۇر.

▲ چۈشەنمىگەن ئادەم بىلەن بىرگە يۈرۈش—بىلمىگەن(قىلىشنى ئۇقمىغان) ئىشنى قىلغانغا ئوخشايدۇ.

▲ ئالىمدىن بىلىم بىلەن كىتاب قالىدۇ، ناداندىن ئاچچىق بىلەن پۇشايمان ھەم ساۋاق.

▲ خورلۇق— نامراتلىق ۋە موھتاجلىقتىن باشلىنىدۇ.

▲ ھىيلە- نەيرەڭ— پوستىغا كىرىۋېلىش.

▲ سېنىڭ پادىشاھ ۋە گادايي ۋاقتىڭ—باي ۋە نامرات ۋاقتىڭدۇر.

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قورالليق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

(ئاپتورغا ئەسكەرتىش: «تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى» دا كۆرسىتىلگىنىدەك: تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە بەتنىڭ ئوڭ يۈزىگە يېزىشنى، ئالدى-ئارقىسىغا يازماسلىقنى ئالاھىدە ئەسكەرتىمىز.—مەسئۇل مۇھەررىردىن)

▲ سىنىڭ باشقىلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىڭ ــ قانداق ئادەملىكىڭنى بەلگىلەيدۇ.

▲ بىلىدىغىنىڭ كۆپ بولسا، قىلماقچى بولغىنىڭ كۆپ بولىدۇ.

▲ ھەممە ئادەمگە ئۆزۈڭگە ئىشەنگەندەك ئىشەنسەڭ، ئاسانلا قىلتاققا چۈشىسەن.

▲ سىنى مىجىپ يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغانمۇ، يەنىلا ساڭا ئەڭ يېقىن تۇرغان ياكى ساڭا تاسادىپىي يېقىن بولۇۋالغان كىشىدۇر.

▲ بىراۋنىڭ دۈشمەنلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ باردى ـ كەلدى قىلىۋېرىش ــ يىلاننىڭ چاقىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يېقىنلىشىش(قۇيرۇقىنى تۇتۇش)دۇر.

▲ خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئادەم كۆپىنچە ھالدا خەلققە دۈشمەنلىك قىلىشنى چىقىش يولى قىلىۋالىدۇ.

▲ خەلقنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن قەھرىمان ــ ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن تاشلىۋېتىلگەن نەرسىگە ئوخشايدۇ.

▲ نىيەت ــ روھنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى، ھەرىكەت ــ روھ بىلەن تەننىڭ بىرلىككە كېلىشى.

▲ نەتىجىلا قازىنىپ تۇرىدىكەنسەن، دۈشمەن يېنىڭدىلا.

▲ يامان ئىشتا كىچىك بالا بىلەن نادانىنىڭ پەرقى شۇكى، بىرى، بىلمەي قىلىدۇ، بىرى، بىلىپ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى ــ قەلبلەر ۋە ھەرىكەتلەرگە دىئاگنوز قويىدىغان دوختۇر.

▲ يېقىنىڭ ــ يېقىنىڭ.

▲ ئەر كىشى غۇرۇر بىلەن، ئايال كىشى ئىپپەت بىلەن ئادەمدۇر.

▲ خوتۇن كىشى ــ بارلىق ئاجىزلىق ۋە ئىللەتنى ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ.

▲ ئاياللار ــ ئادەملەرنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلىشقا ئەڭ ئۇستا قوۋمدۇر.

▲ ئەرلەرنى كۆزگە ئىلماي گىدىيىپ يۈرىدىغان ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى، بىرگە، چىرايى ۋە قەددى ـ قامىتىدىن پەخىرلىنىدىغانلار، بىرگە، مال ـ دۇنياسى ۋە ھوقۇقىدىن پەخىرلىنىدىغانلار، يەنە بىرگە،ئەرلەرنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە ھېسسىياتىدىن گۇمانلىنىدىغانلاردۇر.

▲ ئاياللار ھەممە ئىشنى بىلىشكە قىزىقىدۇ، ئەرلەر قىلىشقا.

▲ ئايال كىشىنىڭ تەربىيەڭنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ــ قاشاڭلىقىدىن ئەمەس، بەلكى سىنى ۋە سۆزۈڭنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىدىندۇر.

▲ ئاياللار كۆپىنچە ئىشتا «سەكرىسمۇ»، ئاخىرى بېرىپ جايىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

▲ ئايال كىشىنىڭ مال ـ دۇنيا ۋە ھوقۇقتا سەندىن ئۈستۈن بولۇشى، كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قەلبىڭدە ساقايماس يارا پەيدا قىلىدۇ.

▲ ئايال كىشىنىڭ مال ـ دۇنياسى ئەر ئۈچۈن سەرپ قىلىنغاندا، ئۇ، ئەرنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ تۇرىدىغان تاشقا ئايلىنىدۇ.

▲ يېڭى توي قىلغاندا ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىيسەن، يېڭى ئۆي ئايرىغاندا تۇرمۇشنىڭ ئاچچىقىنى.

▲ ئېرىڭنىڭ پەزىلىتى ــ ئۆزۈڭدىن تۆۋەن دوستۇڭنىڭ ئۆيىگە، ئايالىڭنىڭ پەزىلىتى ــ ئۆزۈڭدىن ئۈستۈن دوستۇڭنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا ئېلىپ بارساڭ ئاشكارىلىنىدۇ.

▲ ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ۋاقىتتا ئارىدىكى مۇھەببەت ۋە نەپرەت ئېنىق ئايرىلىدۇ.

▲ ۋەدەڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈن، ۋاپادارلىقىڭ كىشى ئۈچۈن.

▲ مۇھەببەت ــ ئىككى كۆڭۈلنىڭ تۇتاشقان جايى.

▲ مۇھەببەت ــ بېكەت، نىكاھ ــ كۆۋرۈك(ماشىنا)، تۇرمۇش ــ مەنزىلدۇر.

▲ (توي قىلىپ) باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كېلىن بولۇپ كىرگەن قىز ــ باشقا كوچەتكە ئۇلانغان كۆز(نوتا)گە ئوخشايدۇ.

ــ مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد ئۇيغۇرزادە

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزاقىزىلئۆستەڭ كەنتىدە دېھقان

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ مەلۇم نەرسىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتەلىگىنىڭ يېرىم بىلگىنىڭ، باشقىلارغا بىلدۈرەلىگىنىڭ پۈتۈن بىلگىنىڭ ھېسابلىنىدۇ.

▲ قوش بىسلىق ــ ھەر ئىككى تەرىپى كېسىدىغان پىچاق(خەنجەر) يامان ئىش(ئادەم ئۆلتۈرۈش)تىن باشقىغا ئىشلىتىلمەيدۇ.

▲ قۇياش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاندىن چىراغ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

www.uyghurkitap.com

▲ چاقچاق گەپ تۈز ئېيتىلغان بىلەن، گۇمانىي گەپ ئەگىتىپ ئېيتىلىدۇ.

▲ ئىلگىرى بالىغا قاراپ ئاتا-ئانىغا باھا بېرەتتى، ھازىر ئاتا-ئانىسىغا قاراپ بالىغا باھا بېرىدىغان بولدى.

▲ سىر ئاشكارا بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا قىزىقىشىڭىزنى قوزغىيالايدۇ.

▲ قىزلار سۆيگۈ-مۇھەببەتتە، ئوغۇللار رىقابەتتە ئۆزىگە دۈشمەن تاپىدۇ.

▲ كۆپىنچە ئەھۋالدا دوستۇڭ ئالدىڭدا ماڭىدۇ، دۈشمىنىڭ ئارقاڭدىن.

— ئابابەكرى ئوبۇل (ئويغاق)

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ھاياتلىق ۋە مۇھىت ئىلمى فاكۇلتېتى قوللىنىشچان خىمىيە 2006-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ كۆز—مۇھەببەت ۋە نەپرەتنىڭ تەرجىمانى.

▲ بىردىنبىر نۇقسانسىز ئادەم ئاشىقنىڭ مەشۇقى.

— ئىسمائىل يۇسۇپ

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2008-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بەش بالاڭدىن ئۆزۈڭنىڭ بىر ئەقلى ئارتۇق.

— رەھىمىخان ئىبراھىم

ئاپتور: پىچان ناھىيە لەمجىن بازىرى خاندۇشا كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە پېنسىيىدىكى مۇئەللىمە

▲ ئۆمرىمىز شۇنداق ئۆتەر ئۆزىمىزدە يوققا زارلاپ، بارنى خارلاپ.

— ھاۋاگۈل قادىر

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 6-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەڭ ئازابلىنىدىغان ۋاقتىڭ، ساڭا تەۋە نەرسىنىڭ كىشىلەر قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتىدۇر.

— ئابدۇغەنى توقو

ئاپتور: قىرغىز، ئاقتو ناھىيە ماتارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

▲ ئەرنىڭ ئېغىر-بېسىقلىقى— ئائىلىنى جەلپ قىلىدىغان بىردىنبىر سىر.

▲ ئەرنىڭ ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋېلىشى ئائىلىنى ھۇرۇن قىلىپ قويىدۇ.

— ئىمىنىياز ھەسەن

ئاپتور: شىنجاڭ يېزائىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى «قوش تىل» تەربىيىلەش بويىچە 2008-يىللىق 7-سىنىپنىڭ كۇرسانتى

▲ تەڭرىنىڭ ھەممە ئىنسانغا ئوخشاش ئاتا قىلغىنى ۋاقىت ۋە ساغلاملىق.

▲ ئاشخانىلاردا ئاشقان تاماقلارنىڭ تۆكۈلۈشى— شۇ ئاشخانىنىڭ، رېستورانلاردا ئاشقان تاماقلارنىڭ تۆكۈلۈشى— ئادەملەرنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بېشارىتى.

▲ كىشىگە ئىشلىسەڭ كىشىنى باي قىلىسەن، تۇرمۇشۇڭنى ئاران قامدايسەن؛ ئۆز ئالدىڭغا ئىشلىسەڭ يانچۇقۇڭ پۇلغا توشىدۇ، كاللاڭ تەجرىبىگە.

▲«ئۈچ ئەۋلاد ساتىراشخانىسى»، «تۆت ئەۋلاد دوغاپ شاھى»، «بەش ئەۋلاد كاۋاپ شاھى»... دەپ ۋىۋىسكا ئېسىۋالغان تىجارەتچىلەرگە ئاتا-بوۋىسى مۇشۇنىڭدىن باشقا كەسىپ قىلماي، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد شۇنداق ياشاڭلار دەپ ۋەسىيەت قىلغانمۇ، ياكى ئۇلا تىجارىتىنى ئاقتۇرۇش ئۈچۈن يالغاندىن شۇنداق ئاتىۋالغانمۇ؟

▲ قوياش، ئاي، يۇلتۇز، ھېچقايسىسى ھېچقايسى دۆلەتكە تەۋە ئەمەس.

— مېھرىگۈل ھەسەن

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە توخۇلا يېزا بوغۇچى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە مۇئەللىمە

## ئاچچىق تىنىقلار

▲ سەھەر تۇرۇپ كەچ ياتقانلار پۇل تاپار، چۈشتە قوپۇپ يەپ ياتقانلار كېسەل.

▲ شەيتان قىزلارنىڭ كۆكسىدە ھەم ساغرىسىدا.

▲ ئاۋامنىڭ سۆزىنى سۆزلىسەم ئاۋام چاقتى، سۆزلىمىسەم ۋىجدانىم ئۆلدى.

— تۇرغۇنجان ئابلا

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 4-دىۋىزىيە 62-پولك بەخت كوچا 8-قورۇدا

## سۆز ئىچىدىكى سۆز، كۆز ئىچىدىكى كۆز

▲ ئانا سۈتى—دۇنيانىڭ پاكلىقى.

▲ چوڭ ـ كىچىكنىڭ نۆۋىتى بولسۇن، ساقاللىقنىڭ ھۆرمىتى.

▲ سودىگەر مېلىنى قىممەت سېتىش ئۈچۈن ماختايدۇ، خېرىدار ئەرزان ئېلىش ئۈچۈن نۇقسان ئىزدەيدۇ.

▲ گۈل بەرگىدىكى شەبنەم ــ قىز مەڭزىدىكى شادلىق يېشىغا ئوخشايدۇ.

▲ كەلگۈسىدىكى راھەت ـ پاراغەتنىڭ شېرىن خىيالىنى قىلغۇچە، ئەتىكى ئىشىڭنىڭ تەييارلىقىنى پۇختا قىل.

▲ ئەر كىشى ئەينەككە تولا قاراپ كەتسە، خوتۇن كىشى تالاغا قارايدىغان بوپقالىدۇ.

▲ يوقىنى تىلەپ يىغلىغۇچە، بارىنى ساناپ يە.

▲ پۇتمىگەن ئىشنى داۋراڭ سالما، بولمىسا پۇتلىكاشاڭ كۆپ بولىدۇ ياكى ئىشىڭنىڭ ئاخىرى يوققا چىقىدۇ.

▲ باشقىلار بىلمەيدىغان ھېچقانداق مەخپىيەتلىك بولمىسا، ھەممە ئادەمنىڭ ساڭا پەرۋاسىز قارىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

— ئابلىكىم غوپۇر

ئاپتور: ئۈرۈمچى كەسپلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتى 2007 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ بۈگۈنۈڭ ئۈچۈن ئىزدەنگەندە تەپەككۇرۇڭغا تايان، كەلگۈسۈڭ ئۈچۈن ئىزدەنگەندە تەسەۋۋۇرۇڭغا.

▲ باشقىلارغا ھەسەت قىلغان ۋاقتىڭ ــ ئۆز ـ ئۆزۈڭنى ھەسرەتلەندۈرگەن چېغىڭ.

▲ بىر كۈندىلا قالتىس ئادەمگە ئايلىنىشىڭغا ئىشەنمەيمەن، ئەمما ئاشۇ بىر كۈندە بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىرادە قىلساڭ، كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

▲ ئالغا ئىلگىرىلىمەكچى بولساڭ چېكىنىش يولۇڭنى ئۈزۈپ تاشلا، بىراق چىقىش يولۇڭنى ئىزدەپ تاپ.

▲ سودىدا پۇل تاپاي دېسەڭ پۇرسەتنى كۆپ قامالا، تۇرمۇشتا تۇل قالاي دېسەڭ ئېرىڭدىن كۆپ يامانلا.

▲ پىشقان تەپەككۇرلىرىڭنى ۋاقتىدا ئۈزۈۋەت، بولمىسا، مېۋىسىنى يېيىشنىڭ ئورنىغا پۇشايمىنىنى يەپ قالىسەن.

— ئەسقەر ئەنۋەر

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى ئۇچۇرچىلىق 2005 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ پوچى ــ ئوقى يوق قورالنى كۆتۈرۈۋالغۇچى.

▲ بەخت سىز ئىزدىگەن ئالتۇندا بولماي، بەلكىم سىز تاشلىۋەتكەن پۇچۇق نانىدا بولۇشى مۇمكىن.

▲ تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنى تەقدىرنىڭ ئادالەتسىزلىكى دېگۈچىلەر خۇنۇكلىشىدۇ، تەقدىرنىڭ چاقچىقى دېگۈچىلەر كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، رېئاللىق دېگۈچىلەر تەن بېرىدۇ، ئاددىي سىناق دېگۈچىلەر يېڭىشكە ئۇرۇنىدۇ...

▲ ئەرسىز دۇنيا ــ ھاياسىز دۇنيا،
ئايالسىز دۇنيا ــ پايانسىز دۇنيا.

— رىزۋانگۈل ياسىن

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ مەغلۇبىيەتچىلەر كۆپىنچە تۈنۈگۈننى ياد ئېتىپ ئولتۇرىدۇ.

▲ «...بولغان بولسا» ــ دۇنيادىكى ئەڭ بىچارىلەرنىڭ سۆزى.

▲ ھاراق ــ كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى تورمۇزلاپ، تەپەككۇرسىز ــ مايمۇن ھالىتىدە ئىش بېجىرگۈزىدىغان ۋاستە؛ تاماكا ــ باشقىلارنىڭ ئۆپكىسىگە ئوت يېقىش ئارقىلىق ئۇلارنى تىرىك كاۋاپ قىلىش ئۇسۇلى.

▲ ئۈمىدسىزلەنگەندە دوختۇرخانىنى، مېيىپلار ئورنىنى، تۈرمىنى ۋە قەبرىستانلىقنى يوقلاپ كەل.

— ئابدۇللا ئىسكەندەر

ئاپتور: باي ناھىيە سايرام بازار قارا دۆڭبۇلاق كەنتىدە دېھقان

## قەلبىمدىكى گۈل ۋە تىكەنلەر

▲ سېلىشتۇرۇش بولمىسا ئۇيغىنىشمۇ بولمايدۇ.

▲ ئالدامچىلىق بىلەن باشلانغان ئىش شەرمەندىلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲ ئۆز ئورنۇڭنى بىلىپ ئولتۇرمىساڭ، باشقىلار كېلىپ ئولتۇرىدۇ.

— ئەركىن ئابدۇكېرىم (تەنھا)

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قەشقەر ۋىلايەت چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى قاغىلىق ناھىيە چوڭ ئەترەتتە سىياسىي يېتەكچى

## تىرەن تەرمىلىرى

▲ شالىنى چاچقان سۆزلەر، قوشۇمسىنى تۆرگەن كۆزلەر.

▲ ئۆيىنى تاشلىغان سەرسان بولۇر، ھۈنەرنى تاشلىغان ۋەيران.

▲ ئۈچ خىل قوشنىدىن تەلىيى كەلمىگەن ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي: بىرىنچىسى، ئۆي قوشنىسى، ئىككىنچىسى، دۇكان قوشنىسى، ئۈچىنچىسى، ئېتىز قوشنىسى.

▲ غەيۋەتخور— تەكلىپسىز ئەلچى.

▲ ھارام نەرسىنىڭ سودىسى ئىتتىك، بەرىكىتى ئاز بولىدۇ.

▲ ئىنساننىڭ ئەقلى بىلىم بىلەن، نەپسى تەمە بىلەن كۆچىيىدۇ.

▲ قەرز— تىزگىنسىز يۈگەن.

— ئابدۇرېھىمجان مۇھەممەت تىرەن

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر سۇنتاغ يېزا شورۇق كەنتىدە دېھقان

※ ※ ※

▲ قىمارنى داداڭ ئوينىسا سەن، سەن ئوينىساڭ داداڭ، بالاڭمۇ ئوينىسا پۈتكۈل ئەۋلادىڭ قەرزدار بولىدۇ.

▲ كىشىنىڭ سىرىنى كىشىگە ئېيتما، بولمىسا ئۇنىڭ ئالدىدا بىر بولسا خىجالەتچى، بىر بولسا خىيانەتچى سانىلىسەن.

— شاھبانۇ ساتتار

---

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ناركوز ئىلمى 2007-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر دۇردانىلىرى

▲ ئانىسىنى سۆيمىگەن ئادەم ھېچنېمىنى سۆيمەيدۇ. چۈنكى ئانا بالىسىغا سۆيۈشنى تۇنجى قېتىم سىڭدۈرگۈچىدۇر.

▲ ۋاقىت بىر پارچە نەمدەلگەن بۇلۇتقا ئوخشايدۇ، سىققانسېرى چىقىدۇ؛ «ۋاقتىم يوق»— ئەڭ پاسسىپ باھانىدۇر.

▲ ئۈچۇر تېخنىكىسى ئارىلىقىمىزنى يېقىنلاشتۇردى، ئەمما ئارىمىزنى تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتتى.

▲ تەربىيە كۆرمىگەن ئوسال بالا قاقشال كۆچەتكە ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆزىنى يېقىپ ئۆستۈرگەن زېمىنغا مېۋە بەرمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە— قۇرۇپ تۆگىگىچە زېمىننىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى قۇرۇتىدۇ.

▲ تىل— دىلنىڭ ياغراتقۇسى، سۆز— كۆزنىڭ ئاغلاتقۇسى.

— ئابدۇلئەزىز ئىسكەندەر

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق- قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى ماشىنىسازلىق 2007- يىللىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## توغرۇل تىنىقلىرى

▲ ئۆزىدىن يۇقىرىلارغا باھا بېرىش ئەقىلسىزلىقنىڭ، ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە باھا بېرىش ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ گېپىنى يۇتۇپ ماڭغان قۇل (دۈت) بولىدۇ، گېپىنى ئۈتكۈزۈپ ماڭغان ھۆر.

▲ يول ماڭغاندا، بىرى ئەما ئادەم، يەنە بىرى، ئوغرى بەك ئېھتىيات قىلىدۇ.

▲ رەقىبىدە بار نەرسىنى ئۆزىدە تەل قىلىپ ماڭالىغان ئادەم ئالدىراپ رەقىبىدىن يېڭىلمەيدۇ.

▲ ياشلار غېرىبسىنسا بازار، ياشانغانلار غېرىبسىنسا مازار چۆرگىلەيدۇ.

▲ ئادەم قېرىغانسېرى كۆزى كىچىك، قۇلىقى ئۇزۇن، ئاغزى ئىتتىك، پۇتى ئاقساق، قولى قاداق بوپقالىدۇ.

▲ ناخشا- مۇزىكا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى، كىتاب- ژۇرنال كاللىسىنى ئاچىدۇ.

▲ مۇنداق ئىككى خىل ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە ئىناۋىتى بولمايدۇ: بىرى، خوتۇن- بالىلىرىنىڭ، يەنە بىرى، دوست- بۇرادەرلىرىنىڭ نەزىرىدە يوق ئادەم.

▲ ئاستا سۆزلەش، بىر بولسا سالماقلىقنىڭ، بىر بولسا، قورقۇنچاقلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ بېشىمغا پىت سېلىۋالماي دېسەڭ، بىرى، ئويلىماي سۆزلەشتىن، يەنە بىرى، توختىماي سۆزلەشتىن ساقلان.

▲ سودا دېمەك— گاھ ئويدا، گاھ يولدا بولۇشتۇر.

▲ نېسى قىلغان سودىنىڭ خېرىدارى كۆپ، بەرىكىتى ئاز بولىدۇ.

▲ ئوغلۇڭنىڭ قانداق ئادەم بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ ئاغزى بىلەن قولىغا، قىزىڭنىڭ قانداق ئادەم بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ يۈزى بىلەن چېچىغا قاراپ باق.

▲ شەھەردىكىلەر پۇل تاپسا ئۆي جاھازىلىرى، سەھرادىكىلەر پۇل تاپسا ئۆي ھايۋانلىرى ئالىدۇ.

▲ قولىغا خېنە قويىۋالىدىغان قىز- ئاياللار ئەمەلىيەتتە

خېمىر يۇغۇرالمايدىغانلاردۇر.

▲ ئادەم (دوست)نىڭ بىرى، كۆپ يەيدىغىنى، يەنە بىرى، كۆپ دەيدىغىنىدىن خاتىن چىقىدۇ.

▲ پۇل تاپاي دېسەڭ سودا، يول تاپاي دېسەڭ سەپەر قىل.

▲ نادان ـ گاللۇك كۆپ ئەل ـ يۇرتتا هاشار ـ سىلىق، ئاقىل ـ هوشيار كۆپ ئەل ـ يۇرتتا كىرىم كۆپ بولىدۇ.

## هەزىل

▲ ئاغزى يۇمشاقنىڭ ئىشى كاتتا، قولىقى يۇمشاقنىڭ ئىشى.

ــ ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەهەر «توغرۇل» كىتابخانىسىنىڭ خوجايىنى

❋ ❋ ❋

▲ بەزى قىزلار قىزلىق غۇرۇرىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ئۆزى سۆيگەن كىشىگە ئېغىز ئاچالماي هەسرەتلىنىسە، بەزى يىگىتلەر جۈرئەتسىزلىكىدىن...

ــ رەناگۈل هاشىم

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي ـ قانۇن فاكۇلتېتى 2006 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ گەپ تاپقان غەيۋەتچى، پۇل تاپقان بايۋەچچە.

▲ ئاجىزلىقى ئالدىدا قىزلار يىغلاشقىنىدۇ، ئوغۇللار جېدەلخور بوپقالىدۇ.

ــ ئەزىمەت مەشرەپ

---

ئاپتور: تاجىك، ئاقتو ناهىيە تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا مۇئەللىم

## ئېغىر تىنىقلار

▲ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكرى ئېچىلمىسا، ئېغىزى ئېچىلمايدۇ.

▲ مائارىپ بىر ئۇلۇغ ئىش، بىر مەزگىل لىيىپ قالغان بىلەن هامان سۈزۈلىدۇ.

▲ مېنىڭ ئويلايدىغىنىم ــ رەهبەرلەرنىڭ مايىللىقى ئەمەس، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قايىللىقىمۇ ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ رازىلىقى.

▲ بىلگىنىڭ ئوقۇم، سۆزلىگىنىڭ چۈشەنچە، ئىشلەتكىنىڭ بىلىم.

▲ كىتابتىكى بىلىم ئۆلۈك، ئۇنى تىرىلدۈرىدىغىنى ئويغاق پىكىر.

▲ ئادەمنىڭ خاسلىقى ــ مەۋجۇدلۇقىنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى.

▲ ئەركىنلىك ــ پەقەت ئۆزىنى چۈشەنگەن ئادەم ئۈچۈنلا بېرىلگەن مۇقەددەس هوقۇق.

▲ شاتۇتنىڭ ئاۋازى بار، نەغمىسى يوق؛ نادانلارنىڭ غەلۋىسى بار، غەلبىسى يوق.

▲ ئوقۇتقۇچى، جەمئىيەتتىكى ئوبرازىڭىزغا دىققەت قىلىڭ. سىز مەكتەپتىلا ئەمەس بەلكى جەمئىيەتتىمۇ تەربىيىلىگۈچى!

▲ ئوقۇتقۇچىلىق سالاهىيەتنى خەلق بەرسە ئىدى، خەلق مائارىپى هەقىقىي يۈكسەلگەن بولار ئىدى.

▲ مىللەتنى مائارىپ تونۇتىدۇ، جاهالەت يوقىتىدۇ.

▲ بەزى ئوقۇتقۇچىلار «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇپ باقسا ئىدى، ئۆزىنىڭ زامانىنىڭ، هەتتا تەربىيىلەۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭمۇ كەينىدە قېلىۋاتقانلىقىنى هېس قىلغان بولار ئىدى.

## هەزىل

▲ ئەقلىمىزدىن نەپسىمىز تېز تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بىزنىڭ جاهاننى قازانغا ئوخشاتقانلىقىمىزدىن بولسا كېرەك.

ــ هەسەنجان يۈسۈپ

---

ئاپتور؛ يەكەن ناهىيە تاغارچى يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم

## تەپەككۇردىن تەرگەن تەرمەچلەر

▲ ئاچ قورساققا تېتىماس تاماق يوق.

▲ ئەڭ كەمتەر ئادەممۇ، بىرى، ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا، يەنە بىرى، ياخشى كۆرگەن ئادىمى ئالدىدا ماختىنىدۇ.

▲ كۆڭۈل هامان بىر نەرسىدىن تەسەللىي تاپىدۇ.

▲ سۇ قانچە قېلىن بولسا مۇزمۇ شۇنچە قېلىن بولىدۇ.

ــ يۈسۈپجان مۇهەممەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق 13 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇرۇمدىن تامچىلار

▲ يالغانچىنىڭ كۆڭلىدە باهانە كۆپ، راستچىلنىڭ كۆڭلىدە تارازا.

▲ ئىككى دوستنىڭ ئېيتقانلىرى:

كەمبەغەلدۇق، ئىزدەشتۇق.

پىتلىنىپتۇق، بەسلەشتۇق.

باي بولۇپتۇق، سەتلەشتۇق.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

ئۆز ئارامۇ قەستلەشتۇق.
سورۇلغاندا ئەپلەشتۇق.

▲ ئۆزۈمنى چۈشەنگەن كۈنۈم، قەلبىمنى باشقىلار ئىگىلەپ بولغانىكەن.

▲ يېڭى تەپەككۇر، يېڭى ئوي، يېڭى ئۇقۇم، يېڭى پىكىر، يېڭى تۇرمۇش «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلىدا.

— رەھمەتۇللا ھېزبۇللا

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3-يىللىق 14-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ بەزى ياشلىرىمىز ئالدىنقى يېرىم ئۆمرىنى غەپلەتتە، كېيىنكى يېرىم ئۆمرىنى ھەسرەتتە ئۆتكۈزۈش يولىدا ماڭماقتا.

▲ ھازىرقى ئوغرىلارنىڭ ئالىدىغىنى يانچۇقتىكى پۇل بولسىمۇ، كېيىنكى ئوغرىلارنىڭ ئالىدىغىنى ئالدىڭىزدىكى يول بولۇشى مۇمكىن.

— مۇختار ھاجى

---

ئاپتور:كوناشەھەر ناھىيە يېڭىئۆستەڭ يېزا سەيپۇڭئېرىق كەنتىدە دېھقان

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى— مىللىتىمىزنىڭ ئەخلاق بوستانى.

— پەخرىددىن تۇرسۇن (ئوتياشى)

---

ئاپتور: شىنجاڭ قاتناش كەسپ- تېخنىكا ئىنستىتۇتى يول- كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى 2008- يىللىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئوغلۇڭنى قۇچاقتىن تەربىيىلە، قىزىڭنى ئوچاقتىن.

— ئابلىمىت ئىبراھىم قىيان

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ پېنسىيەدىكى ئاشپىزى

▲ مەغلۇبىيەتچىلەر باھانە، غالىبلار سەۋەب ئىزدىگۈچىلەردۇر.

— ئابلىمىت ياسىن

---

ئاپتور: كۇچا نەھىيە ئىشخىلا بازار ئوتتۇرا مەكتىپىدە خىمىيە مۇئەللىمى

▲ ھېسسىيات— ھاياتنىڭ تېتىتقۇسى.

▲ ئۆلۈم— ئىنسانلارنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان بىر خىل رېئال قانۇندۇر.

▲ تەنھا يۈرگەن قىزلار، بىر بولسا، ئوغۇللارنى ياراتمايدىغان، يەنە بىرى بولسا، ئوغۇللار ياراتمايدىغان قىزلاردۇر.

▲ ئىنسانلار شەخسىيەتچى بولغاچ قەھرىمانلار ئاز چىقىدۇ.

▲ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەسلىكنىڭ ئۆزى بىر مۇۋەپپەقىيەت.

▲ دۇنيادا ھەممە ئادەم قايىل بولىدىغان قەھرىمان يوق.

▲ كۆرمەي تۇرۇپ كۆيگىلى، چۈشەنمەي تۇرۇپ سۆيگىلى بولماس.

▲ بىرى، مەينەت ئايال، يەنە بىرى، ئەخلاقسىز ئايال ئەرلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

▲ كىشلەرنى ئەڭ سەسكەندۈرىدىغان ئادەملەر— ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «كەش» قوشۇمچىسى قوشۇلغانلاردۇر.

— تۇرسۇنجان ئابدۇكېرىم (تامچە)

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 6- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سەت سەت بولماس بىلىم ئالدىدا،

▲ گۈزەل گۈزەل بولماس قەبرە ئالدىدا.

▲ خىيالىي دۇنيادا گۈل تولا، رېئالنىي دۇنيادا كۆل.

▲ ھەۋەس تەپەككۇرنى كېڭەيتىدۇ، ھەسەت كۆڭۈلنى تارايتىدۇ.

▲ ئادەم ھەر قانداق چاغ ۋە كىشى ئالدىدا قەيسەر بولالايدۇ. بىراق بىر نەرسىنىڭ ئالدىدا قۇل بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ مۇھەببەت.

— تۇرنساگۈل تۇرسۇن

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلارغا قارىغاندا ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئۇلارنىڭ قورسىقى تويسا كۆزىمۇ تويىدۇ.

▲ قانداق قىلىشنى بىلسەڭلا دۇنيادا قىلالمايدىغان ئىش يوق.

▲ دادىسى هاراقكەشنىڭ بالىسى قاۋاقخانىدا، ئانىسى بۇزۇقنىڭ قىزى جالاپخانىدا يۈرىدۇ.

▲ قىزلاردا شەرم - ھايا، ئوغۇللار ۋىجدان ۋە ۋاپا بولغاندا مۇھەببەتتىن گۈل ئېچىلىدۇ.

— ئادىلجان مۇھەممەت (ئەقلىيار)

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1- يىللىق 8- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ جىنايەت— بىرى، ئاچلىقتىن (نامراتلىقتىن)، بىرى، ئىشسىزلىقتىن (بىكارچىلىقتىن)، يەنە بىرى، توقلۇقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲ ئادەم يېشى بىلەن ئەمەس، ئىشى بىلەن ئادەمدۇر.

▲ بۇزۇش ئاسان، تۈزەش تەستۇر.

▲ «مەن» ئەمەس، «بىز» دېگەندىلا ئاندىن ئادىمىيلىكنىڭ مەقامىغا يېتىشكە تىرىشۋاتقان بولىسىز.

▲ باشقىلار ئەسلىيەلىگۈدەك ياخشى ئىش قىلالىغان بولساق، «دۇنيا، سەن قالۇرسەن، بىزلەر كېتۇرمىز» دەپ ناخشا توۋلاپ، قايغۇرۇپ يۈرمىگەن بولاتتۇق.

▲ ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن يىغلا

uyghurkitap.com

يۈرىكىڭىزدىن چىققان يىغىدۇر.

▲ مۇز بىر كۈندە ئۇتمايدۇ، شۇنداقلا يەنە بىر كۈندىمۇ ئېرىمەيدۇ.

ــ ئامانۇللا ھىزبۇللا

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە جايتېرەك يېزا توگتاش كەنتىدە دېھقان

▲ مەن گەرچە موماملىڭ يۈرەك پارىسى بولساممۇ، ئەمما ئۇخشىمايدىغىنى شۇكى، «غۇنچە ئالدىرايدۇ گۈل بولۇشقا شۇنچە، گۈل يىغلايدۇ بولالماي قايتىدىن غۇنچە».

ــ ماھنۇر مۇھەممەتئىمىن

▲ چىن مۇھەببەتنىڭ لۇغىتىدىن «سېغىنىش» دېگەن سۆزنى تاپقىلى بولسىمۇ، ئەمما «دىدارىغا قېنىش» دېگەن سۆزنى تاپقىلى بولمايدۇ.

ئاپتور: قەشقەر تىببىي مەكتەپ پەرۋىش كەسپى 2008 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مۇئەللىم، مېنى ساۋاقداشلىرىم يوق يەردە تەنقىد قىلغان بولسىڭىز، مېنىڭ يۈزۈم چۈشۈپ كەتمىگەن، سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز تېخىمۇ ئاشقان بولار ئىدى!

ــ بىلىقىز تىلىۋالدى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2007 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆزۈڭنى ئەتىۋار قىلاي دېسەڭ سۆزۈڭنى ئەتىۋار قىل، ھۆسنۇڭنى ئەتىۋار قىلاي دېسەڭ يۈزۈڭنى.

ــ ھاۋاگۈل قادىر

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھەقىقەتنى ياقلىمىغان قوۋمنىڭ كۆرىدىغىنى زۇلۇم.

▲ ئىلىملىك كىشى چىرىكلەشكەندە، ئۇنىڭدىن يامان شەيتان بولمايدۇ.

ــ ئادىلجان ئابلىز

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنىي ئىنستىتۇتى 2008 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ يامانلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ــ ئۇلارغا پەقەت يېقىنلاشماسلىق، ياكى بولمىسا زورىغا چىداپ ياخشى ئۆتۈش.

ــ بەھرىنىسا ئادىل دىلەفكار

ئاپتور: يەكەن ناھىيە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تېلېۋىزىيە فىلىملىرى تەرجىمە مەركىزىنىڭ خادىمەسى

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم ـ فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئېش قەغىزىگە قۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى ـ ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز ـ جۈملىلەر گرامماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ. كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس.

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان نەقىللەرنىڭ ئاپتورلىرى، يېزىلغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

5. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان ـ رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر ـ جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

6. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىلىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىشى كېرەك.

8. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

9. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# مەن كۆرگەن دۇنيا (2)

## ـ يېپىق دۆلەت ئىران ۋە ئوچۇق دۆلەت تايلاندقا ساپەر

ھىدايەت يانتاق

ھەر كىمدە ھەر خىل ھەۋەس ـ ئىشتىياق، كەلگۈسىدە يەتمەكچى بولغان ئۆزگىچە نىشان بولىدۇ. كىچىك چېغىمدىلا دۇنيانى ئايلىنىش ۋە چۈشىنىشنى ھايات نىشانىم قىلغاچقا، ئىمكانىيەت يار بەرسىلا كۆرمىگەن يەرلەرگە ساپەر قىلىشنى يار ۋىسالىغا تەلپۈنگەن ئاشىقتەك ئارزۇلايتتىم. شۇ ھەۋەسنىڭ قىزىقتۇرۇشىدا 2000 ـ يىلى ئىيۇلدىن 2001 ـ يىلى مايغىچە قىرغىزىستان، ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ، كۆرگەن ۋە ھېس قىلغانلىرىمنى «مەن كۆرگەن دۇنيا» دېگەن تېمىدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىل 4 ـ سانى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشقانىدىم.

قەلبىمدە تىنىمسىز يالقۇنجاپ تۇرىدىغان بۇ شەيدائىي ئىشق مېنى يەنە دۇنيا سەيرىگە ئۈندىدى. شۇنىڭ بىلەن تېجەپ يىغقان ئازغىنە پۇلنى بەلگە تۈگۈپ، 2008 ـ يىلى ئىيۇلدىن سېنتەبىرگىچە بىر ھەمراھىم بىلەن ئىران ھەم تايلاندقا ساپەر قىلدىم. بۇ ئىككى دۆلەت بىر ـ بىرىنىڭ ئەكسىلا بولۇپ، ئىران «يېپىق»لىقى، تايلاند «ئوچۇق»لۇقى بىلەن يېقىنقى يىللاردا دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان ۋە شۇ قىزىقىش بىلەن مېنى سەپەرگە ئۈندىگەن ئەللەر ئىدى. بۇ ھالەت مېنى «زادى ئوچۇق بولسا ياخشىمۇ ياكى يېپىق؟ ئېچىپ نېمىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ يېپىپچۇ؟» دېگەندەك خىياللارغا كەلتۈرۈپ، بۇ ئىككى دۆلەتنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشىمغا سەۋەب بولدى. بۇ دۆلەتلەرگە بارغان ئۇيغۇرلار خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە تەسىراتلار ئاساسەن يېزىلمىغاچقا، قەلەم قۇۋۋىتىمنىڭ ناقىسلىقىغا قارىماي، ساپەر جەريانىدا كۆرگەن ۋە ھېس قىلغانلىرىمنى بىر جاھانكەزدىنىڭ كۆزىدە ـ ئالدىنقى قېتىملىق دۇنيا سەيرى تەسىراتلىرىمنىڭ داۋامى سۈپىتىدە «مەن كۆرگەن دۇنيا(2)» دېگەن تېمىدا ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم.

※ ※ ※

## سەپەر ۋە ھاسىلات

كۆپىنچىمىزدە يانچۇقنى تومپايتىپ سەپەرگە ئاتلانغۇدەك ماغدۇر يوق. مەنمۇ چىقىملىرىنى بولسىمۇ كۆتۈرسۇن دېگەن مەقسەتتە ئازراق مال ئېلىپ، سودىگەر سالاھىيىتىدە ئىرانغا قەدەم باستىم. ئىران ھاۋا تەۋەلىكىگە كىرىشىمىزگىلا ئايروپىلاندا ئىنگلىز، پارس تىللىرىدا توختىماي تەكرارلىنىۋاتقان «ئىرانغا كىرگىلىۋاتىمىز، چەت ئەللىك ئاياللار دىققەت، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىغا ھۆرمەت قىلىپ

بىشىڭلارغا ياغلىق ئارتىۋېلىشنى ئۇنتۇمىغايسىلەر!» دېگەن ئۇقتۇرۇش دەرھال دىققىتىمنى تارتتى. ئەتراپىمغا قارىۋىدىم، يالىڭۋاش ئاياللار سومكىلىرىدىن ياغلىقلىرىنى ئېلىپ باشلىرىغا سېلىۋاتاتتى. بۇ ھال ماڭا ئىراننى تېخىمۇ سۇرلۇك كۆرسىتىشكە باشلىدى.

ئىران چەت ئەللىكلەرگە، بولۇپمۇ غەربلىكلەرگە زىيادە سەزگۈرمىكىن دەپ قالدىم. بىز بىلەن ئايروپىلاندا كەلگەن دىپلومات سۆيەت بىر غەربلىك ئالدىمدىلا تاموژنىدىن ئۆتۈش رەسمىيىتىنى ئۆتىمەكتە ئىدى. تاموژنا خادىملىرى ئۇنىڭ رەسمىيەتلىرىنى شۇنداق ئۇزۇن تەكشۈردىكى، بۇنى كۆرۈپ مەنمۇ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدىم. ئۆزۈممۇ چەت ئەللىك بولغاچقا، بۇلار بىرەر باھانە ـ سەۋەب تېپىپ چېگرىدىن كىرگۈزمەي قالارمۇ دەيتتىم غەم قىلىپ. تاموژنا ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ رەسمىيەتلىرىنى قايتا ـ قايتا تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن چېگرىدىن كىرىشكە ئىجازەت بېرىلدى. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە پاسپورتىمنى تاموژنا خادىمىغا ئەندىشە بىلەن ئۇزاتتىم. تاموژنا خادىمى پاسپورتىمنى قولىغا ئېلىپ «چىن» دېگىنىچە كۈلۈمسىرەپ، تامغا بېسىپلا قايتۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ خۇش مۇئامىلىسىدىن «ھە، بۇلار جۇڭگولۇقلارنى ياقتۇرىدىكەندە» دەپ ئويلاپ خېلى خاتىرجەم بولدۇم.

پاسپورت تەكشۈرۈش تاماملىنىپ، ماللارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزىدىغان توساققا كەلگەندە، چامادانلاردىكى بىز ئېلىۋالغان جۇڭگونىڭ ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلىرىنى ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىنى، تاموژنىدا ساقلاپ قويىدىغانلىقىنى، ئىراندىن قايتقاندا ئېلىپ كېتىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. باشقا دۆلەتلەرگە بارغاندا بېشىمىزدىن ئۆتكەن تەجرىبىمىزگە ئاساسەن، «ھە، بۇلار بىر نەرسە تەلەپ قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ پۇل بېرىشنى ئىشارەت قىلساق، مالغا مەسئۇل تاموژنا خادىمى «مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ» دېگەندەك قىلىپ ئۆڭۈپ، خاپا بوپكەتتى. بىز ئۇنىڭ يېرىمى ئىنگلىزچە، يېرىمى پارسچە گەپلىرىنى تولۇق چۈشەنمىگەن بولساقمۇ، لېكىن ئۆڭگەن چىرايى ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. كاللامدا، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارغاندا تاموژنا خادىملىرىنىڭ بىزدىن پۇل ئۈندۈرۈشنىڭ كويىدا قەستەن قۇسۇر ئىزدەشكە ئۇرۇنىدىغان خىزمەت ئىستىلى بىلەن ئىران تاموژنا خادىمىنىڭ ھەرىكىتى روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، مېنى: «ھە،بۇ دۆلەت مەن ئويلىغاندىن باشقىچە بىر دۇنيا ئىكەندە!» دېگەن تەسىراتقا كەلتۈرمەكتە ئىدى. ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن، كىتاب ـ ماتېرىياللاردىن كۆرگەن، ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقان ئىران توغرۇلۇق ئۇچۇرلاردىن ئىراننىڭ ھەقىقەتەنمۇ دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشىمايدىغان بىر دۆلەت ئىكەنلىكى، بۇ ئەلگە كېلىشكە قىزىقىشىمنىڭ ئۆزگىچە بىر سەۋەبى ئىدى.

ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، چەت ئەللەرگە سودا ئۈچۈن مال ئېلىپ چىقىلسا، چوقۇم ۋاكالىتەن توشۇش شىركەتلىرى ئارقىلىق توشۇلۇشى، مال قاچىلانغان ساندۇقلارغا مالنىڭ سانى، قىممىتى يېزىلىشى كېرەك ئىكەن. مال بارىدىغان دۆلەت تاموژنىسى مالنىڭ تۈرىگە ئاساسەن تاموژنا بېجى ئالغاندىن كېيىن بۇ مال قانۇنلۇق ھېسابلىنىدىكەن. باج تۆلەنمەي ئوغرىلىقچە ئەكىرگەن ماللارنىڭ ھەممىسى ئەتكەس ھېسابلىنىدىكەن. ساياھەتچىلەر ئېلىپ ماڭغان ماللارنى باھالاشقا مۇمكىن بولمىغاچقا، ئىران قەتئىي ئۆتكۈزمەيدىكەن، بۇ ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللايدىكەن. يەنى چەت ئەللەرنىڭ ئەرزان ماللىرى كىرىۋەرسە، دۆلەت ئىچىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىغا تەسىر قىلىدىغان بولغاچقا، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ماللارنىڭ باھاسى بىلەن چەت ئەللەردىن كىرگەن ئوخشاش تۈردىكى ماللارنىڭ باھاسىغا ئاساسەن باج بېكىتىپ، تەڭشەپ تۇرىدىكەن.

※ ※ ※

ئىران زېمىنىغا ھەيرانلىق، ئەنسىرەشتە قەدەم باستۇق. بىزنى ھەيران قالدۇرغىنى، بۇ دۆلەتتە بىزنىڭ تىلىمىزنى چۈشىنىدىغان خەلقلەرنىڭ كۆپلۈكى بولغان بولسا (ئىراندىكى ئەزەربەيجانلار، تۈركمەنلەرنىڭ تىلى بىزنىڭ تىلىمىزغا ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار ئىران نوپۇسىنىڭ 25 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن)، بىزنى ئەنسىرەتكىنى، كوچىلاردىكى ھەربىيلەرنىڭ كۆپلۈكى ئىدى. بىز بارغان چاغ ئىران بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى تازا يىرىكلەشكەن، ئىسرائىلىيە ئىرانغا باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى توغرىلاپ قويۇپتۇ، دېگەندەك خەۋەرلەر ئاخبارات ۋاستىلىرىدا قىزىق نۇقتا بولۇپ بېرىلىۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، «بىز بۇ يەردىكى چاغدا ئۇرۇش بوپقالمىغىيدى» دېگەندەك ئەنسىرەشتە ئىدۇق. بىر تاكسى شوپۇرىنىڭ «ئىراق بىلەن ئۇرۇشقان ۋاقتىمىزدا ئىراقنىڭ بىر باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى چۈشكەن جاي» دەپ تېھراندىكى بىر يەرنى كۆرسىتىشى ئەنسىرىشىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېھراندىكى ئېگىز بىنالارغا ئېسىلغان، ئىراننىڭ بۇرۇنقى دىنىي داھىيسى خۇمەينىي ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بېرىۋاتقان، ئۇلار جەڭگاھلارغا يولۋاستەك ئېتىلىپ كىرىۋاتقان، جەڭدە قۇربان بولغانلىرى دەبدەبىلىك شېھىتلىك مەقامى بىلەن

ئۇلۇغلىنىۋاتقان فوتو سۈرەت ۋە رەسىملەر، بۇرۇن جەڭلەردە ۋەتەن ئۈچۈن شېھىت بولغان قوماندانلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشخانا بىنالىرىنىڭ تاملىرىغا ئېسىپ قويۇلغان رەسىم-سۈرەتلىرى، ھۆمەينىينىڭ تېھراندىكى ئىمام ئەلى ھەربىي مەكتىپىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئېسىلغان يوغان سەللە، تون كىيىپ، مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ قورۇقدىشىدا ھەربىيلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلىرى كىشىنى ئىران ھەربىي ھالەتتە تۇرىدىكەن، دېگەن تەسىراتقا كەلتۈرەتتى.

ئەمما ئاۋام-پۇقرالار بىلەن پاراڭلىشىپ باقسا، ئۇلاردا ھېچقانداق ئەنسىرەش، قورقۇش ياكى ئۇرۇش تەييارلىقى ھالەتلىرىنى ھېس قىلغىلى بولمايدىكەن. ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى، تىرىكچىلىكى بىلەن ئالدىراش بولۇپ، بازارلاردا ئېلىم-سېتىم، ئىشخانىلاردا خىزمەتلەر ئۆز يولىدا.

ئىرانلىقلارنىڭ ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى بەكلا بىلگۈم بار ئىدى. شۇڭا پارسچە-ئىنگلىزچە كىتابتىن بىرنى ئېلىپ، ئامال بار ئۇلار بىلەن پارسچە پاراڭلىشىشقا تىرىشتىم. بۇ يەردىكى پۇقرالاردىن ئاڭلىغان گەپلەر مېنى ھەيران قالدۇردى. مەن پاراڭلاشقان ھەر خىل تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكىنى يامان دېمىدى. تېخى بىرى: ئىران ئىسرائىلىيىنى نېمىشقا ئۆزىگە دۈشمەن تۇتىدۇ؟ پەلەستىنىنىڭ ئەتراپىدىكى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ پەلەستىن بىلەن كارى بولمىسا. ئەمەلىيەتتە ئىسرائىلىيىلىكلەرمۇ خۇداغا ئىشىنىدىغۇ، دېدى. يەنە بىرى: ئامېرىكىنىڭ پۇلىدىمۇ خۇداغا ئىشىنىمىز دېگەن خەتلەر تۇرسا، ئىران نېمە ئۈچۈن دىنغا ئىشىنىدىغان ئامېرىكا بىلەن دوستلاشماي، دىنغا ئىشەنمەيدىغان شەرق ئەللىرى بىلەن دوستلىشىدۇ، دېسە، ئامېرىكا بىزگە ھۇجۇم قىلىپ قالسا، بىزنىڭ خەلقىمىز ئىراق خەلقىدەك قاراپ تۇرمايدۇ. دىنىي داھىي خامىنىينىڭ (ئىراننىڭ ھازىرقى دىنىي داھىيسى) بىر بۇيرۇقى بىلەنلا ۋەتەننى قوغداشقا ئاتلىنىدۇ، دېدى بىرى كەسكىن قىلىپ.

دېمەك كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشى ھەر خىل بولۇپ، ھېس قىلىشىمچە، ئىراندىكى خېلى كۆپ سانلىق كىشى ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيىنى دۈشمەن دەپ قارىمايدىكەن، بەلكى شۇلارنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى ئۆگىنىش كېرەك دەپ قارايدىكەن. لېكىن ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىسرائىلىيە پەلەستىن مۇسۇلمانلىرىغا تاجاۋۇز قىلغۇچى، ئامېرىكا بۇنىڭغا يانتاياق بولغۇچى، پەلەستىنگە قىلىنغان تاجاۋۇز بىزگە قىلىنغان تاجاۋۇز دەپ قارايدىكەن. شۇڭا ئىران ھاكىمىيىتى بۇ ئىككى دۆلەتنى دۈشمەن ھېسابلايدىكەن.

ھەر خىل تەبىقىدىكى كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىش مېنى ھاكىمىيەت بىلەن بىر تۈركۈم خەلق ئايرىلىپ قالغاندەك، قاچانلا بولمىسۇن بۇ كىشىلەر ھامان بىر كۈنى پارتلاپ چىقىدىغاندەك تەسىراتقا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. چۈنكى مەن پاراڭلاشقان كىشىلەرنىڭ كۆپى ھاكىمىيەت تۇتقۇچىلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلمايتتى. بەزىلىرى: دۆلەتنىڭ شۇنچىۋالا نېفىت كىرىمى نەگە كېتىۋاتىدۇ؟ — ئەمەلدارلار يەپ كېتىۋاتىدۇ دېسە، يەنە بەزىلەر: ھۆكۈمەت پۇلىنىڭ ھەممىسىگە قورال ئېلىپ، پۇقرالارغا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ دەيتتى ئاغرىنىپ.

بىر جۈمە كۈنى «دانشگاھى تېھران» دېيىلىدىغان تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىغا باردۇق. تېھران ئۇنىۋېرسىتېتى ھەم ئۇنىۋېرسىتېت، ھەم پۈتكۈل تېھران شەھەرىدىكىلەر يىغىلىپ جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان جامە بولۇپ، دىنىي داھىي ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن تارتىپ ھەممە كىشى نامازغا كەلگەچكە، جۈمە كۈنى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىدىكەن (تېھراندا تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىدىن باشقا پەقەت شەھەر سىرتىدىكى يەنە بىر مەسچىتتىلا جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىكەن). قاتتىق بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كىرگۈزۈلىدىكەن. ھازىرقى دىنىي داھىي خامىنىي ئارىلاپ-ئارىلاپ ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىدىكەن. ئادەتتە ئىماملىقنى «ئايەتۇللاھ» ئۇنۋانلىق داڭلىق دىنىي ئالىملار قىلىدىكەن. ئىراندا دىنىي ئۇنۋانلارنىڭ ئەڭ چوڭى «دىنىي داھىي»، ئاندىن قالسا «ئايەتۇللاھ» (خۇدانىڭ سىمۋولى)، ئاندىن قالسا «ھۆججەتۇللاھ»(ئىسلام قانۇنشۇناسى) قاتارلىقلار ئىكەن.

دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئۇنۋانىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن كىيىۋالىدىغان تون-لىباسىمۇ ئوخشىمايدىكەن. جۈمە نامىزىدىكى ۋەز-تەبلىغلەر كانايلار ئارقىلىق كوچىلارغا ئۇلانغاندىن سىرت، تېلېۋىزىيە ئارقىلىق نەق مەيداندىلا پۈتكۈل ئىرانغا تارايدىكەن. تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى مېھرابنىڭ ھەر تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىپ، جۈمە نامىزىنىڭ بارلىق جەريانىنى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق نەق مەيداندىن كۆرسىتىدىكەن. جۈمە نامىزىدا ۋەز-تەبلىغدىن باشقا، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق نۇتۇقلار سۆزلىنىدىكەن.

جۈمەدىن يانغان بىر كىشىنىڭ پەلەمپەي ئۈستىگە چىقىۋېلىپ «بەر-بەر ئىسرائىلىيە، بەر-بەر ئامېرىكا»، يەنى «ئىسرائىلىيىنى يوقىتايلى، ئامېرىكىنى بەربات قىلايلى!» دېگەن شوئارىغا ئەگىشىپ بىر قىسىم كىشىنىڭ

شوئار توۋلىشى، ۋە يەنە بىر قىسىم كىشىنىڭ گەپ قىلماي چىقىپ كېتىشىگە قاراپ ئىرانلىقلارنىڭ بۇ ئىككى دۆلەتكە نىسبەتەن كۆز قارىشىنى ھېس قىلغىلى بولىدىكەن. مېنىڭ كۆزىتىشىم ۋە بەزى ئىرانلىقلار بىلەن پاراڭلىشىشىمدىن شۇ نەرسە ئېنىق بولدىكى، ئىرانلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇ دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقىپ كەتمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغىنى ئىقتىسادنى ياخشىلاپ، تۇرمۇشنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئىكەن. بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىراق بىلەن سەككىز يىل ئۇرۇشۇپ يەكۈنلىگەن ھەقىقىتى بولسا كېرەك. ھاۋا ئارمىيىسىدىن پېنسىيىگە چىققان بىر پولكوۋنىكنىڭ «سىياسىي دېگەن ھۆكۈمرانلارنىڭ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن تۈزىدىغان چارە-تەدبىرلىرى. ئىراننىڭ پەلەستىننى قوللاپ، ئىسرائىلىيە، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇشى قانداقتۇر بىر ئالىي مەقسەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن. ئەگەر ئالىي مەقسەت ئۈچۈنلا بولغان بولسا، ھەرگىز مۇسۇلمانلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولمىغان روسىيە بىلەن يېقىنلاشمايتتى» دەپ ئىران سىياسىتىنى تەھلىل قىلىپ بېرىشى، مېنى بۇ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتى توغرۇلۇق مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى.

ئىران ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان، دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەتنى 1979-يىلدىكى ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بىلەن قۇرۇپ چىققان بولۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ-كىچىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دىنىي ئەقىدىلەر بىلەن ئېلىپ بارىدىكەن. ئىدارە-ئورگانلار، مەكتەپلەر قاتارلىق ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە مەخسۇس دىنىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن خادىملار سىياسىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيدىكەن. توي-تۆكۈن، ئۆلۈم يېتىملەرمۇ سەللىلىك دىنىي خادىملارنىڭ نازارەتچىلىكىدە بولىدىكەن. ئىرانلىقلارنىڭ توي-تۆكۈن، ئۆلۈم يېتىملىرىنى كۆرۈپ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن نازارەتچىلەرنىڭ نازارىتىدە ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈلۈشىگە قاراپ، ھاكىمىيەتمۇ بەزى ئۆرپ-ئادەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئاددىيلاشتۇرۇشقا ئارىلاشسا ئۇنۇمى ياخشى بولىدىكەن، دەپ ئويلىدىم. مەسىلەن: بىر كۈنى تېھراننىڭ شەھەر مەركىزىدە بەدەنلىرى تولۇق ئورىلىپ، ئاق توي كۆڭلىكى كىيگەن قىز بىلەن كاستۇم-بۇرۇلكا كىيگەن يىگىت ماشىنىدىن بىللە چۈشۈپ يەر ئاستىدىكى مەرىكە زالىغا كىرىپ كەتتى. مەن توي مۇراسىمىغا قىزىققىنىمدىن بۇ زالغا كىرىپ ئۇيان-بۇيان قارىشىمغا، ئامانلىق ساقلىغۇچى مېنىڭ بۇ توينىڭ مېھمىنى ياكى ئەمەسلىكىمنى، مېھمىنى بولسام، زالنىڭ ئېغىزىدىكى ئىشخانىغا كىرىپ تىزىملىتىپ كىرىشىمنى ئېيتتى. مەن دېرىزىدىن ئىشخانىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇ يەردە سەللىلىك بىر كىشىنىڭ مېھمانلارنى تىزىملاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. بۇ قانداق ئىشتۇ! توي دېگەندە داقا-دۇمباق چېلىنمىسا، تېخى تىزىمغا ئالدۇرۇپ كىرسە؟! دېمەك، ھەر قايسى خەلقنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆرپ-ئادەتلىرى بولغاچقا، توي مۇراسىملىرىمۇ ئۆزلىرىگە خاس ئۇسۇلدا ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ھېس قىلىشىمچە، ئىرانلىقلارنىڭ تويلىرى تىنچ، تەرتىپلىك بولىدىكەن، ئارتۇقچە ھەشەم-دەرەم قىلمايدىكەن. بۈگۈن تويى بولغان قىزمۇ ئادەتتىكى بىرلا ماشىنىدا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بولۇپ، ئۇلاردا بىزدەك يىگىت قولدىشى، قىز قولدىشى ۋە بىر توپ ئادەم 10-20 ماشىنا بىلەن قىقاس-چۇقان سېلىپ قىز يۆتكەيدىغان ئادەت يوق ئىكەن.

ئىران خەلقئارادىكى نۇرغۇن دۆلەت بىلەن ئوخشىمايدىغان يولدا ماڭغاچقا، بەزى دۆلەتلەر تەرىپىدىن يېپىق-بېكىنمە دەپ قارىلىدىكەن. بۇنداق دەپ قارىلىشىدا، مېنىڭچە، بىر نەچچە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

ئىران ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان، دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى بىرلەشتۈرگەن بولغاچقا، ئاياللارنىڭ كىيىنىشىدىن تارتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەممە ئىشنى ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە يۈرگۈزىدىكەن. ئاياللارنىڭ يۈز ۋە ئالقىنىدىن باشقا يېرىنى يېپىپ يۈرۈشى قانۇن (شەرىئەت ساقچىلىرى) تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىدىكەن. ئىرانغا كەلگەن چەت ئەللىك باشقا دىندىكى ئاياللارمۇ چوقۇم يۆگىنىپ يۈرۈشى كېرەك ئىكەن. شۇنداقلا كوچا ئاپتوبۇسى، يەرئاستى پويىزى قاتارلىق قاتناش ۋاستىلىرىدىمۇ ئەر-ئاياللارنىڭ ئورۇنلىرى ئايرىلىدىكەن. شۇڭا ئىراننى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە يېپىق ھالەت شەكىللەنگەن دۆلەت دېيىشكە بولىدىكەن.

ئىراننىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى يېپىقلىقى جەمئىيەتنى بەزى يامان ئىشلاردىن، مەسىلەن، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئوچۇقلۇق تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغان ناشايان ئىشلاردىن، ئائىلىلەرنى بۇ سەۋەبلىك بۇزۇلىدىغان پاجىئەلەردىن ساقلاپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچ-ئەمىنلىكىگە مۇناسىپ كاپالەتلىك قىلىدىكەن. يېقىنقى ستاتىستىكىلارغا قارىغاندا، ئىراندىكى ئاجرىشىش نىسبىتى بىر قىسىم دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا نىسبەتەن تۆۋەن ئىكەن.

ئىراندا ئەر ۋە ئاياللار ئارا مۇناسىۋەت يېپىق دەپ قارالسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىدارە-ئورگانلاردا بىرگە خىزمەت قىلىدىكەن. ئىراندا خىزمەتتىكى ئاياللارنىڭ نىسبىتىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ئادەتتە ھەممە ساھەدە خىزمەت قىلىدىغان

ئايالالارنى ئۆچراتقىلى بولىدىكەن.

ئىراننىڭ يىپىق دەپ ئاتىلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت يەر شارىلىشىۋاتقان، ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ ئىسلامغا يات ئەقىدىلىرى شىددەت بىلەن يامراۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا ئىران ئالەمنىڭ بارىچە غەيرىي ــ يات مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چەت ئەللىكلەرنىڭ، بولۇپمۇ غەربلىكلەر ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆز دۆلىتىگە كىرىشىگە چەك قويىدىكەن. بۇ ئارقىلىق ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىدىن كېلىدىغان ئىدىيە جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشتەك تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىدىكەن. شۇڭا ئىران بىلەن دوستانە بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرىغا ئاسانلىقچە ۋىزا بەرمەيدىكەن. دېمەك، ئۇلارنىڭ كىرىشىنى چەكلەيدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئىران غەرب ئەللىرىنىڭ نەزىرىدە كىرمەك ئەڭ تەس دۆلەت دەپ قارىلىدىكەن.

ئۇزۇن مەزگىل تاشقى دۇنيادىن ئايرىلىپ قېلىش، ئامېرىكا ۋە ياۋروپالارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە يېتىم قالدۇرۇشى ئىراننىڭ تەبىئىي ھالدا ھەممە جەھەتتە مۇستەقىل يول تۇتۇشىغا تۈرتكە بوپتۇ. ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن تارتىپ ماشىنا ــ ئاپتوبۇسلارغىچە ھەممىنى ئۆزلىرى ياسايدىكەن. داڭلىق ماشىنا زاۋۇتلىرى بار بولۇپ، دۆلەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىدىكەن. ئاز بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنى مۇناسىۋەتتى ياخشى دۆلەتلەردىن كىرگۈزىدىكەن. مەسىلەن، بەزى ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى ياپونىيىدىن، ئېغىر تىپتىكى بەزى يۈك ماشىنىلىرىنى گېرمانىيىدىن كىرگۈزىدىكەن. لېكىن بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ بەزىلىرىنى نوقۇل سېتىۋېلىش ئۇسۇلى بويىچە ئەمەس، بەلكى ھەمكارلىشىپ ئىراندا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن كىرگۈزىدىكەن.

ئىراننى سانائەتتىمۇ ئاساسەن يىپىق شەكىلدە تەرەققىي قىلدى دېيىشكە بولىدىكەن. ئىران ئېغىر سانائەت، يېنىك سانائەتلەردە بولسۇن، ھەممىسىدىلا ئۆز كۈچىگە تايانغاچقا، چەت ئەللەرنىڭ تەسىرىگە بەك ئۇچراپ كەتمەيدىكەن. كۆۋرۈك، ئايلانما يول، بىنالارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىلىرىنىڭ پۈتۈنلەي پولات ــ تۆمۈردىن ياسىلىشى، ئىراننىڭ بۇ سانائەتتە خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسەتسە، باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىناقلىرىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىدىن ھەربىي سانائەت تەرەققىياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى، يەر ئاستى پويىزلىرىنىڭ تېھراننىڭ ھەممە يېرىگە دېگۈدەك تۇتاشقانلىقىدىن قاتناشنىڭ، بازارلاردا پارس ماركىلىرىدا ئىشلەنگەن ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىيىشىدىن ئېلېكترون سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدىكەن.

ئىراننىڭ يىپىق ھالەتتىكى سانائەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى بۇ ئەلنى باشقا ھەر قانداق دۆلەتكە بېقىنمايدىغان، كىشلەرنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىدىغان ئۆزىگە خاس يولغا يېتەكلەپ، مىللەتنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدىكەن. ئەمما ھەمكارلىق ئارقىلىق تەرەققىي قىلىش ئاساسىي يۈزلىنىش بولۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا خەلقئارا جەمئىيەتتىن مۇستەسنا تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشمۇ قىيىن، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئىراننىڭ خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن يېتەرلىك ھەمكارلاشماسلىقى ئىقتىسادى ۋە تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان توساق بوپقالغانلىقى تەبىئىي. مەن ئىران خەلقىنىڭ مۇستەقىل ئالغا ئىنتىلىش روھىغا دۇنيا پەن ــ تېخنىكىسى بىلەن يېتەرلىك ھەمكارلىشىدىغان روھ قوشۇلغان بولسا، بۇلارنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ زور بولار ئىكەن دېگەندەك خىياللارنى قىلىپ، بۇ دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات، تىنچلىق تىلىدىم.

ئىراندىكى ساياھەت جەريانىدا پارس تىلىنىڭ شەرقنىڭ فرانسۇز تىلى دەپ تەرىپلەنگىنىنىڭ ئارتۇق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. مەيلى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا بولسۇن، مەيلى مەسچىت ــ جامەلەردىكى ۋەز ــ تەبلىغلەردە بولسۇن، ياكى ئادەتتىكى پاراڭلاردا بولسۇن پارس تىلىنىڭ تولىمۇ پاساھەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدىكەن. پايتەخت تېھراندا ئۇبۇلقاسىم فىردەۋسىي، شىراز شەھىرىدە ھافىز شىرازىي قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتلىك كلاسسىك پارس شائىرلىرىنىڭ ھەيكەللىرى قاتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ پارس خەلقىنىڭ قەلبىدە نەقەدەر يۈكسەك ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى ئايان قىلىپ تۇرىدىكەن. ئىرانلىقلار سوغۇققان، سۆزمەن بولۇپ، پاكىزلىققا بەك ئەھمىيەت بېرىدىكەن. ئادەتتە جۈمە ئىرانلىقلارنىڭ دەم ئېلىش كۈنى بولۇپ، بۇ كۈندە جىمى ئورۇن، ھەممە دۇكان تاقىلىپ، چوڭ تازىلىق قىلىدىكەن.

ئىران ئەرلىرىنىڭ ئېگىز ــ تەمبەللىكى، تېرىسىنىڭ ئاق ــ سۇزۇكلىكى، پاكىزلىقى، بەزى ئەرلەرنىڭ چاچلىرىنى ئۇزۇن قويۇپ يۈرۈشى ئىراننى باشقا ئاسىيا ئەللىرىدىن ئۆزگىچىرەك ھېس قىلدۇرىدىكەن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئىراننى ئاسىيادىكى ياۋروپا دېيىشكىمۇ بولىدىكەن.

ئىراندا پارس، ئەزەربەيجان، كۇرد، ئەرەب، تۈركمەن قاتارلىق نۇرغۇن مىللەت ياشايدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پارسلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 66 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئىرانلىقلارنىڭ 98 پىرسەنتى ئىسلام دىنىغا

www.uyghurkitap.com

ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شىئەلەر 91 پىرسەنتنى، سۈننىيلەر 7.8 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئون نەچچە ئەسىردىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان سۈننىي ۋە شىئە مەزھەبلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي زىددىيەت ۋە كۈرەش خەلىپىلىك دەۋرىدە باشلانغان بولۇپ، بىر قىسىملار ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا باش بولۇشقا ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۈسەيىن قاتارلىق پەرزەنتلىرى ئەڭ ھەقلىق دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن كېيىنچە بۇ خىل كۆز قاراشتىكىلەر باشقا كۆز قاراشتىكىلەردىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئايرىم مەزھەپ بولۇپ شەكىللەنگەن. دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە بۇ ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدا كۆپ پەرق يوق بولۇپ، شىئەلەرمۇ بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەيدىغان ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم شوئارىنى توۋلايدىكەن. سۆزلىرىدە مۇھەممەد دېگەن ئىسىم چىقسىلا «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا سالاملار بولسۇن» دەپ دۇرۇت يوللايدىكەن، «قۇرئان كەرىم»نى مۇقەددەس دەستۇرى دەپ قارايدىكەن.

دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ بەزى ئىنچىكە ھالقىلىرىدا شىئەلەر بىلەن سۈننىيلەر ئوتتۇرىسىدا بەزى ئوخشىماسلىقلار (مەسىلەن، شىئەلەر تاھارەت ئالغاندا پۇتىنى يۇيماي بەش بارمىقىنى ھۆللەپ، پۇتىنى سىلاپ مەسىھ قىلىدىكەن. ئەزان توۋلىغاندا «ئەلىنىڭ ئاللاھنىڭ ھۆججىتى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، ئەلىنىڭ ئاللاھنىڭ دوستى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، ياخشى ئەمەلگە كېلىڭلار!» دېگەن سۆزلەرنى قوشۇۋالىدىكەن. ناماز ئوقۇغاندا قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرماي، ئەركىن تاشلاپ تۇرۇپ ئوقۇيدىكەن. جايىنامازغا ئىمام ھۈسەيىننىڭ ئىسمى يېزىلغان يۇملاق لاي سەجدىگاھنى قويۇپ، شۇنىڭغا سەجدە قىلىدىكەن) بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئوخشىماسلىقلار ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلغۇدەك چوڭ مەسىلىلەر ئەمەس دېيىشكە بولىدىكەن.

«ئامېرىكا، ئىسرائىلىيە قاتارلىق دۈشمەنلەر ھەر خىل ۋاسىتىنى قوللىنىپ، شىئەلەر بىلەن سۈننىيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قەستەن بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئارىدىن پايدا ئېلىۋاتىدۇ» دەپ ئاھ ئۇردى ئىراقتىكى ئىچكى ئۇرۇشتىن ۋايىسىغان بىر ئىراقلىق. مېنىڭ ئىراندا تۇرغان بۇ ۋاقتىلىرىم ئىراق ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ ئەۋجىگە چىققان چاغلىرى بولغاچقا، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن ئەنسىرىگەن نۇرغۇن ئىراقلىق مۇساپىر ئىرانغا قېچىپ كەلگەنىكەن.

ئىران ئىراق، تۈركىيە، ئافغانىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلانغان بولغاچقا، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا قالغان قوشنا دۆلەتلەردىكى مۇساپىرلار ئىرانغا كېلىپ، مالىمانچىلىق ئاياقلاشقىچە پاناھلىنىپ تۇرىدىكەن. ئىراندا پاناھلىنىپ ئاچ-توق يۈرۈۋاتقان ئافغانىستانلىق، ئىراقلىق تالاي مۇساپىرنى كۆرۈپ، ئۇرۇشنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان قاباھەتلىك پاجىئەلىرىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدىم. دۇنيادا ئۇرۇش بولمىسا، زىددىيەت-توقۇنۇشلار چىرايلىقچە ھەل بولغان بولسا ئالەم نەقەدەر گۈزەل بولغان بولاتتى- ھە، دېمەي قالمايدىكەن مۇساپىرلارنى كۆرگەن كىشى.

ئىراندا قۇم مۇقەددەس شەھەر دەپ قارىلىدىكەن. شىئەلەر بۇ شەھەردىكى شىئەلەرنىڭ 7-ئىمامى ئىمام كازىمنىڭ قىزى ۋە 8-ئىمام ئىمام ئەلى رىزانىڭ سىڭلىسى فاتىمە(مەسۇمە)نىڭ قەبرىسى قاتۇرۇلغان ۋە قەبرىگە تۇتاش سېلىنغان مەسچىتنى «مەسجىدى ھەرەم» ياكى «فاتىمە مەسجىدى» دەپ ئاتايدىكەن.

بۇ مۇقەددەس يەرنى دۇنيانىڭ جاي-جايىدىن كەلگەن شىئەلەر كېچە-كۈندۈز تاۋاپ قىلىدىكەن. ئەسكەرتىش زۆرۈركى، شىئەلەرمۇ بىر نەچچە مەزھەپكە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «ئون ئىككى ئىمام مەزھىپى » دىكىلەر ئەڭ كۆپ. ئىراندىكى شىئەلەرنىڭ نەزىرىدە قۇم شەھىرىدىكى ھەزرىتى فاتىمە (مەسۇمە) مەسچىتى، مەشھەد شەھىرىدىكى شىئەلەرنىڭ 8-ئىمامى ئىمام ئەلى رىزا مەقبەرىسى (مەشھەدىي رىزا)، ئىراقتا شىئەلەرنىڭ نەزىرىدىكى 1-خەلىپە، سۈننىيلەرنىڭ نەزىرىدىكى 4-خەلىپە ئەلى ئىبنىي تالىبنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىمام ھۈسەيىن شېھىت بولغان كەربالا ۋە ئىمام ئەلىنىڭ قەبرىسى بار نەجەپ قاتارلىق جايلار تاۋاپ قىلىدىغان ئورۇنلار بولۇپ، بۇ يەرلەرنى تاۋاپ قىلغانلار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە خېلى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردىن سانىلىدىكەن. لېكىن شىئەلەرنىڭ نەزىرىدىمۇ مەككە مۇكاررەمەدىكى «مەسجىدى ھەرەم» ئۇلار ئارزۇ قىلىدىغان ئەڭ چوڭ تاۋاپگاھ ئىكەن.

ئىراندا ئۇيغۇر يوق ئوخشايدۇ، بولغان بولسا بىرەر ئايغىچە ئۇچرار ئىدى دەپ ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇم شەھىرى «مەسجىدى ھەرەم» يېنىدىكى بىر بازاردا ئاڭلانغان ئۇيغۇرچە سۆز بىزنى ھەيران قالدۇردى. «سىلەر چىندىن كەلگەن تۈركلەرمۇ؟» بىزگە ئۆزبېكچە تەلەپپۇزدا ئۇيغۇرچە سۆزلەۋاتقان بۇ كىشى ئۇيغۇر بولۇپ، ئېيتىشىچە، ئەجدادلىرى بۇرۇن يەكەندىن ئىرانغا كەلگەنىكەن. ئۇ، قۇم شەھىرىدە مېۋە-چېۋە دۇكىنى ئاچىدىكەن. بۇ كىشى بىز ئىراندا ئۇچراتقان تۇنجى

ئۇيغۇر ئىدى. ئائىلىسىمىزچە، ئىراندا يەرلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل يەرلىك مىللەتلەر بىلەن ياشاش جەريانىدا چىراي ۋە تىل جەھەتتە ئۆزلىشىپ كەتكەچكە، مەن ئۇيغۇر دېمىگىچە بىلگىلى بولمايدىكەن. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى ئات-ئېشەكلەر بىلەن ھەج سەپىرىگە چىقىپ ۋەتەنگە قايتىپ كەتمىگەن ياكى كېتەلمىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن.

بىز ئىراندىكى 40 كۈنگە سوزۇلغان ساياھىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يەنە بىر مەنزىل ئىزدىمەكچى بولدۇق. ئىرانغا ئېلىپ كىرەلمەي تاموژنىدا قالدۇرۇپ قويغان ماللىرىمىزنى سېتىۋېتىشىمىز كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تاموژنىسى ئەڭ بوش دەپ نامى بار تايلاندقا ئاپىرىپ سېتىش نىيىتىدە ئۇ يەرگە بارماقچى بولدۇق. راست دېگەندەك، ئىرانغا ئېلىپ كىرەلمىگەن ماللىرىمىزنى تايلاند تاموژنا خادىمى بىزدىن يەڭ ئىچىدە 50 دوللار ئېلىپلا ئۆتكۈزۈۋەتتى. «توۋا، — دېدىممەن ئۆزۈمگە، — باشقا بىر دۇنيا ئىكەنغۇ بۇ دۆلەت؟!» ئىش ناھايىتى قاتتىق ئەقىدە-ئىنتىزام مىزانى ئىچىدە بېجىرىلىدىغان ئىراندىن چىقىپلا يولۇققان بۇ خىل پەرق بۇ ئىككى دۆلەت ھەققىدە مېنى چوڭقۇر سېلىشتۇرما ئويلىنىشقا سۆرىمەكتە ئىدى.

تايلاند ئايرودرومىغا چۈشۈپلا كۆرگەنلىرىمىز پەقەتلا كۆزىمىزگە سىغمىغىلى تۇردى. ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىن تايلاندقا كېلىۋاتقان ئەر-ئايال يېرىم يالىڭاچ ساياھەتچىلەر بىزنى باشقا بىر دۇنياغا كېپقالغاندەك ھېس قىلدۇرۇۋاتاتتى.

تايلاندقا كېلىپلا تونجى بولۇپ كۆزۈمگە چېلىققىنى ئامېرىكا ۋە ياۋروپالىق ئەر ساياھەتچىلەرگە ھەمراھ بولۇپ يۈرۈۋاتقان تايلاند ئاياللىرى بولدى. نەگە قارىسا بىر ئاق تەنلىك ئەر ساياھەتچىنىڭ يېنىدا بىر تايلاندلىق ئايال قولتۇقلاقلىق. 70-80 ياشلارغا كىرىپ قالغان بەزى ئاق تەنلىك بوۋايلارمۇ ياش قىزلارنى قولتۇقلىۋالغانىدى. ھېس قىلماق تەس ئەمەسكى، ئامېرىكا، ياۋروپالاردىكى ئېتىقادسىزلىق ۋە زىيادە ئەركىنلىك تالاي ئائىلىنى ۋەيران قىلىپ، ئاخىرى ساناقسىز قېرى بويتاق-قېرى تۇلنى مەيدانغا كەلتۈرگەنىدى. مەن كۆرگەن بۇ ئاق تەنلىك «تاماشاچىلار» ئەمەلىيەتتە مېنىڭ نەزىرىمدە ئائىلە لەززىتى ئىللىقلىقىدىن مەھرۇم بولغان بىچارىلەر ئىدى. بۇ بايقۇشلار ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئويۇن-تاماشىدىن ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەن، ئەمەلىيەتتە ھاياتنىڭ ھەقىقىي-چىن مەنىسىنى يىتتۈرۈپ بېرىۋاتقانىدى.

بىز ئەرزان ياتاق ئىزدەپ ماڭغان خالتا كوچىلاردا ئىشىك ئالدىلىرىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋېلىپ يولدىن ئۆتكەن-كەچكەن ئەرلەردىن «خېرىدار» چاقىرىۋاتقان ئاياللارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرگەن ھەربىر ۋىجدانلىق كىشى بۇ ئەلدە غۇرۇرى بار ئەر زاتى قالمىدىمىكىنە دەپ قالىدىكەن. ئەرلەرنىڭ بۇ ئىشلارغا غۇرۇرى قايىنىمىسا، قانۇنى چەكلىمىسە، بۇنى چەكلەيدىغان ئەخلاق مىزانلىرى بولمىسا ئاياللار، ئەرلەر خالىغىنىنى قىلمامدۇ؟

تايلاند ئايرودرومىدىن ئالغان خەرىتىدىن «جۇڭگو كوچىسى» دېگەن رايوننى تېپىپ، شۇ يەردە ياتاقلاشتۇق. تايلاندتا «جۇڭگو مەھەللىسى» دەيدىغان بىر رايون بولۇپ، بۇ رايوندىكى كىشىلەرنىڭ تولىسى نەچچە يۈز يىل بۇرۇن جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. بۇ رايوندا كىشىلەر خەنزۇ تىلى بىلەن تايلاند تىلىنى تەڭ قوللىنىدىكەن. بۇ رايوندا باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ھەممە پەننى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتىدىغان، ئوقۇتقۇچىلىرى جۇڭگودىن تەكلىپ قىلىنغان بىر مەكتەپ بولۇپ، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن سىرت تايلاندلىق باشقا مىللەتلەرنىڭ بالىلىرىمۇ ئوقۇيدىكەن. بۇ رايوندا خەنزۇلار ئۆزلىرىنى تايلاندلىقلار دەپ ئاتايدىكەن. تايلاندتا جۇڭگونىڭ بانكا كارتىلىرىنى ئىشلىتىپ پۇل ئالغىلى، جۇڭگودىن تارقىتىلغان بەزى تېلېۋىزىيە قاناللىرىنى كۆرگىلى بولىدىكەن.

نەچچە كۈن تايلاندنىڭ باڭكوك، پاكايا قاتارلىق شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاپارغان ماللىرىمىزنى دۇكانلارغا ئۆتكۈزدۇق. بۇ جەرياندا بۇ ئىككى شەھەرنى ئاساسىي جەھەتتىن ئايلىنىپ چىقتۇق. بىزگە ئەڭ تەسىر قىلغىنى، بۇ دۆلەتتە چەت ئەللىكلەرنىڭ بەك كۆپلۈكى بولغان بولسا، كاللىمىزدىن ئۆتمىگىنى، پۇقرالىرىنىڭ يەنىلا نامراتلىقى. «ساياھەتچىلەرنى كۈتىمىز» دەپ كوچىغا چىقىۋالغان ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى بىر-ئىككى زاۋۇتقا ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ، سانائەتكە يۈزلىنىش ئارقىلىق دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرغان بولسىمۇ، تايلاند ھازىرقىدىن جىق تەرەققىي قىلار بولغىيدى دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. قىز-ئاياللىرىنى كوچىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۇمۇ يەتمىگەندەك ئېتىي ئوغۇل بالىلارنى كىچىكىدىن قىز بالىچە تەربىيىلەپ، ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ قىز بالىغا ئۆزگەرتىپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ پۇل تېپىپ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزىمەن، يەنى، پەقەت ساياھەتچىلىككە تايىنىپلا دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرىمەن دېيىشنى ھەرگىز ئاقلانە تاللاش دېگىلى بولمىغۇدەك دېگەندەك خىياللار كاللامدىن كەچتى. ئىراندىكى بىز كۆرگەن زاۋۇتلاردا ئەر-ئايال

ئىشچىلارنىڭ بىرلىشىپ مەردانە ئىشلەۋاتقان كۆرۈنۈشى بىلەن، كوچىلاردا چەت ئەللىكلەرگە تەمە بىلەن قاراپ تۇرغان تايلاندلىق ئاياللارنىڭ ھالىتى، خۇددى ئالدىنقىسى بازىرى ئىتتىك مال سېتىۋاتقان سودىگەرگە ئوخشىسا، كېيىنكىسى بىر موچەن بەرسەڭ دەپ يالۋۇرۇۋاتقان تىلەمچىدەك كۆز ئالدىمدا روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ تۇرۇۋالدى. بۇ سېلىشتۇرما ماڭا قانداق ياشىساق ھەقىقىي قەدىر ـ قىممىتىمىزنى ساقلاپ ياشىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈۋاتاتتى.

تايلاندىكى زىيادە «ئېچىۋېتىش» ساياھەتچىلىك ۋە كەيىپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەتكە كەڭ يول ئېچىپ، دۆلەت ئۈچۈن ئىقتىسادىي كىرىم ئېلىپ كەلگەن بىلەن، (تايلاندتا ئەيش ـ ئىشرەت ئورۇنلىرى قانۇنلۇق بولۇپ، دۆلەت بۇنداق ئورۇنلاردىن باج ئالىدىكەن) مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ يوقىتىدىغىنى تېخىمۇ كۆپ بولىدىكەن: ئۇلار خەلقئارادىكى ئوبرازىنى، ياشلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى، ئەرلەر ۋىجدان ـ غۇرۇرىنى، ئاياللار ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، خەلق كاللىسى ئەقىل ۋە ۋىجدان بىلەن ئېچىپ، تەرەققىي قىلىدىغان پۇرسەتلەرنى يوقىتىدىكەن. تايلاندنىڭ قوشنىسى ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر پۇقرالىرىنىڭ كاللىسىنى بەكرەك ئاچقاچقا، دۇنيادا ئورنى ئەڭ زور دۆلەت قاتارىدا ئىكەنلىكى تايلاندلىقلارنى ئويلاندۇرۇشى كېرەكمۇ ـ قانداق؟ دېگەندەك ئېغىر خىياللار بىلەن تايلاندتىن قايتتىم.

بۇ سەپەرنى مەن شېنجېن، شياڭگاڭلاردىن مال ئېلىپ مېڭىش بىلەن باشلىغان بولۇپ، بىر نەچچە كۈن مال ئېلىش جەريانىدا بۇ شەھەرلەرنىڭ باشقا جايلارغا قارىغاندا ئالاھىدىرەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. شېنجېندا بىكار يۈرىدىغان ئادەملەرنىڭ يوقلۇقى مېنى ھەيران قالدۇرغان بولسا، شياڭگاڭدىكى ھەر خىل ئىرق، ھەر خىل مىللەتتىن تەشكىل تاپقان ھازىرقى خەلقنىڭ ئورتاق بىر مەقسەت ئۈچۈن، يەنى، پۇل تېپىپ پاراۋان ياشاش ئۈچۈن ھەمكارلىشىپ دوستانە ئۆتۈۋاتقانلىقىدەك ھەمجەھەتلىك مېنى ئويغا سالغانىدى. توغرا، ئەسلىدىلا دۇنيا شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ھەممىمىزنىڭ مەقسىتى بۇ دۇنيادا بەختلىك ياشاشقۇ؟ لېكىن بۇ بەختنى مەلۇم بىر گۇرۇھ كىشىلەر توپىغىلا مەنسۇپ دەيدىغان كىشىلەر بەك نەپسانىيەتچىلىك قىلغان بولىدۇ. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھەممە خەلقنىڭ يىلتىزى بىرغۇ!

شياڭگاڭنى جۇڭگودىكى ياۋروپا دېيىشكە بولىدىكەن. شياڭگاڭلىقلارنىڭ ئوي ـ پىكرى، ئىش ـ ھەرىكىتى، خىزمەت ئۇسۇلى، ھەتتا تەپەككۇرىمۇ ياۋروپالىشىپ كېتىپتۇ. بىز ياتقان خۇسۇسىي مېھمانخانىنىڭ خىزمەتچىسى خېنىزۇ بوۋاي بىلەن پاراڭلىشىپ ھەيران قالدىم. مەن پاراڭ ئارىلىقىدا بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ تائاملىرىنىڭ ئېسىللىكىنى، مېۋە ـ چېۋىلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئېيتسام، ئۇ ھەيرانلىق بىلەن «سىلەر چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەنلەر دائىم قورساقنىڭلا گېپىنى قىلىدىكەنسىلەر» دەپ ئەجەبلەندى. مەن تېخى نەچچە كۈن ئىلگىرىلا «يە، ئىچ، ئوينا» دەيدىغان گەپ ئەڭ كۆپ دېيىلىدىغان جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن كەلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن سەل ئەجەبلەندىم. ئەجەبا، بۇلار «يە، ئىچ» دەيدىغان بۇ باسقۇچتىن ئۆتۈپ بولغانمىدۇ ـ يا؟

دەرۋەقە، بۇلار بۇ باسقۇچلاردىن ئۆتۈپ مەنىۋى مۇكەممەللىكنى ئىزدەيدىغان يولغا كىرىپتۇ. ئۇلاردا ئادەم ماددا بىلەن روھتىن تۈزۈلگەن بولغاچقا، ماددىي ئېھتىياج بىلەن مەنىۋى ئېھتىياجنى تەڭ تەمىنلەپ مېڭىش كېرەك دەيدىغان ئاڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ مېڭىۋېتىپتۇ. چېركاۋ، مەسچىت ۋە بۇتخانىلاردىن چىقىۋاتقان ھەر خىل ئىرق كىشىلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى بۇ نۇقتىنى ھېس قىلماي قالمايدىكەن. ئەلۋەتتە يەنە مەنىۋى ئېھتىياجنى ئويۇن ـ تاماشا، كۆڭۈل خالىغان ئىشلار بىلەن قاندۇرىدىغانلارمۇ بولىدىكەن. ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن تۈرلۈك قاۋاق، ياۋروپاچە مەيخانىلارغا كىرىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ ئىكەن. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ سەن ئاق، مەن قارا دېيىشمەي ھەممىمىز بىر شياڭگاڭلىق دەپ ئىناق ياشايدىغان روھنى ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدىكەن.

شياڭگاڭدىكى ئالدىراش تۇرمۇش ۋە خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاپ پۇل خەجلەيدىغان بىزلەرگە نىسبەتەن زىيادە قىممەتچىلىك مېنى تەمتىرەتكەن بولسا، بۇ يەردىكى يۇقىرى خىزمەت ئۈنۈمى، تىجارەتچىلەرنىڭ پۇل تېپىشتىكى پاراستى ماڭا نۇرغۇن ئىلھام بەردى.

«جۇڭگو ۋە غەرب مەدەنىيىتىدىن ئۆرنەكلەر» دېگەن ئىنگلىزچە كىتابتا كىشىلەرنىڭ يات يۇرتلارغا ياكى ئۆزگە ناتونۇش بولغان مۇھىتقا دەسلەپ بارغان ۋاقىتتا بىر قانچە باسقۇچلۇق تەسىراتنىڭ بولىدىغانلىقى دېيىلگەن. يەنى، 1 ـ باسقۇچتا: دەسلەپ بارغان كۈنلىرىدە يات مەدەنىيەتلەرگە قىزىقىش، ھەيران قېلىش، خۇشھال بولۇش كەيپىياتىدا، 2 ـ باسقۇچتا: يات مۇھىتتا، ئۆزگە مەدەنىيەتتىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى بىلمىگەنلىكتىن مۇئامىلىدە ئوقۇشماسلىق كېلىپ چىقىپ، گاڭگىراپ قېلىش كەيپىياتىدا، 3 ـ باسقۇچتا: يولۇققان

www.uyghurkitap.com

مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلالماي زېرىكىپ، ئۆزى چوڭ بولۇپ ئۆسكەن مۇھىتنى سېغىنىش كەيپىياتىدا، 4-باسقۇچتا: تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ شۇ خىل مۇھىتنى چۈشىنىپ، يولۇققان مەسىلىلەرنى شۇ يەرنىڭ ئۇسۇلى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، بۇ خىل شارائىتقا كۆنۈپ قېلىش كەيپىياتىدا، ئەڭ ئاخىرىدا يات مۇھىتتىمۇ، يات مەدەنىيەتتىمۇ مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى مەدەنىيەت، بۇرۇنقى مۇھىتتىكىدەك ھەل قىلالايدىغان، ئۆزى ھازىر تۇرۇۋاتقان يېڭى مۇھىت بىلەن بۇرۇنقى مۇھىتنى، مەدەنىيەتنى سېلىشتۇرىدىغان، ھەتتا ئۆزى تۇرۇۋاتقان يېڭى مۇھىت، يېڭى مەدەنىيەتتىكى ئۆزى ياخشى دەپ قارىغان نەرسىلەرنى ئۆزىگە تەتبىقلايدىغان ۋە ھەتتا بەزىلەر ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىدىن قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈپ باشقا مەدەنىيەتكە ئۆزىنى ئاتىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ دېيىلگەن. سەپەر قىلغان ھەرقانداق كىشىدە يۇقىرىقىدەك جەريانلارغا ئىدىيە جەھەتتە تەييارلىق بولسا ۋە بۇ جەريانلارنىڭ چوقۇم ھەر بىر ئادەمدە بولىدىغانلىقىنى بىلسە، يولۇققان مەسىلىلەرگە توغرا پوزىتسىيىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغىلى، يات مۇھىتتا ۋاقىتنىچە زېرىكىشنى توغرا چۈشەنگىلى، ئەڭ ئاخىرىدا يات مۇھىتقا ياخشى ماسلىشىپ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى ئۈنۈملۈك قىلغىلى بولىدىكەن. يۇقىرىقى جەريانلار كاللامدا ئېنىق بولغاچقا، يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە توغرا چۈشەنچىدە بولۇپ، سەۋرچانلىق بىلەن مەسىلىلەر ۋە ھەر خىل قىيىنچىلىقنى بىر تەرەپ قىلدىم. دېمەكچى بولغىنىم، ھەر قانداق كىشى يۇقىرىقىدەك جەريانلارغا ئىدىيىۋى تەييارلىق يوق ھالەتتە سەپەرگە چىقسا ئاسانلا كۆنەلمەسلىك، يۇرتىنى سېغىنىپ كېتىشتەك ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ-دە، قىلماقچى بولغان ئىشنى يا قىلالماي كېلىدۇ، ياكى چالا قىلىپ قويىدۇ. ئۇچۇر-ئېلېكترون دەۋرىدە يەر شارى بىر «كەنت»كە ئايلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىزدىمۇ دۇنيادىكى باشقا ئەللەرگە بېرىپ كۆنەلەيدىغان، ياشىيالايدىغان روھ، ماسلىشىش ئىقتىدارى بولۇشى زۆرۈر دەپ قارايمەن. ئىنگلىزلارنىڭ يات مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تەۋەككۈلچىلىكى ئۇلارنى ئەسلى ياۋايى ئادەملەر ياشايدىغان ئامېرىكىنىڭ، ئادەم تۇرمايدىغان ئارال ئاۋستىرالىيىنىڭ ۋە مۇزلۇق كانادانىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇردى. بىزمۇ يات مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتسەك، ياشاش دائىرىمىزنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىدە گەپ يوق. ماسلىشىش ئىقتىدارىمىز كۈچەيگەنسېرى «كىندىك قېنىمىز يەر شارىغا تۆكۈلگەن، يەر شارىنىڭ ھەرقانداق يېرى بىز بارالىساقلا بىزنىڭ ئانا ماكانىمىز» دېيەلەيدىغان ئەۋلادلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇ خىل ئىدىيە ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن يېڭى-يېڭى چىقىش يوللىرىنى ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس.

چەت ئەللەردىكى بىر نەچچە ئايلىق تۇرمۇش، سودا قىلىش جەريانى ماڭا نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم بىر ھەقىقەتنى، يەنى ھەرقانداق دۆلەت، شەخس باشقىلارغا تايىنىپلا قالماي، ئۆزىگە تايانسا ۋە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تەرەققىي قىلىشنى بىلسە مەڭگۈ قەددىنى تىك تۇتۇپ ماڭالايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بەدەننى ئەمەس، مېڭىنى ئىشقا سېلىشنىڭ ئەڭ ئاقىلانە ياشاش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىدەك بىر ھەقىقەتنى بىلدۈردى.

2009-يىل 1-ئۆكتەبىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

## پايدىلانمىلار

1. مەمتىمىن تۇرسۇن: «ئىران»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى بەت.
2000-يىل نەشرى، 79-بەت.
2. Linell Davis «جۇڭگو ۋە غەرب مەدەنىيىتىدىن ئۆرنەكلەر»، چەت ئەل تىللىرى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى نەشرىياتى 2001-يىل سېنتەبىر 1-نەشرى، 315-

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا فولكلور بويىچە 2009-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانت

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب- ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100- نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 - 0991، ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد ھاكىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چىڭغىز ئايتماتوۋنى توققۇز قېتىم زىيارەت



قارمىش تېگىن ماكەلەك ئۆمۈرباي ئوغلى

ئادەمزاتنىڭ دېڭىزدەك تەپەككۇر دۇردانىلىرىگە تامچىدەك ئەقىل بولۇپ قوشۇلغان، پۈتكۈل ئىنسانىي ئىختىيارسىز قايىل قىلغان ئىككى چوڭ سەمەرىنىڭ قىرغىزلاردا ۋۇجۇدقا كەلگىنىگە ھەر ۋاقىت پەخىرلىك ھېسسىياتىمىز بىلەن سۆز ئاچالايدىغان بوپقالدۇق. قىرغىز تارىخىدا ئۇنىڭ ئاسمىنىدىن ئىككى «قۇت» چۈشتى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «قۇت» سۆزى قەدىمكى سۆزىمىز «جان» دىن كەلگەنىكەن. «جان» بولسا «روھ» (جاندىن يارالغان مەنىۋى دۇنيا) دېگەنلىكتۇر. بىز تىلغا ئېلىۋاتقان قىرغىز قۇتىنىڭ بىرى— «ماناس»، يەنە بىرى بولسا— چىڭغىز ئايتماتوۋ. بۇ ئىككىسى— قىرغىز روھىيتى، ئەقىل- پاراستىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدۇر. تەلىيىمگە ئەنە شۇ ئىككى ئۇلۇغ روھ ساھىبلىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرستى نېسىپ بولدى. «ماناس»نىڭ غايەت زور مەزمۇنلىرىنى ھەزىم قىلىش، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قىرغىز روھىيتىنىڭ دۇردانىلىرىنى تېپىپ ئۆگىنىش ئىستىكى بىلەن ھەردائىم «ماناس»نىڭ قۇتلۇق قوينىدا يۈرىمەن. يەنە بىرى بولسا، پۈتكۈل دۇنياغا «قىرغىز» دېگەن نامنى ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش قوللانغان دۇنياۋى شۆھرەتلىك يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوۋ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرستىمۇ تەلىيىمگە خوپ كەلدى. بۈيۈك نەرسىلەرنى ئاڭلاپ، بىلىپ قېلىشنىڭ ئۆزىنى خاسىيەتلىك ئىش ھېسابلىغان مەندەك بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولمىسا كېرەك.

مەن چىڭغىز ئايتماتوۋنى توققۇز قېتىم زىيارەت قىلدىم. ھەر قېتىمقى زىيارىتىم ئۆز ئالدىغا ئايرىم- ئايرىم تەلىم ئېلىش بولۇپ ھېسابلىناتتى. مېنىڭچە، بۇ خىل ئۇچرىشىشلار پەقەت مەن ئۈچۈنلا ئەمەس، چىڭغىز ئايتماتوۋنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئىنتىلگەن ھەربىر كىشى ئۈچۈنمۇ ئەھمىيەتلىك، ئەلۋەتتە. شۇڭا «دانالارنى تاۋاپ

كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول

قىلماق پەرز» دېگەندەك، قىرغىزنىڭ «ئەۋلىياسى» دەرىجىسىدە چۈشىنىلگەن ئايتماتوۋنىڭ قولىنى تۇتقان كۈنلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرگە ھېكايە قىلىپ بېرىشنى ئەھمىيەتلىك ئىش دەپ بىلىمەن. خوش! ئۇنداق بولسا ئۆز سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەيلى.

## بىرىنچى، «ۋودكىدىن چىققان كۈلكە»

دۇنياۋى شۆھرەتلىك قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ نامىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان ۋاقتىمدا، مەن 22 ياشتا ئىدىم. ئۇنىڭ نامى بىلەن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىم 1981- يىلى بېيجىڭدا — مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ يۈرگەن ۋاقتىمدا، ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، بولۇپمۇ خەنزۇ ئەدىبلىرىنىڭ ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىگە بەرگەن باھالىرىنى ئوقۇغان ۋاقىتلىرىمدا پەيدا بولغانىدى. ئەسلىدە، ئايتماتوۋ ئەسەرلىرى 1960- يىللاردىلا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىغانىكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە يازغان خەنزۇ ئەدەبىيات تەنقىدچىلىرى، تەرجىمانلىرىنىڭ ماقالىلىرىنى بىجاندىللىق بىلەن توپلاپ، ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىنى رۇس تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان يىگىرمىدەك تەرجىمان، مۇتەخەسسىس بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، ساۋ گوۋېي، پېڭ جيا قاتارلىقلارنىڭ ماقالىلىرىنى قىرغىزچىغا تەرجىمە قىلىشقا ئىجازەت ئالدىم (ھازىر بۇ ئىجازەتنامە خۇسۇسىي ئارخىپىمدا ساقلانماقتا). ئۇلارنى قىرغىزچىغا تەرجىمە قىلىپ، قىزىلسۇ قىرغىز نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988- يىلى «ئۇلۇغ ئۇستاز ئىزىدىن» دېگەن نامدا ماقالىلەر توپلىمى قىلىپ نەشر قىلدۇردۇم. بۇ توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشى، دەل چىڭغىز ئايتماتوۋ تەۋەللۇتىنىڭ 60 يىللىق مەرىكىسىگە توغرا كەلگەنىدى. شۇڭا مەن ئايتماتوۋغا خەت يېزىپ 60 ياشقا تولغانلىقىنى قۇتلۇقلاش بىلەن بىللە، بۇ توپلامنىمۇ ئۇنىڭ ئادرېسىغا سېلىۋەتتىم. ئۇ زاتمۇ ماڭا جاۋاب خەت يازدى. مېنىڭ چىڭغىز ئاغا بىلەن بولغان شەخسىي مۇناسىۋىتىم ئەنە شۇ خەتتىن باشلانغانىدى.

1989- يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەينى ۋاقىتتىكى قىرغىزىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى چىڭغىز ئايتماتوۋ نامىدا، قىرغىز خەلق شائىرى توختوغۇل ساتىلغانوۋ تەۋەللۇتىنىڭ 125 يىللىقىنى خاتىرىلەش كاتتا مەرىكىسىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىندىم. چىڭغىز ئايتماتوۋ بىلەن تۇنجى قېتىم دىدارلىشىش پۇرسىتى مانا شۇنىڭدىن باشلاندى. 1989- يىلى 1- ئۆكتەبىردە قىرغىزىستاننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پايتەختى «فرۇنزى»(ھازىرقى بىشكەك)غا قەدىمىم يەتتى. شۇ كۈنىلا چىڭغىز ئايتماتوۋنى كۆرىمەنغۇ دېگەن خىيالدا بولغانىدىم. ئەپسۇس، 7- ئۆكتەبىرگىچە ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىدىم. تەقەززا بولغان ئىش قېرىشقاندەك ئارقىغا سۈرۈلۈۋېرىدىكەن! يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى توختوغۇلنىڭ يۇرتى كەتمەنتۆپىگە ئېلىپ ماڭدى. مەرىكە شۇ يەردە ئۆتكۈزۈلمەكچى. 125 ئاق ئۆي تىكىلىپ ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان كاتتا مەرىكىدىمۇ ئايتماتوۋنى كۆرەلمىدىم. قىرغىزىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غازات ئاقماتوۋدىن «چىڭغىز ئايتماتوۋ نېمىشقا بۇ مەرىكىگە قاتناشمىدى» دەپ خاۋاتىرلىنىپ سورىسام، ئاقماتوۋ «ئايتماتوۋ كەلسە ئىشنى بۇزىدۇ، ئۇ چاغدا خەلق توختوغۇلنىڭ مەرىكىسىنى كۆرمەي، ئايتماتوۋنى كۆرىمىز دەپ تۇرۇۋالىدۇ. يول توسۇلۇپ، كىشىلەر پاتپاراق بولۇپ، مەرىكە ئۆز تەرتىپى بويىچە داۋاملىشالماي قالىدۇ. شۇڭا فرۇنزىدا تۇرۇپ تۇرۇڭ دېگەندۇق» دېدى. چىڭغىز ئايتماتوۋنى كۆرۈشكە يەنە سەۋر- تاقەت قىلىشقا توغرا كېلىدىغاندەك قىلاتتى... 7- ئۆكتەبىر توختوغۇلنى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنى فىلارمونىيە زالى(دۆلەتلىك كىنو زالى)دا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى كۈنتەرتىپكە يېزىلغانىدى. ماڭىمۇ يەتتە مىنۇتلۇق سۆزلەش ۋاقتى بېرىلگەنىكەن. چىڭغىز ئايتماتوۋ بىلەن ئەنە شۇ يەردە كۆرۈشۈشۈم ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن دېگەن ئۈمىدتە، سۈرەتكە چۈشۈۋېلىش، ئۈنئالغۇغا سۆزلىتىۋېلىش تەييارلىقىنى تەق قىلىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ يۈردۈم. 7- ئۆكتەبىرمۇ كەلدى. بالدۇرلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئەس- يادىم شۇنىڭدا قالغانىدى. جۇڭگو قىرغىزلىرىنى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان قاچقىنباي ئارتۇقبايېف يېنىمغا كەلدى. ئۇ، يىغىن ئېچىلىشقا يەنە بىر- ئىككى سائەت ۋاقىت بارلىقىنى ئۇقتۇردى. مەن: «ئۇنداق بولسا مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ تۈگەلباي سىدىقبېكوۋ (قىرغىزىستاننىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى) ئاقساقال بىلەنمۇ كۆرۈشۈۋالغان بولسام بەك ياخشى بولاتتى» دېدىم. قاچقىنباي ئارتۇقبايېف تولىمۇ مۇلايىم، كەمتەرىن زات ئىكەن. ئۇ شۇ زامات تەلىپىمگە ماقۇل بولۇپ، ئۆز پىكاپى بىلەن مېنى تۈگەلباي ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. بارساق، ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى بىر چوڭ قارا ئىت بېقىپ تۇرغانىكەن، پىكاپقا ئوقتەك ئېتىلدى. بىز ئىشىك قېقىشقىمۇ پېتىنالمىدۇق. شۇ چاغدا قاچقىنباي ئارتۇقبايېف: «ئۇدۇل تەرەپتە ئۇلۇغ دراماتورگ، قىرغىز خەلق يازغۇچىسى، ‹قىرغىز مەدەنىيىتى› گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى جالىل سادىقوۋنىڭ ئۆيى بار. شۇ يەردىن تېلېفون بېرىپ، ئىتنى توستۇرۇپ كىرەيلى» دەپ مېنى شۇ تەرەپكە باشلاپ

ماڭدى. جالىل سادىقوۋ «مۇنداق ئەزىز مېھمان باشلاپ كېلىشكىنى ئالدىن خەۋەرلەندۇرۇپ قويساڭ بولاتتىغۇ» دەپ ئاغىنىسى ئارتۇقبايېۋقا چاقچاق ئارىلاش كايىغاندەك قىلىپ بىزنى تۇتۇپ قالدى. ئەھۋالنى شۇنچە چۈشەندۈرسەكمۇ ئۇنىماي: «تۇگەلباي ئاقساقالنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كېلىمىز» دەپ قازانغا گۆش سېلىپ مېھمان قىلىشقا باشلىدى. مەن كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار بولغان چىڭغىز ئايتماتوۋ شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ماڭا ئوخشاش چەت ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلارنى قوبۇل قىلماقچى ئىكەن. بۇ ئىشنى قايتا ـ قايتا دېسەممۇ، جالىل سادىقوۋ: «مەن سېنى چىڭغىزنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويىمەن، قانغۇچە سۆزلىشىۋالىسەن» دەپ قويدى. ھۆرمىتى زىيادە بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ لەۋزىنى يەردە قويالماي، تىت ـ تىت بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. قازاندىكى ئات گۆشى پىشىپ بولغىچە تۇگەلباي ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇ زاتنىڭ كىتابخانىسىنى زىيارەت قىلىپ، ماڭا سوۋغا قىلغان، يېڭى نەشردىن چىققان «كۆك ئاسابا» («كۆك رەڭلىك تۇغ») ناملىق رومانىغا ئىمزا قويدۇرۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈردۈم. ئاندىن تۇگەلباي ئاقساقالنى ئېلىپ يەنە جالىل سادىقوۋنىڭ ئۆيىگە چىقتۇق. رادىئودىن چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ شۇ مەركەزگە كەلگەن چەت ئەللىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلىۋاتقانلىق خەۋىرى بېۋاستە ئاڭلىتىلىۋاتقان ئىدى. شۇ مىنۇتلارنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ يۈرگەن مەن بولسام بۇيەردە... تاماق گالدىن ئۆتىدىغاندەك ئەمەس. چۈش ۋاقتىمۇ بوپقالدى. ئەمدى ئۇمىدىم فىلارمونىيە زالىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان چۈشتىن كېيىنكى يىغىندا قالدى. مېھماندارچىلىقتىن جىق ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ يېنىپ چىقتىم ـ دە، دەرھال فىلارمونىيەگە قاراپ راۋان بولدۇم. كىمدۇر بىراۋلارنىڭ قول ئىشارىسى بىلەن كىتىۋېرىپ، فىلارمونىيىنىڭ رەھبەرلەر تەييارلىق يىغىنى ئاچىدىغان بۆلۈمىگە كىرىپ قاپتىمەن. «بىلمىگەن يەرنىڭ ئويى ـ چوڭقۇرى تولا» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇسچە بىلمىگەنلىكىمدىن قول ئىشارىسى قىلغان تەرەپكە كىتىۋېرىپ كىرىپ قالدىممۇ ياكى شۇلار باشلاپ كىردىمۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. كىرسەم، ھەر سالاپەتلىك ئادەملەر ئولتۇرۇپتۇ. مەنمۇ بىر چەتكە ئۆتۈپ ئولتۇردۇم. بىر ھازادىن كېيىن چىڭغىز ئايتماتوۋ شۇ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. سۈرىتىنى كۆرۈپ يۈرگەن مەن دەرھاللا تونۇپ يۈگۈرۈپ بېرىپ سالام قىلىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇم ـ دە، ئۆزۈمنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈردۈم. «ھوي! سېنى چۈشتىن بۇرۇن ئىزدەشتۈرگەندۇق، جۇڭگوغا كېتىپ قالمىغانسەن ـ ھە؟» دەپ چاقچاقلىشىپ كۆرۈشتى ـ دە، «يەنە سۆزلىشەرمىز» دەپ قويۇپ، دەرھال ھېلىقى سالاپەتلىك ئادەملەر بىلەن ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان يىغىننى مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدى. شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ قىرغىزىستان دۆلەت ئەربابلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ناھايىتى ئوڭايسىزلاندىم. سىرتقى دالانغا چىقسام، تەلىيىمگە غازات ئاقماتوۋ شۇ يەردە ئىكەن. ئۇ مېنى باشلاپ يىغىن سەھنىسىنىڭ بىر يېرىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. چىڭغىز ئايتماتوۋ شۇ قېتىمقى يىغىنىدا قىرغىز ئەدەبىياتىدىكى قالغۇل، ئارىستانبېك (قىرغىزلارنىڭ مەشھۇر شائىرلىرى) قاتارلىق ئاقىنلارنى تۇختوغۇلنىڭ ئالدىدىكى بىر ئەۋلاد شائىرلار قاتارىدا تىلغا ئېلىپ، قىرغىز خەلق ئاقىنلىرى توغرىسىدا ناھايىتى لىللا سۆز قىلدى. «مۇنداق لىللا سۆزنى پەقەت چىڭغىزلا قىلالايدۇ» دېيىشتى. كۆرۈشۈشۈم پەقەت مۇشۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغىدى دەپ خاۋاتىرلىنىپ، ئۇ زاتقا «ئازراقلا ۋاقتىڭىزنى بەرگەن بولسىڭىز، قىسقا سۆزۈم بار ئىدى» دەپ ئىككىلىك خەت سۇندۇم. چىڭغىز ئايتماتوۋ ماڭا قاراپ، «بولىدۇ» دېگەندەك ئىپادە بىلدۈردى. ئىچ ـ ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. سۆزلەش نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە، يىغىن ئەھلىگە جۇڭگو قىرغىزلىرى نامىدىن سالام ئېيتىپ، تۇختوغۇلنى خاتىرىلەش يىغىنىغا تەييارلىغان گۈلدەستىنى سۇندۇم. چىڭغىز ئايتماتوۋغا جۇڭگودا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قىرغىزچە، قازاقچە، موڭغۇلچە نەشر قىلىنغان كىتابلىرىنى تاپشۇرۇپ بەردىم. ئايتماتوۋ رەئىس سەھنىسىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، رازىمەنلىكىنى بىلدۈردى.

يىغىن تۈگىشى بىلەنلا چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم. ھەربىر ئىشىكتىكى قاراۋۇللار توسسا، ئايتماتوۋنى كۆرسىتىپ قويۇپلا ئۆتۈپ كېتىۋەردىم. دەم ئېلىش ئۆيىدە يېقىن ئولتۇرۇپ پاراڭلىششىقا يەنە نېسىپ بولدى. ئۇ مەندىن جۇڭگودىكى قىرغىزلار، يۇسۇپ ماماي ئېيتقان «ماناس» ئېپوسى توغرىسىدا قىزىقىپ سورىدى. ئەپسۇس، ئايتماتوۋنى زىيارەت قىلىدىغانلار تولىمۇ كۆپ بولغاچقا، سۆھبىتىمىز ئىنتايىن قىسقا بولدى. چىڭغىز ئايتماتوۋ ماڭا: «ماقۇل ئەمىسە، كېيىن يەنە كۆرۈشەرمىز» دەپ باشقىلار بىلەن مېڭىپ كەتتى. مەن بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ سۈرەتكە چۈشۈۋالغىنىمغا شۈكۈر قىلىپ، كەلگەن قەدىمىمگە رازى بولۇپ، چۈشكەن مېھمانخانامغا بېرىپ كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا باشلىدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە، مېنى باشلاپ يۈرگەنلەر بۈگۈن مۇھىم بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى، ھېچ يەرگە بارماي ياتاقتا

www.uyghurkitap.com

ساقلاپ تۇرۇشۇمنى ئۇقتۇردى. لېكىن قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى دېمىدى. بىر ۋاقىتتا بىرەيلەن كېلىپ ماڭا: «تېز بولۇڭ، ئۇلۇغ زاتلار ساقلاپ قالمىسۇن» دەپ ئالدىراتتى، لېكىن كىم بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى دېمىدى. ئۇ، ماشىنىسى بىلەن باغ ئىچىدىكى بىر داچىنىڭ يېنىدا توختاپ، مېنى ماشىنىدىن چۈشۈردى- دە، «ئازراق ساقلاپ تۇرۇڭ» دەپ ئۆزى كېتىپ قالدى. ئەتراپتىكى ياپپېشىل ئورمانلىقتا زوقلىنىپ قارىغانچە تۇرۇپ قالدىم. بىرئازدىن كېيىن چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئورمانلىقتىكى چىغىر يول بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم- دە، سۆيۈنگەنلىكىمدىن دەرھال ئۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. بىز يەنە كۆرۈشتۇق. ئۇ ماڭا: «تونۇگۈن ياخشىراق سۆھبەتلىشەلمىدۇق. مەن يېقىندىلا بېيجىڭدا بولدۇم. ئۇ يەردىمۇ قىرغىز ئوقۇغۇچىلار، زىيالىيلار بار ئىكەن. بىر ‹موللا بالا› بىلەن بەھۇزۇر پاراڭلاشتىم. بىزدە موللا دېسە ساقاللىق ھەم ياشانغان موميسپىت كىشىلەر كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ، لېكىن سىلەرنىڭ موللاڭلار ياش بالا ئىكەنغۇ! (شۇ چاغدا قادىرجان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە ئىدى) يەنە بىر قىزىق ئىش، بىر بالا تېلېفون بېرىپ سالام ئېيتىپ: مەن سىزنىڭ ‹ئاق پاراخوت› ناملىق پوۋېستىڭىزدىكى سۇدا ئېقىپ كەتكەن بالا بولىمەن دەيدۇ تېخى! مېنى مۇشۇ ئىككى ئىش ھەيران قالدۇردى» دەپ پاراڭ سېلىۋاتقاندا، ئۇياق- بۇياقتىن كىشىلەر كېلىپ سالاملىشىپ پاراڭىمىزنى بۆلۈۋەتتى. بىز داچىغا كىردۇق. بۇ قېتىمقى داستىخاننى چىڭغىز ئايتماتوۋ ئۆز نامىدىن سالغانىكەن. داستىخانغا تەكلىپ قىلىنغانلار چەت ئەلدىن كەلگەن ئۈچ قىرغىز— مەن، ھاكىم ئۆزگەن، قوقۇر موندەكىن ۋە قىرغىزىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى كىشى ئىكەنمىز. شۇنداق قىلىپ بۇ ئۇلۇغ يازغۇچى بىلەن ھەمداستىخان بولۇش پۇرسىتى ماڭا ئويلىمىغان يەردىن كېلىپ قالدى. زىيابەت سۆزىنى يەنىلا چىڭغىز ئايتماتوۋ ئۆزى باشلىدى ئۇ: «مۇنداق سۆزلەرنى بۇ يەردىكىلەر ‹توست› دەپ قويىدۇ. بۇ سۆزنىڭ قاچان، نەدىن كىرگەنلىكىنى مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن. لېكىن مەنمۇ بۇ خىل ئادەت بويىچە ئەزگۈ تىلەكلىرىمنى بىلدۈرۈپ ئۆتەي» دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىزگە ياخشى تىلەكلەرنى تىلىدى. بۇ «توست» دەپ ئاتالغان تىلەك سۆزى ھەربىر ئادەمگە نۆۋەت بىلەن كېلىدىكەن. ئايتماتوۋ بولسا «توست» ئېيتقان ھەربىر كىشىنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلايتتى. ئۆزىمۇ چىقىشقاق، نۇرانە، كىچىك پېئىل، سورۇنغا ئەركىن- ئازادىلىك ئاتا قىلىدىغان ئوچۇق- يورۇق زات ئىكەن. چاقچاققا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغان خۇش خۇي مىجەزى ئادەمنى ئۆزىگە تېخىمۇ تارتاتتى. بۇرۇن مەن بۇ زاتنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئەيمىنىپ، ئۆزىنى بولسا تامامەن باشقىچە تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. مانا ئەمدى كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىق پۈتۈنلەي بۆلەكچە ئىدى. ماڭا نۆۋەت كەلگەندە ھودۇقمايلا جۇڭگو قىرغىزلىرى نامىدىن قىزغىن سالام ئېيتىپ، جۇڭگودىكى قىرغىزلار ۋە نەشرىيات- مەتبۇئاتلىرىمىز توغرىسىدا سۆزلىدىم. ئايتماتوۋ بولسا ناھايىتى بېرىلىپ ئاڭلىدى. بولۇپمۇ تىل- يېزىق، مەتبۇئات ئىشلىرىمىزغا ئالاھىدە قىزىقتى. مەن: «بىزدىكى قىرغىزلار ئىچىدە سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغانلارنىڭ سانىدىن، ‹دۇنياغا تونۇلغان بىر قىرغىز چىقىپتۇ› دېگەن نامىڭىزنى ئاڭلىغانلارنىڭ سانى جىقراق» دەپ سۆزۈمنى خۇلاسىلىدىم. ئايتماتوۋ بولسا مېنىڭ سۆزۈمگە جاۋابەن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بەردى: «ئەلۋەتتە ئەسەرنى ئوقۇپ بىلگەندىن باشقا، ئۆزىگە تەسىر قىلغان نەرسىلەر ئارقىلىق بىلىشمۇ تەبىئىي ئەھۋال. مېنىڭ ئافرىقىلىق بىر يازغۇچى دوستۇم بار ئىدى، رۇسچىنى ياخشى سۆزلەيتتى. قايسىبىر يىلى يازغۇچىلار ئۆمىكىدىكىلەر ئافرىقىغا بېرىپ قالدۇق. شۇ چاغدا ھېلىقى دوستۇم ماڭا: ‹بىزنىڭ مەھەللىنىمۇ كۆرۈپ قويۇڭ، تەسىرى ئۆزگىچە› دەپ چىڭ تۇرغىنىچە ماشىنىسى بىلەن ئورمانلىقتىكى بىر مەھەللىگە ئاپاردى. قارا تەنلىك يالىڭاچ باللار ماشىنا بىلەن تەڭ يۈگۈرۈشەتتى. بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا ناھايىتى كۆپ كىشى يىغىلىپ، بىزنى ئورىۋالدى. ھېلىقى دوستۇم: ‹بۇ— مېنىڭ يۇرتۇم!› دېدى. ئاندىن ئۆز تىلىدا بىر نېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن، ماڭا تەرجىمە قىلىپ: ‹بۇ كىشى دۇنياغا مەشھۇر يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوۋ دېدىم› دېدى. لېكىن ئۇلاردا ھېچقانداق سادا يوق ئىدى. ئۇ يەنە ئۆز تىلىدا سۆزلەپ بولۇپ ماڭا: ‹بۇ كىشى مېنىڭ دوستۇم، ئۇلۇغ سوۋېتلەر مەملىكىتىنىڭ يازغۇچىسى دېدىم› دەپ تەرجىمە قىلدى. لېكىن ئۇلاردا يەنىلا ھېچقانداق ئىنكاس يوق ئىدى. شۇ چاغدا ھېلىقى دوستۇم ئۆز تىلىدا قىسقىلا بىر گەپ قىلىۋىدى، ھەممىسى چاۋاك چېلىپ، چۇرقىرىشىپ سەكرەپ، ماڭا سالام بەرگەندەك بولۇپ، قىزغىن كەيپىيات پەيدا قىلدى. مەن دوستۇمغا: ‹نېمە دېدىڭىز، تەرجىمە قىلىپ بەرمەمسىز؟› دېسەم، ئۇ كۈلۈپ، دېگىلى ئۇنىمىدى. ھەيران قېلىپ، يەنە سورىغاندىم، ئۇ: ‹سىزنى يەنە بىر قېتىم تونۇشتۇردۇم، بۇ كىشى ۋودكا دېگەن ھاراق چىقىدىغان يەردىن كەلدى دېدىم. قارىمامسىز، ئۇلارنىڭ خۇش

www.uyghurkitap.com

بوپكەتكىنىنى!› دېدى. دېمەك، ئافرىقا قولتۇقى ئارقىلىق ۋودكا ھارىقى بۇ رايونغا ئەڭ بالدۇر كىرگەنىكەن. شۇڭا ئۇلار ۋودكىنى مەندىنمۇ ياخشىراق تونۇيدىكەن. مانا شۇنىڭغا ئوخشاشلا گەپ» دەپ چىڭغىز ئايتماتوۋ ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇردى. مېنىڭمۇ ئايتماتوۋغا قىلغان تۇنجى زىيارىتىم ئەنە شۇ «ۋودكىدىن چىققان كۆلكە» دېگەن نام بىلەن شۇ كۈنىلا خاتىرەمگە چۈشكەنىدى.

ئاشۇ كۈنى داستىخان ئۈستىدىكى سۆھبىتىمىز تۆت ـ بەش سائەت داۋاملاشتى. ئايتماتوۋ بولسا بۇ قىممەتلىك چاي زىياپىتىنى تەبىئىي ھالدا ئىلىم مۇھاكىمىسىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىدىن ئەسەرلىرىدىكى ئوي ـ پىكىرلەر ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئايتماتوۋ شۇ قىممەتلىك سۆھبەتتە، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن ئاسانلا قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى، بەزى يەكلەشلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى:

ــ بىر كۈنى،ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى چىڭغىز ئايتماتوۋ، ــ بىز ناھايىتى ھۆرمەتلەيدىغان، قىرغىز پروزىسىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان بىر ئاقساقال يازغۇچىمىز مېنى ئالايىتەن ئىزدەپ كەلدى:

ــ قېشىمغا كەل،ــ دېدى ئۇ. مەن دەرھال باردىم.

ــ ماشىنا ھەيدەشنى بىلەمسەن؟

ــ بىلمەن.

ــ ئۇنداق بولسا مېنىڭ ماشىنامنى ھەيدە، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار!ــ دېدى. مەن ماشىنىنى ھەيدەپ، ئۇ كۆرسەتكەن يول بىلەن ماڭدىم. ھازىرقى «ئىسسىقكۆل مېھمانخانىسى»نىڭ كەينىدىكى بىر تۆپىلىككە كەلدۇق.

ــ ماشىنىنى توختات!

مەن دېگەن يەرگە توختاتتىم. ئۇ زات ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئۇن ـ تىنسىز ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. مەنمۇ نېمە قىلارىمنى بىلمەي، قانداق ئىش بولغىيدى؟ دەپ ھاڭۋېقىپلا قالدىم. «ھەرقانداق گەپ بولسا ئوچۇق دەۋەرسە بولاتتىغۇ؟ قوبۇل قىلالايتتىم» دەپ ئويلىدىم. گەپ بار دەپ باشلاپ كېلىپ، تېزراق ئېيتمىغىنى ئادەمنى تولىمۇ تىت ـ تىت قىلىدىكەن.

ئۇ بىرھازادىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

ــ ھەي بالا! ھېلىقى نېمىتى؟... سەن بىر قاچقۇن خوتۇننىڭ ھېكايىسىنى يازغانىدىڭغۇ؟

ــ ھە، «جەمىلە»ــ دېدىم مەن.

ــ ئۇنى يېزىپ كاتتا مۇكاپاتمۇ ئالدىڭ. لېكىن مەن ساڭا داداڭنىڭ ئورنىدا شۇنى دېمىسەم بولمىدى. داداڭ تۆرەقۇل ئىككىمىز ياخشى ئۆتكەنىدۇق. بىلەمسەن، ساڭا بۇ مۇكاپاتنى قىرغىزلارنى مەسخىرە قىلغىنىڭ ئۈچۈن بېرىۋاتىدۇ. قىرغىزنىڭ خوتۇنلىرى ئۆز ئەرلىرىنى تاشلاپ، باشقا بىرلىرى بىلەن قېچىپ كېتىۋەرسە ياخشىمۇ؟! يازغىنىڭ بىر نەرسە تاپالمىساڭ، ماڭا دېسەڭ بولماسمىدى؟ ئۇنداق ئىشنى ئەمدى قىلغۇچى بولما!ــ دېدى. مەن زۇۋان سۈرمىدىم، ئىچىمدە «ھەتتىگىنەي! ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۆتىۋەرلىرى مۇشۇنداق چۈشەنچىدە بولسا، بىزنىڭ قىرغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ يولى تولىمۇ مۇشكۈل ئىكەن ـ دە!» دەپ ئويلىدىم.

يەنە بىر ئىش، «جەمىلە» ناملىق پوۋېستىم بىلەن س س س ر نىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ قايتىپ كەلسەم، قىرغىزىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى مەخسۇس مۇشۇ ئەسىرىم توغرىسىدا مۇھاكىمە ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. بىر ئاتالمىش يازغۇچى يىغىندا سۆز قىلىپ: «چىڭغىزنىڭ بۇ ئەسىرىنى خەلقىمۇ ياقتۇرمايدىكەن. يۈزىگىلا دەۋېرەي، ئۆتكەندە ئىسسىقكۆلگە كاماندىروپكىغا بېرىپ، كولخوزنىڭ يولىدا پىيادە كېتىۋاتسام بىر ھارۋىكەش ئۇچراپ، مېنى ھارۋىسىغا سېلىۋالدى ـ دە، ماڭا قاراپ: ‹چىرايىڭىزدىن تونۇۋالدىم، سىز يازغۇچى ئوخشىمامسىز؟ ھېلىقى چىڭغىز ئايتماتوۋ دېگەنگە گەپ قىلىپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇ ماڭا ئۇچراپ قالىدىغان بولسا، مۇشۇ قامچام بىلەن يۈزىگە نەچچىنى سالغان بولاتتىم› دېدى. دېمەك خەلققە كۆرسەتكەن تەسىرى شۇنچىلىك دەرىجىدە ناچار!» دەپ زەردە بىلەن گېپىنى تۈگەتتى. بۇ گەپلەرنى خەلق نامىدىن ھېلىقى «يازغۇچى»نىڭ ئۆزى توقۇپ چىققانلىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا خاپا بولۇشنىڭ ھاجىتى يوقتە! چۈنكى مەن شۇ چاغدا بۇخىل ئەھۋالنى قىرغىز ئەدەبىياتى مۇساپىسىدىكى ساددا پىكىرلەرغۇ دەپ چۈشەنگەنىدىم.

بولۇپمۇ شۇ قىممەتلىك چايدا چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئانا تىلغا بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئانا تىلنىڭ تەقدىرىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىغىچە بولغان ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغانلىقى ئەقىل بۇلىقىمنى ئېچىپ، ئۇ بۈيۈك ئۇستازدىن بىۋاستە تىل دەرسى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. شۇ كۈنى ئۇنىڭ تىل ھەققىدىكى يەنە بىر تېمىسى «سىرتتىن كىرگەن سۆزلەر» (قىرغىزچىدا بۇنى «كىرىندى سۆزلەر» دەپ ئاتايدۇ.ــ تەرجىماندىن) بىلەن «فامىلە» توغرىسىدا بولدى. ئۇ مەندىن: «جۇڭگو قىرغىزلىرى فامىلىنى قانداق شەكىلدە ئاتايدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئاتىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ‹ئوغلى›، ‹قىزى› دېگەن قوشۇمچىلارنى قوشۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىۋاتىمىز» دەپ

جاۋاب بەردىم. بۇ توغرىسىدا پىكىر قاتناشتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى: ھەر كىم ئۆز مىللىي تىلىغا لايىق كېلىدىغان فامىلە فورمىسىنى تېپىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. شۇ چاغدا مەن قاتارلىق بىر نەچچەيلەن قەدىمكى تاشپۈتۈكلىرىمىزدىكى «تېگىن» دېگەن «تەگ ئاتىمىزنى» (تەگ ئىسمىمىزنى) قوللانساق مۇۋاپىق بولاتتى دېگەن قاراشنى كۆپرەك تەكىتلىدۇق. شۇنداقلا ئۇنى چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈۋالغاندەك بولدۇق. مەن شۇنىڭدىن باشلاپ، يۇرتىمىزدا «قارىمىش پالۋان» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان يەتتىنچى ئاتامنىڭ ئىسمىنى «تەگ ئات» (فامىلە) سۈپىتىدە قوللىنىپ، «قارىمىش تېگىن ماكەلەك ئۆمۈرباي ئوغلى» دەپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتىمەن.

كېيىنكى كۈنى چىڭغىز ئايتماتوۋ يۈسۈپ ماماي ئاقساقلىمىزغا ئاتاپ قۇندۇز ياقىلىق دۇرىيە تون كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قولى ئورنىدا ئۇ زاتنى مۇبارەككە كىيدۈرۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى. مەن بۇ ئامانەتنى خۇددى بىزگە چۈشكەن قۇت قاتارى كۆرۈپ، ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا يۈسۈپ ماماي ئاقساقالغا ئېلىپ بېرىپ كىيدۈرۈپ قويدۇم ھەم چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ مۇبارەك سالىمىنى يەتكۈزدۈم. ئۇلۇغ ماناسچىمىز يۈسۈپ ماماي بۇ قىممەتلىك سوۋغىنى ئۆزىگە بېرىلگەن كاتتا ئىنئام قاتارى قوبۇل قىلىپ، ئۆز رازىمەنلىكىنى بىلدۈردى.

## ئىككىنچى، «مايكىنىڭ ھېكايىسى»

2003-يىلى- ئاردىن 15 يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قىرغىزىستانغا ئىككىنچى قېتىم باردىم. قىرغىزىستان تۇپرىقىغا قەدەم باسسىلا چىڭغىز ئايتماتوۋ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۆزۈمنىڭ مۇقەددەس بۇرچۇم دەپ ھېسابلايتتىم. بۇ قېتىممۇ ئايتماتوۋنى مەخسۇس تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئابدىلداجان ئاقماتالىيېفتىن: «چىڭغىز ئاغا بىلەن كۆرۈشكىلى بولارمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ مېنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشۈمنى ئايتماتوۋغا يەتكۈزگەنىكەن. ئابدىلداجان ئاقماتالىيېف ماڭا: «ئايتماتوۋ سىزنى ئۆيىگە كېلىۋەرسۇن دېدى» دېگەن خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى. مەن شۇ ۋاقىتتا قىرغىزىستاننىڭ «قىرغىز- تۈرك- ماناس ئۇنىۋېرسىتېتى»دا ئوقۇۋاتقان ئوغلۇم جۇمەنەزەر بىلەن بىللە ئىدىم. دەرھال تەييارلاندۇق، خۇددى بىر مۇقەددەس جايغا بېرىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولدۇق. بالام: «مەنمۇ بارىمەن» دەپ ئەگەشتى. شۇنداق قىلىپ كەچ سائەت يەتتىلەردە چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئۆيىگە ئابدىلداجان ئاقماتالىيېفنىڭ يول باشلىشى بىلەن يېتىپ كەلدۇق.

ئايتماتوۋ ئۆيىدە يالغۇز ئىكەن. «بۈگۈن ۋاقىت خېلى كەچ بولۇپ قالدى» دېسە، «بۈگۈن ۋاقىت خېلى كەچكىرىدەك تۇرىدۇ» دەپ ئويلىدىم. مەن ئايتماتوۋغا جۇڭگو قىرغىزلىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى ئېيتىپ بەردىم. بولۇپمۇ «تىل جانا قوتورمو» («تىل ۋە تەرجىمە») ژۇرنىلىنىڭ نۇسخىلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئىمزاسىنى قويغۇزۇپ، بۇ ژۇرنالنىڭ قىرغىز تىل- يېزىقىنى تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس ژۇرنال ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردۇم. ئايتماتوۋمۇ چىن كۆڭلىدىن: «مىليارد خەلقنىڭ ئىچىدە ئۆز ئانا تىللىرىنى ساقلاپ، مىللەت سۈپىتىدە مەتبۇئات ئىشلىرىڭلارنى يۈرۈشتۈرۈپ، ‹ماناس› ئېپوسىنى قەغەز يۈزىگە تولۇق چۈشۈرۈپ بولغىنىڭلار مېنى ھەيران قالدۇردى. شۇنداق ئادالەتلىك، خالىس ھۆكۈمىتىڭلارنىڭ پىشانىسى مەھكەم تۇتۇڭلار» دېدى. ئاندىن كېيىن ئىككىنچى قەۋەتتىكى كىتابخانىسى بىلەن يېزىقچىلىق ئۆيىنى كۆرسەتتى. كىتابخانىسىنىڭ بىر تەرىپىدە ئېسىقلىق تۇرغان رەسىم ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئايتماتوۋ شۇ رەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى- دە، رەسىمگە نۇر بەرگۈچى چىراغنى ياقتى. ئاندىن: «بۇ مېنىڭ ئەڭ قىممەتلىق بايلىقىم» دەپ تونۇشتۇردى. بۇ رەسىم جازىسىدا خۇددى تىرىكتەكلا سىزىلغان، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىۋاتقان يەتتە بۆرە، بۆرىلەرنىڭ ئۈستى تەرىپىگە قوشۇپ سىزىلغان ئايتماتوۋنىڭ رەسىمى تۇراتتى. ئايتماتوۋنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ رەسىم قالتىس ماھارەت بىلەن سىزىلغان بولۇپ، تولىمۇ ئەتىۋارلايدىكەن.

بالا دېگەن بالىدە، بىز ئېيتىشقا پېتىنالمىغان گەپنى ئوغلۇم جۇمەنەزەر دەۋەتتى:

— بۇ رەسىمنىڭ ئالدىدا سۈرەتكە چۈشۈۋالساق بولارمۇ؟

— بولىدۇ، نېمىشقا بولمايدىكەن!— دەپ چىڭغىز ئايتماتوۋ ئۆزىمۇ بىز بىلەن بىللە شۇ يەردە سۈرەتكە چۈشتى. ئاشۇ ئەھمىيەتلىك خاتىرە ھېلىھەم ئالبۇمىمدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا.

شۇ كۈنى ئايتماتوۋ بىلەن كەچكى تاماقتىمۇ بىللە بولدۇق. ئۇ بىزگە:

— يەڭگەڭلار ئۆيدە يوق، مەنمۇ ئۆز ئۆيۈمگە مېھمانمەن، بارنى تەڭ يەيلى،— دېدى. ھەقىقەتەنمۇ شۇ ۋاقىتلاردا ئايتماتوۋ ئائىلىسى ليۇكسېمبورگدا بولۇپ، بۇ قېتىم ئۇ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈنلا كەلگەنىكەن. ئۆيگە قارايدىغان قىز، بىز ئادەتتە «گاڭفەن» دەيدىغان گۈرۈچ تامىقىنى ئوخشىتىپ ئېتىپتۇ. تاماق يەۋېتىپ:

ــ بىشكەكتىكى كۈنلىرىمدە تالاي كىشىنىڭ چىڭغىز ئايتماتوۋ بىزگە پرېزىدېنت (زۇڭتۇڭ) بولۇپ، قىرغىزىستاننى بېيىتسا ياخشى بولاتتى دېگەن سۆزلىرىنى كۆپ ئاڭلىدىم. سىزمۇ مۇشۇنداق خىيالدا بولۇپ باققانمۇ؟ــ دەپ سورىدىم. ئايتماتوۋ بۇنداق سۆزلەرنى تولا ئاڭلاپ كەتكەن بولسا كېرەك، كۈلۈپ قويۇپ:

ــ ئۇنداق سۆزلەر سىنىڭ قۇلىقىڭغىمۇ يېتىپتىكەندە! مەندە تەختكە چىقىش تەلىپى ئەزەلدىن بولۇپ باققان ئەمەس، ماڭا پەقەت قەلەملا نېسىپ بولغان، مەن ئۆزۈمنى مۇشۇ ساھەنىڭ ئادىمى دەپ ھېسابلايمەن. بەلكىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسەتكەندۇرمەن. ئەمما مەن پرېزىدېنت بولساملا خەلقنىڭ بېيىپ كېتىشى ناتايىن. بىزدە كەمبەغەل ئاز، ھۇرۇن جىق! ھەربىر ئادەم ئۆز بېشىغا چۈشكەن ئېغىرچىلىقنى ئۆزى كۆتۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك! ھەممە ئىش ئاستا ـ ئاستا ئۆز ئىزىغا چۈشۈپ كېتىدۇ،ــ دېدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ «قىيادىكى ئوۋچىنىڭ ئاھۇ ـ زارى» («مۇختار شاخانوۋ بىلەن چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ سۆھبەت خاتىرىسى») ناملىق كىتابتىن (بۇ كىتاب شىنجاڭدا قىرغىز، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدىمۇ نەشر قىلىنغان.ــ تەرجىماندىن) ئايتماتوۋ خەلق تەرىپىدىن پرېزىدېنتلىققا كۆرسىتىلگەندىمۇ «يېزىقچىلىق قەلىمىمنى ھوقۇقنىڭ قۇربانى قىلىشنى خالىمايمەن» دەپ ئېيتقانلىقىنى ئوقۇغانىدىم. (قىرغىزىستان «ئۇچقۇن» نەشرىياتىدىن 2001 ـ يىلى چىققان شۇ ناملىق كىتابنىڭ 195 ـ بېتىگە قارالسۇن) مانا ئەمدى بولسا ئۇ كۆز قاراشلىرىنى ئۆز ئېغىزىدىن ئاڭلاپ، بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ دانالىقىغا يەنە بىر قېتىم چىن كۆڭلۈمدىن قايىل بولدۇم.

بۇ قېتىمقى بىللە تاماق يېيىش جەريانىدا، ئايتماتوۋنىڭ باللارغا ناھايىتى ئامراقلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ئوغلۇمدىن قايتا ـ قايتا سوئال سورايتتى، بىردەم خەنزۇچە سۆزلىتىپ باقاتتى. بىر ۋاقىتتا بالام چاپىنىنى سېلىۋىدى، ئايتماتوۋنىڭ كۆزى ئوغلۇمنىڭ مايكىسىغا چۈشتى. ئەسلىدە بۇ مايكىغا ئايتماتوۋنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ، جۇڭگو قىرغىزلىرىنىڭ يېزىقىدا بىر نەچچە قۇر خەت يېزىلغانىكەن. ئايتماتوۋ:

ــ بۇنى نەدە قىلدۇردىڭلار؟ مېنىڭ ئىمزايىممۇ تۇرىدىغۇ؟ بۇ يەرگە نېمە دەپ يېزىلغان؟ــ دەپ سورىدى.

ــ بۇ سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزدىكى «تەقدىرگە يارىشا ئادەم، ئادەمگە يارىشا تەقدىر» دېگەن سۆز،ــ دەپ جاۋاب بەردۇق. ئەسلىدە ئۇلۇغ ئادەملەر ئىنتايىن كىچىك ئىشلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمايدىكەن ئەمەسمۇ؟

ــ مېنىڭ سۈرىتىمنى چىنە ـ ئىدىشلارغا ۋە باشقا بۇيۇملارغا بېسىپ، ماڭا سوۋغات قىلغانلار كۆپ بولغانىدى. بىراق مۇنداق مايكىغا بېسىپ كىيىۋالغاننى تۇنجى كۆرۈشۈم. مۇشۇ مايكاڭنى ماڭا بېرەمسەن؟ خاتىرە سۈپىتىدە بۇ يەرگە ئىلىپ قويىمەن،ــ دەپ سوراپ قالدى.

ــ بولىدۇ، ئەته چوقۇم ئەكېلىپ بېرىمەن،ــ دەپ ۋەدىسىنى بەردى بالام.

ــ ئۇنداقتا ئەته كېلىۋەرگىن، مېنىڭمۇ سەن دېمەتلىك ئەلدار دېگەن ئوغلۇم بار، شۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈڭلار،ــ دېدى ھەم بالامنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ بۈگۈنكى ئۇچرىشىشىمىز بۇ مايكا بىلەن تېخىمۇ مەنىلىك بولدى. بىز قايتىدىغان چاغدا سىرتتا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. ئايتماتوۋ بولسا بىزنىڭ «بولدى، تۇرۇپ قېلىڭ» دېگىنىمىزگە ئۇنىماي قورۇنىڭ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى. بۇ مۇبارەك زاتنىڭ شۇ قورۇسىدا ئۈستىۋېشى قار ھالەتتە تۇرغان سىيماسى ماڭا ھەر ۋاقىت «ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۇلارنىڭ كىچىك پېئىللىكىدىندۇر» دېگەن ھېكمەتنى ئەسلىتىدۇ.

## ئۈچىنچى، ئىمزاسى چۈشۈرۈلگەن شەپكە

2003 ـ يىل 7 ـ مارتتا بىشكەكتە ئىدىم. ئەتىگەندە ئۆز ئىشلىرىم بىلەن ھەلەك بولۇۋاتسام، تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. تېلېفوندا بىر ناتونۇش كىشى «قىرغىز كىنوسى» ئىدارىسىگە تېزراق يېتىپ كېلىشىمنى، ئۇ يەردە مۇھىم كىشىلەرنىڭ ساقلاپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مەن دەرھال تاكسى بىلەن يېتىپ باردىم. ئۇ يەردە كىنو ستۇدىيىسىنىڭ مەسئۇلى قاتارلىق بەش ـ ئالتە كىشى ساقلاپ تۇراتتى. مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنلا ئاندىن بۇ يەردە قانداق ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلدىم. ئەينى ۋاقىتتا چىڭغىز ئايتماتوۋ مۇشۇ «قىرغىز كىنوسى» ئىدارىسىنى يېتەكلەپ، كۆپ يىل خىزمەت قىلغانىكەن. بۈگۈن بۇ يەردە، ئەينى ۋاقىتتا ئايتماتوۋ ئولتۇرغان ئىشخانىنى قايتىدىن ئايتماتوۋغا ئېچىپ بېرىش مۇراسىمى ۋە ئامېرىكىدا «چىڭغىز ئايتماتوۋ فوندى»نى قۇرغان ئابىلماجۇن تۆمۈرئەلىيېۋ دېگەن كىشى سۈرەتكە ئالدۇرغان «تالاس دىيارى» ناملىق فىلىمنىڭ تۇنجى قويۇلۇشى قاتارلىق مەرىكىلەر ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىكەن. بۇنىڭغا چىڭغىز ئايتماتوۋمۇ قاتنىشىدىكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئايتماتوۋمۇ يېتىپ كەلدى. قىرغىزلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە «چاچلا» (بوغۇرساق، قەنت ـ گېزەك قاتارلىقلارنى كىشىلەرگە چېچىپ بەرىكەت تىلەش.ــ

تەرجىماندىن) چىچىلىپ، ئايتماتوۋ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىلدى. ئابلىماجۇن ئۆزىنىڭ فوندى ئىشلەپچىقارغان، ئايتماتوۋنىڭ ئىمزاسى چۈشۈرۈلگەن، ئاق كىگىزدىن نەپىس تىكىلگەن شەپكىنى چىڭغىز ئاغىغا سۇندى. چىڭغىز ئاغا بولسا بۇ شەپكىنى مېنىڭ بېشىمغا كىيگۈزۈپ قويدى. مانا! ئادەمنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قوندى دېگەن شۇ ـ دە! ئالەمچە سۆيۈنۈپ، چىڭغىز ئاغا كىيدۈرگەن باش كىيىم بۇ دەپ تەۋەررۇك بىلىپ ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

ئاندىن كېيىن ھەممىمىز ئايتماتوۋغا ئەگىشىپ ستۇدىيىنىڭ ئىچىنى ئېكسكورسىيە قىلدۇق.

ــ ئەينى ۋاقىتتا بۇيەردە مېنىڭ ئەڭ مەنىلىك كۈنلىرىم ئۆتكەن، كۆزۈمگە ناھايىتى ئىسسىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ، ــ دەپ چىڭغىز ئايتماتوۋ شېرىن ئەسلىمىلەر دېڭىزىغا غەرق بولماقتا ئىدى.

كىنوخانىغا كىرگەندە، ئۇ بۇرۇن دائىم ئولتۇرىدىغان كونا جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. بىز بولساق نېرىراق ئولتۇرۇپ، ئۇ زاتنىڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرىگە دەخلى قىلماسلىققا تىرىشتۇق. ئايتماتوۋ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا «تالاس دىيارى» ناملىق فىلىمنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتتى. مېنىڭچە، چىڭغىز ئايتماتوۋنى مۇنداق ئىككى شېرىن ئەسلىمە ئۆزىگە بەند قىلىۋالغاندەك ئىدى. بىرى، ئاشۇ ئۆزى ئولتۇرغان بۇرۇنقى كونا جاي ئەسلىمىلىرى، يەنە بىرى بولسا، فىلىمدىكى ئۆزى چوڭ بولغان ئاۋۇلنىڭ مەنزىرىلىرى ئىدى... فىلىم توگەپ زال ئىچى يورۇغاندىلا، ئاندىن ئايتماتوۋ ئۆزىنى ئىختىيارسىز غەرق قىلغان خىيال دېڭىزىدىن چىققاندەك بولۇپ، بىزگە قاراپ:

ــ سىلەر نېمىشكە ئۇنداق يىراق ئولتۇرۇۋالىسىلەر؟ ــ دېدى ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ. بىز دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇق. مەن ئۇ يەرگە پەلتويۇمنى كىيمەيلا بارغانىكەنمەن. ئايتماتوۋ كىيىملىرىمنى تۇتۇپ كۆرۈپ:

ــ ئوھھوي! سىلەر توڭلىمايدىكەنسىلەر ـ ھە؟ ــ دېدى. ئۇ ناھايىتى ئۇششاق ئىشلارغىمۇ شۇنداق دىققەت قىلىدىكەن. ئۇ بۇ فىلىمدىن ئالغان تەسىراتلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرىنى شۇ يەردىلا ھاياجان ئىلكىدە سۆزلەپ كەتتى.

ــ بۇ پارتىيىمىزنىڭ داۋامىنى «دەسمايە» رېستورانىغا چىقىپ داۋاملاشتۇرساق قانداق؟ ــ دەپ ساھىبخانىلار بىزنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. بىز يەنە بىر قېتىم ھەمداستىخان بولدۇق. شۇ چاغدا ئايتماتوۋ ماڭا قاراپ:

ــ ھېلىقى ئوغلۇڭ قېنى؟ ئۇنىمۇ چاقىرىپ قوي، بۇ يەرگە كەلسۇن، ــ دەپ قالدى. مەن بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ بالىغا مۇنداق ئامراقلىقىغا يەنە بىر قېتىم ئاپىرىن ئوقۇپ:

ــ چىڭغىز ئاغا، سىز بالىلارنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەنسىز، بۇ مىجەزىڭىز مېنى بەكلا سۆيۈندۈرۈۋاتىدۇ، ــ دېدىم.

ــ مەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا نۇرغۇن بوۋاققا ئىسىم قويۇپ بېرىۋاتىمەن. ئۆزۈمنىڭمۇ بۇ ئىشقا خېلى ئېپىم كېلىپ قالدى. بالىلار ھەر ۋاقىت مېنىڭ كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ، ــ دېدى.

ئايتماتوۋنىڭ شۇ قەدەر قائىدە ـ يوسۇنلۇق مىجەزىگە، قىرغىز مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە تەرىپىگە، بولۇپمۇ تىلىغا كۆيۈپ ـ پىشقانلىقىغا، نەتىجىلەرگە سۆيۈنۈپ، يېتەرسىزلىكلەرگە ئېچىنىپ ئېيتقان مەسئۇلىيەتچان روھىغا ئىچ ـ ئىچىمدىن ئاپىرىن ئوقۇپ ئولتۇردۇم. ئۇ، شاراب ئىچمەيدىكەن، پەقەت رومكىسىغا ئازراقلا ۋىسكى قۇيدۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا مىنېرال سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر كىم ئەزگۈ تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ كەلگەندە، ئۇلار بىلەن سوقۇشتۇرۇپ قويۇپ، كۆڭۈل ئىزھارلىرىنى قوبۇل قىلىپ، چوڭ ـ كىچىك دېمەي ھەممە بىلەن مۇڭدىشىپ، ئوي ـ پىكىرلىرىنى بىلگۈسى كېلىپ تۇرىدىكەن. سورۇن ئاخىرلاشقاندا، ئۆزى داستىخانغا ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ «ئامىن» دەپ بەردى. شۇ چاغدا ھېلىقى رومكىسىدىكى ئازراقلا ئېغىز تەگكۈزۈلگەن شارابى شۇ پېتى قالدى. مەن ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

ــ مۇبارەك ئاغزىڭىز تەگكەن شارابنى ئوغلۇمغا ئىچكۈزۈشكە بولارمىكىن؟ ــ دەپ سورىدىم. ئايتماتوۋ بۇ گېپىمنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ، ئۆز قولى بىلەن بالامغا سۇنۇپ بەردى. دېمەك مۇنداق ئەنئەنىۋى روھ ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ جىسمىدا ھەر ۋاقىت ئىپادىلىنىپ تۇرىدىكەن ئەمەسمۇ!؟

## تۆتىنچى، «ئېھ جەمىلە! ھەممە يەردىلا...»

چىڭغىز ئايتماتوۋنى تۆتىنچى قېتىم زىيارەت قىلغىنىمدا، ئەسەرلىرى توغرىسىدا بىۋاسىتە پاراڭلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. 2004 ـ يىلى 15 ـ ماي بىشكەكتە خەلقئارالىق ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىغا قاتنىشىپ يۈرگەن كۈنلىرىم ئىدى. قىرغىزىستاننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باش كاتىپى، تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى داڭلىق ئەرباب ئوسمانئاخۇن ئىبراھىموۋ تېلېفون قىلىپ: «بۈگۈن كەچلىك غىزادا بىر ئۇلۇغ زات بىلەن بىللە بولىمىز، ۋاقىت بىلەن ئورۇننى مېنىڭ كاتىپىم ئايرىم ئۇقتۇرىدۇ» دەپ خەۋەرلەندۈردى. كەچلىك تاماق ۋاقتى بولاي دېگەندە،

دېگەندەكلا ئۇنىڭ كاتىپى تېلېفون قىلىپ: «ئىسسىقكۆل مېھمانسارىيىغا كېلىڭ، ئۇ يەردە بىر ماشىنا سىزنى كۈتۈۋالىدۇ» دېدى. مەن دەرھال يېتىپ باردىم. ئۇلار مېنى «ئالا ئارچا» مېھمانخانىسىغا باشلاپ باردى. بىر نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن چىڭغىز ئايتماتوۋمۇ بۇ يەرگە كىرىپ كەلدى. بۈگۈنكى ئۇلۇغ زات ئەسلىدە چىڭغىز ئايتماتوۋ ئىكەن ـ دە دەپ ئىنتايىن سۆيۈنۈپ، يەنە بىر قېتىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، قىزغىن سالاملاشتۇق. بۈگۈنكى داستىخاندا پەقەت ئۈچلا كىشى ئىكەنمىز. سۆز تېمىسىنى ئوسمانئاخۇن ئىبراھىموۋ سوئال بىلەن باشلاپ، ياخشى كەيپىيات پەيدا قىلدى. ئۇ زات مەندىن مۇنداق سورىدى:

— چىڭغىزنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانمۇ؟

— ئوقۇغان.

— قايسى ئەسىرىنى ئوقۇغان؟

— نەشردىن چىققان ھەممە ئەسىرىنى دېگۈدەك ئوقۇغانمەن.

— سىزگە تەسىر قىلغانلىرى قايسىلار؟ قايسى ئەسىرىنى بەكرەك ياقتۇرىسىز؟

— ھەممىسىنى ياقتۇرىمەن، تەسىر قىلغان نەرسىلەر خېلى كۆپ.

— شۇنداقتىمۇ بىرنى كۆرسىتىپ بېقىڭە؟

سوئال تولىمۇ كونكرېتلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دۇنياۋى شۆھرەتلىك يازغۇچىنى قارىتىپ تۇرۇپ مەندەك بىر ئوقۇرمەن قانداقمۇ ئاشۇ نادىر ئەسەرلەردىن پەقەت بىرىنىلا كۆرسىتىپ چەكلىنىشى مۇمكىن؟ بۇنى پەملىگەن چىڭغىز ئايتماتوۋ: «بولدى قىلىڭ، ئۇنداق كوچىلاپ سوراۋەرمەڭ» دەپ مېنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولدى. لېكىن ئىبراھىموۋ بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس. بەلكىم يىراقتىن كەلگەن ئوقۇرمەننىڭ يۈرەك سۆزىنى ئاپتورنىڭ ئالدىدا بىر بىلىپ باققۇسى ھەم بىلدۈرگۈسى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە سورىدى:

— بىر ئەسەرنىڭ نامىنى ئاتىۋېتىڭە؟

— «جەمىلە».

بۇ سۆز ئېغىزىمدىن چىقىشى بىلەن ئىككىلىسى تەڭلا كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن چىڭغىز ئايتماتوۋ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋالدى ـ دە:

— ئېھ جەمىلە! ھەممە يەردىلا ئۇنتۇلماپسەنغۇ! رەھمەت ساڭا، بىر داۋاندىن ئېشىۋالدىڭ. ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، ــ دەپ سۆزىنى باشلىدى. ئۇ سۆزىدە قىرغىز خەلقىگە، جۇڭگو قىرغىزلىرىغا تىنچ ـ ئامانلىق تىلىدى. مېنىڭ بۇرۇنلا ئايتماتوۋ ئەسەرلىرى ۋە ئۇ توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار بىلەن چوڭقۇر تونۇشلۇقۇم بولغاچقا، بۇ سوئاللارغا ئەلۋەتتە جاۋاب بەرگۈچىلىكىم بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە خالىغان بىر ئەسىرىنىڭ نامىنى ئاتىساقلا، بۇ سوئالغا جاۋاب چىقاتتى. ئۇلۇغ يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى ھەربىر ئوقۇرمەننىڭ سەۋىيىسىگە يارىشا تۇيغۇ بېغىشلايتتى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئەسەرلىرى پەقەت بىرلا ئەمەس، ھەربىرى خۇددى مەڭگۈلۈك ئابىدە كەبى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغاچقا، قايسى بىرىنى ئاتىسىلا بولۇۋېرەتتى. ئۇنداقتا مەن نېمە ئۈچۈن ئاپتورنىڭ ئالدىدا «جەمىلە»نى تىلغا ئالدىم؟ چۈنكى «جەمىلە» ئەينى دەۋر ئىجتىمائىيىتىنىڭ تۈرلۈك كىشەننى ئۈزۈپ تاشلاپ، كىشى قەلبىنىڭ نازۇك تارلىرىنى چېكىدىغان ئاھاڭدىن ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى، بولۇپمۇ مۇھەببەت ھېسلىرىنى بىلىپ يېتەلىگەندى. ئۇنى شۇنچىۋالا قەيسەرلەشتۈرگەن كۈچ ــ مۇھەببەتتۇر. باشقا ئەللەرمۇ قىرغىزلارنىڭ مۇھەببەت ھېسلىرىنى جەمىلە ئارقىلىق چۈشەندى. ئايتماتوۋنىڭ «ئېھ جەمىلە، ھەممە يەردىلا...» دېگىنى، ھەقىقىي مۇھەببەتكە مەدھىيە ئېيتىشنىڭ ھەممىگە ئورتاق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغىنى ئىدى. ماناس بىلەن قانىكەينىڭ مۇھەببىتى، مۇھەببەت ئىشقىدا ئاق قۇ بولۇپ ئۇچقان ئايچۈرەك، قۇلمىرزا بىلەن ئاقساتقىن (يۇقىرىقىلار قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى مۇھەببەت ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانلار) قاتارلىقلارنىڭ ھەر خىل چەكلىمىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىشى قىرغىز ئەدەبىياتىدىكى چىن مۇھەببەتكە ئوقۇلغان مەدھىيىلەر ئىدى. ئۇنى موتىپ قاتاردا پايدىلانغان چىڭغىز ئايتماتوۋ جەمىلە ئارقىلىق قايتا نامايان قىلدى. ئىنسانىيەتكە ئۆز روھى، ئۆز ئادىمىيلىكى بويىچە ياشايدىغان جەمىلىلەر كېرەك ئىدى. شۇڭا ھەممە يەردىلا «جەمىلە» ياشاپ كەلمەكتە.

## بەشىنچى، يۈسۈپ ماماي ئېيتقان «ماناس» ئېپوسىغا «كىرىش سۆز» يازدۇرغاندا

جۇڭگو قىرغىزلىرىدىن يېتۈك ماناسچى يۈسۈپ ماماي 1960 ـ يىلدىن باشلاپ «ماناس» ئېپوسىنى ئېيتىپ، قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈشكە باشلىغانىدى. ساۋاتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن كېيىنچە ئالدى ـ كەينى بولۇپ ئېيتقانلىرىنى پۈتۈنلەي بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزى قەغەز يۈزىگە تولۇقلاپ چۈشۈرۈپ بەرگەن. بۇ ئۇستازدىن يىغىۋېلىنغان، قەھرىمان ماناس ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى يەتتە ئەۋلادىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرى تەسۋىرلەنگەن 223 مىڭ

شېئىرىي مىسرالىق غايەت زور ھەجىمدىكى بۇ نۇسخىسى 1984- يىلدىن 1995- يىلغىچە بولغان ئون يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە 18 توملۇق بولۇپ جۇڭگو قىرغىزلىرىنىڭ يېزىقىدا نەشىردىن چىقتى. مۇنداق كاتتا ھەجىملىك ئېپوسنىڭ ۋارىيانتىنى چوقۇم قىرغىزىستانغا تونۇتۇش، ئۇ يەردىكى «ماناس» تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بۇ توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى بىلىش ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈسۈپ ماماي ئېيتقان ۋارىيانتنىڭ ئالدىنقى 1-، 2- قىسىملىرى قىرغىزىستاندا نەشر قىلىنىپ، تار دائىرىدە تارقىتىلىپ، بۇ ۋارىيانت توغرىسىدا بەزى ناتوغرا پىكىرلەرنىڭ روياپقا چىققىنىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ قالدۇق. ئۇ پىكىرلەر ئاساسەن يۈسۈپ ماماي يازما ماناسچى، ئۇ، ۋەقەلىكلەرگە ئاساسەن ئۆزى يېزىپ- توقۇپ چىققان دېگەن ناتوغرا چۈشەنچىلەر ۋە ماناسنىڭ سەككىز ئەۋلادىغىچە ئېيتالايدۇ دېگەندىن گۇمانلىنىش قاتارلىقلار ئىدى. ئوتتۇرىدىكى مۇنداق ئۇقۇشماسلىقنى پەقەت ئېپوسنىڭ ئۆزىنى ئوقۇتۇش ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى بولاتتى. شۇڭا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ قىرغىز تىل، ئەدەبىيات، تارىخ ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى بىرلىكتە ئىلتىماس يېزىپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باشلىقى مامبەتھاسان توختالى ئاكىنى ئىزدىدۇق. ئۇ كىشى بۇ ئىلتىماسنى چۈشىنىش پوزىتسىيىسى بىلەن قوبۇل قىلدى ھەم يۈسۈپ ماماي ۋارىيانتىنى قىرغىزىستان يېزىقىدا چىقىرىشنى راسخوت جەھەتتىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىلەن كېلىشىم تۈزدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «ماناس»نىڭ بۇ ۋارىيانتىنى قىرغىزىستان يېزىقىغا چۈشۈرۈش، كومپيۇتېردا تىزدۇرۇپ، بەت ياسىتىپ كېلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ماڭا تاپشۇردى. مەن بۇ ئىشلارنى قىرغىزىستانغا بېرىپ كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈردۈم. شۇ چاغدا، ئېپوسنىڭ نەشىردىن چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بۇ نۇسخىسىغا دۇنياۋى شۆھرەتلىك ئۇلۇغ يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوۋغا «كىرىش سۆز»، ئەينى ۋاقىتتىكى قىرغىزىستان پرېزىدېنتى ئاسقار ئاقايېفقا بېغىشلىما يازدۇرۇۋېلىشنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر توغرا كۆرۈپ، بۇ ئىشنىمۇ ماڭا تاپىلىغانىدى.

بىشكەككە بېرىپ بىر نەچچە كۈنگىچە ئايتماتوۋ بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلىدىغانلارنىمۇ تاپالمىدىم. بىر كۈنى قىرغىزىستان مەملىكەتلىك تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ ئەينى چاغدىكى دىرېكتورى ئۆمەر قۇلتايېۋا: ئۇ زات بىلەن پەقەت سىڭلىسى روزا ئايتماتوۋا ئارقىلىق كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى دەپ بەردى. بىز روزا ئايتماتوۋا بىلەن ئالاقىلاشتۇق. روزا ھەدىمۇ بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ، مەقسىتىمىزنى چىڭغىز ئايتماتوۋغا يەتكۈزۈپتۇ. 2004-يىل 17- مارت ئەتىگەندە يانفونىم جىرىڭشىپ قالدى. تېلېفوننى ئالسام، قۇلاققا تونۇش سالاپەتلىك ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئالو، مەن چىڭغىز ئايتماتوۋ.

بۇ ئاۋاز مېنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. سالاملىشىپ، قۇلىقىمنى تېلېفونغا يېقىپ تۇردۇم.

— مېنى ئىزدىگەنىكەنسەن، ئىزدەشتىكى مەقسىتىڭمۇ ئەھمىيەتلىك ئىكەن. ئۇنداقتا قانداق ھەمكارلىشىمىز؟— دېدى چىڭغىز ئايتماتوۋ. مەن:

— يۈسۈپ ماماي ئېيتقان «ماناس» ئېپوسىنىڭ قىرغىزىستان يېزىقىدىكى تومىغا «كىرىش سۆز» ئورنىدا بىر نەرسە يېزىپ بېرەرمىكىن دەپ ئىزدىگەنىدىم،— دەپ مەقسىتىمنى ئېيتتىم.

— ۋاقتى قاچانغىچە بولسا بولىدۇ؟

— قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى بولاتتى،— دېدىم مەن خىجىللىق ئىچىدە جىددىيلىشىپ. ئايتماتوۋ دەرھاللا گەپنى ئېنىق قىلىپ:

— ئەتە سائەت ئونلاردا مېنىڭ فوندىمدىكى ئىشخانامغا بارغىن. شۇنداق بولسۇن ئەمىسە،— دەپ تېلېفوننى ئەتتى. باشقىلار ئاڭلىسا ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى ئىش بىردەمدىلا بولۇپ ئۆتتى. جىمى ۋۇجۇدۇم ئېرىپ، ئىچ- ئىچىمدىن خۇرسەن بولۇپ تۇرۇپلا قاپتىمەن. ئۇلۇغ كىشىلەر ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى كۆپ دېگۈزمەيلا بىلىدىكەن. ئۇنىڭ ماڭا ئاتايىتەن تېلېفون قىلغانلىقى مەن ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «ماناس» ئۈچۈن، يۈسۈپ مامايىنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلىگەنلىكى ئۈچۈن دەپ چۈشەنسە ئاندىن مۇۋاپىق بولىدۇ. چىڭغىز ئايتماتوۋ بۇرۇندىنلا يۈسۈپ مامايىنى كۆپ سوراپ، ئۇنىڭغا تون كىيدۈرۈپ، ئىززەت- ھۆرمىتىنى قىلىپ كەلگەنىدى. ئەمدى بولسا يۈسۈپ ماماي ۋارىيانتىدىكى «ماناس» ئېپوسى ئايتماتوۋ ئوقۇيالايدىغان يېزىقتا چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزنى قىزغىن قوللىدى.

ئەتىسى دېيىشكەن ۋاقىتتا بەلگىلەنگەن يەرگە يېتىپ باردىم. ئاڭغىچە روزا ئايتماتوۋا ھەدىمىزمۇ كەلدى. ئۇ، چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ھازىرلا كېلىدىغانلىقىنى دېدى. دېگەندەكلا چىڭغىز ئاغىمىزمۇ كېپقالدى. سېغىنىش سالىمى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئۇ شۇ يەردىكى ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. تۆر تەرەپتە مۇختار ئەۋېزوۋ (قازاقستاننىڭ دۇنياغا داڭلىق يازغۇچىسى.ــ تەرجىماندىن) بىلەن چۈشكەن سۈرەت ئېسىقلىق تۇراتتى. يېزىق ئۈستىلىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن:

ــ قېنى ئەمىسە ئىشنى باشلايلى،ــ دېدى ـ دە، «كىرىش سۆز»نى ئوقۇشقا باشلىدى،ــ كارامەت يېزىلىپتۇ.

ــ «زالقار ماناسچى» (يۈكسەك تالانتقا ئىگە ماناسچى دېگەن مەنىدە.ــ تەرجىماندىن) دېگەن سۆزنىڭ سىز ئارقىلىق ئېيتىلغىنى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ،ــ دېدىم مەن. ئۇ زاتمۇ شۇنداق سۆپەت بىلەن ئاتىدى. شۇنداق قىلىپ چىڭغىز ئايتماتوۋ ئۆز ئىمزاسىنى قويغان «كىرىش سۆز» مۇنداق پۈتۈپ چىقتى:

*【يۈسۈپ مامايننىڭ ۋارىيانتى بويىچە ئېيتىلغان «ماناس» خەلقىمىزگە قۇت بولسۇن】*

*قولىڭىزلاردىكى بۇ بېسىلما (نەشر بۇيۇمى)ــ قىرغىز خەلقىنىڭ مۇقەددەس بايلىقى بولغان «ماناس» ئېپوسىنىڭ جۇڭگولۇق ماناسچى يۈسۈپ ماماي ئېيتقان يەنە بىر ۋارىيانتى.*

*تارىخى ھەم سالتەنەتلىك، ھەم تىراگېدىيىلىك ۋەقەلەرگە باي خەلقىمىزنىڭ روھىي بايلىقى بولغان «ماناس» ئېپوسىنىڭ يەنە ئورغۇنلىغان ۋارىيانتى ئاشۇ بوران ـ چاپقۇنلۇق كۈنلەردە قوغدا سىڭگەن سۇدەك يوقىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتمەي، ئىزناسىز قالدى... تەقدىرنىڭ بۇ بۇيرۇقىغىمۇ شۈكۈر قىلايلى، بىيايلى جوڭ دۆلەتتە ياشىغان ئازغىنە ئەل مىللىي مىراس سۈپىتىدە «ماناس» ئېپوسىنى كۆز قارىچۇقىدەك ساقلاپ، ئۇنى ئۆزگىچىلىكى، بەدىئىي قىممىتى بىلەن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سۇنۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي بىباھا گۆھىرىمىزنى قەدىرلەپ كەلگەن جوڭگولۇق قىرغىز قېرىنداشلارغا چوڭقۇر رازىمەنلىك بىلدۈرۈشنى مۇقەددەس بۇرچۇم دەپ ھېسابلايمەن*

*ماناسچى يۈسۈپ مامايننىڭ ۋارىيانتى ئارقىلىق بىزگە يەتكەن «ماناس» ئېپوسى بىزنىڭ مىللىي تارىخىمىزنىڭ مول مەنالارغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر دەلىلى. بۇ ۋارىيانتتا ۋەقەلىك ماناسنىڭ سەككىز ئەۋلادىغىچە راۋاجلىنىپ، قىرغىز ھاياتىنىڭ بىزگە نامەلۇم بولغان تەرەپلىرى بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئېپوستىكى قىرغىز ئوقۇرمەنلىرىگە ھازىرغىچە نامەلۇم بولغان ۋەقەلەر، ئەسىر تىلى، بايان قىلىنىش ئۆزگىچىلىكلىرى قىرغىزشۇناسلىقنىڭ بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇپ، بۇندىن كېيىنكى تەتقىقاتلارنىڭ يېڭى زېمىننى ھازىرلىشىدا شەك يوق.*

*ــ چىڭغىز ئايتماتوۋ*

چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان بۇ پۈتۈكنامە ماڭا تولىمۇ ۋەزنىلىك تۇيۇلدى، خۇددى قولۇمدىن گۆھەرنى چۈشۈرۈۋەتمەي دېگەندەك ئاۋايلىدىم. بۇ سۆز ئاخىرى بىز تىلغا ئالغان كىتابنىڭ «كىرىش سۆز»ى بولۇپ نەشردىن چىقتى. دېمەك، يۈسۈپ ماماي ئېيتقان بۇ ۋارىيانت قىرغىزىستان يېزىقىدا چوڭ 16 فورمات، ئۈچ ستون قىلىپ تىزىلىپ، 1780 بەتلىك كاتتا بىر توم بولۇپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. كېيىن ئۇنى چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئۆز قولىغىمۇ تەگكۈزدۇق. ئۇ زات بۇ تومنى ئۆيىگە قويۇۋېلىپ، دۇنيادىكى بېرىش ـ كېلىشى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۇدەك كۆرسىتىدىكەن. بۇنى ئۆز سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتساق: جۇڭگو «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى 2007 ـ يىلى چىڭغىز ئايتماتوۋنى زىيارەت قىلغاندا، بۇ كىتابنى قولىغا ئېلىپ، «قاراڭلار، بۇ كىتابنىڭ ئېغىرلىقى ئون كىلوگرامدەك كېلىدۇ، بۇنى شىنجاڭدىكى قىرغىزلار ماڭا سوۋغا قىلغان. ھەر قېتىم چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكەندە، پەخىرلىنىپ بۇنى مېھمانلارغا كۆرسىتىمەن» دېگەن. بۇ كىتابنى كۆتۈرۈپ تۇرغان سۈرىتىمۇ گېزىتكە بېسىلغان. («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2007 ـ يىل 13 ـ ئۆكتەبىردىكى ئۇيغۇرچە سانىغا قارالسۇن). بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزدىن ئەنە شۇنداق بەرىكەت چىقىپ، يۈسۈپ ماماي ئېيتقان، ئايتماتوۋ پەخىرلەنگەن بۇ كىتابقا چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئۆزىدىن بىر تەۋەررۈك سۆز يازدۇرۇپ قالالىدۇق.

## ئالتىنچى، چىڭغىز ئايتماتوۋ «سارادال قىز»نى ئالغاندا

قىرغىزىستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بىشكەكتە ئىلمىي مۇھاكىمىسى يىغىنىغا قاتناشتىم. 2006 ـ يىلى 8 ـ مارتتا، تونۇلغان ئايتماتوۋشۇناس ئابدىلداجان ئاقماتالىيېفنىڭ ئىشخانىسىغا بارسام، ماڭا بىر خۇش خەۋەر ئېيتتى:

ــ چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ يېڭى رومانىنىڭ رۇسچىسى پۈتۈپتۇ، ئورىگىنالىنىڭ پۈتكەن نۇسخىسىنى بىلگىيدىن ئەۋەتكەنىكەن، كېچىچە ئۇخلىماي ئوقۇپ چىقتىم. رومانىنىڭ نامى «سارادال قىز» ئىكەن،ــ دېدى. ئىككىمىز خۇشاللىقىمىزدىن قۇچاقلىشىپ مۇبارەكلىدۇق. مەن:

ــ بۇ، جۇڭگو قىرغىزلىرى ئۈچۈن ناھايىتى كاتتا، پەخىرلىنەرلىك ئىش بولىدۇ،ــ دېدىم.

ــ سەۋەبى؟

ــ چۈنكى «سارادال قىز» جۇڭگو قىرغىزلىرى ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن داستان، ئۇنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا قومۇز كۈيلىرى بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ. بەلكىم چىڭغىز ئاغا بۇ ماتېرىيالنى شۇنىڭدىن ئالغان بولسا كېرەك. بىز چىڭغىز ئاغىمىزغا تېلېفون قىلىپ

مۇبارەكلىگەچ، يېڭى رومانىنىڭ نامىنى ئىنقىلاپ باقساق قانداق؟ــ دەپ جىددىيلەشتىم. ئىككىمىز بىللە تۇرۇپ تېلېفون قىلدۇق. تېلېفوندا ئابدىلداجان ئاقماتالىيېۋ بۇ روماننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتكەنلىكىنى، دۇنيا ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە قوشۇلغان يەنە بىر كاتتا تۆھپە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇبارەكلىدى. ئاندىن تېلېفوننى ماڭا بېرىپ، قالغان گەپنى ئۆزۈڭ ئېيتقىن دېدى. مەن قىزغىن سالاملىشىشتىن كېيىن بۇ يېڭى روماننى قۇتلۇقلىدىم، ئاندىن:

ــ بۇ رومانىڭىز جۇڭگو قىرغىزلىرىنى ناھايىتى ئىپتىخارلاندۇرىدۇ. چۈنكى «ساردال قىز» بىزنىڭ قىز، بىزنىڭ جۇڭگو قىرغىزلىرىدىن چىققان داستان،ــ دېدىم. ئۇ زات تېلېفوندا خېلىغىچە كۈلۈپ:

ــ بۈگۈن ساردال قىزنى تالاشقىلى كەلمىگەنسەن- ھە؟ جىگىرىڭگە بارىكاللا!ــ دېدى ئۇ چاقچاق ئارىلاش. ئاندىن:

ــ بۆيرىسا ئوقۇيسىلەر. بۇ روماندا «جۇڭگو قىرغىزلىرىدىمۇ ھېلىغىچە ساردال قىزنى ساقلاۋاتقانلار بار» دېگەن جۈملىلەر بار. ئاقماتالىيېۋ ئىككىڭلارنىڭ دوستلۇقۇڭلار داۋام ئەتسۇن. خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان ياخشى دوست بولۇپ ئۆتۈۋاتىسىلەر، بۈگۈنمۇ ئىككىڭلار بىللە تۇرۇپ مېنى قۇتلۇقلىغىنىڭلارغا رەھمەت!ــ دېدى. تېلېفوندىكى بۇ پىكىرلىشىش ماڭا خۇددى يۈزمۇ يۈز كۆرۈشكەندەك تۇيغۇ بەردى. چىڭغىز ئايتماتوۋ ئاقماتالىيېۋ ئىككىمىزنىڭ خېلى ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دوستلۇقىمىزنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئىككىمىزنىڭ بىللە ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ، دوستلۇقىمىزنى ئالاھىدە تىلغا ئالغىنىغا ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇق.

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا «ساردال قىز» رومانى نەشردىن چىقتى، دەپ قىرغىزىستان مەتبۇئاتلىرىدا خەۋەر قىلىندى. بىر قىسىم مۇخبىر «ساردال قىز» دېگەن سۆزنىڭ تۈپكى مەنىسىنى مەندىن سوراشتى. مەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاپ يۈرگەن ۋاقتىمدا بىلگەنىدىم. شۇڭا بۇنىڭ مەنىسى «قىزلارنىڭ سەردارى، سەرخىلى» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى، «سارى دالى، قارا دالى» (سېرىق دۈمبە ۋە قارا دۈمبە بولغان قىز) دېگەن سۆزلەر بىلەن ئالاقىسى يوق ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىدىم. جۇڭگوغا قايتىپ كېلىشىم بىلەن تەڭلا «قىزىلسۇ گېزىتى»نىڭ 2006-يىل 1-ئاپرېل سانىغا «چىڭغىز ئايتماتوۋ ‹ساردال قىز›نى ئالدى» سەرلەۋھىلىك ماقالە يازدىم. كېيىن بۇ روماننىڭ قىرغىزىستاندا چىققان قىرغىزچە نەشرى «تاغلار گۈمۈرۈلگەندە» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپتۇ. سەۋەبىنى ئۇقۇشسام، ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىنىڭ نامى تۈرلۈك سەۋەب بىلەن تولا ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. «ئەگەر سىلەر (جۇڭگو قىرغىزلىرى) بۇ روماننى نەشردىن چىقىرىپ قالساڭلار، ‹ساردال قىز› («سەردار قىز») دەپ ئاتىساڭلار بولۇۋېرىدۇ» دېگەن جاۋابقا ئېرىشتىم (بوپتۇ، بىزدە چىقىپ قالسا بىر گەپ بولار). شۇنداق قىلىپ، چىڭغىز ئايتماتوۋنى ئالتىنچى قېتىم تېلېفوندا زىيارەت قىلىش نېسىپ بولدى.

## يەتتىنچى، تۈنجى قېتىملىق دۇنيا ئېپوسچىلىق مۇھاكىمە يىغىنىدا

2006- يىل 5- سېنتەبىر، دۇنيا بويىچە ئېپوسچىلىقنىڭ تۈنجى قېتىملىق يىغىنى قىرغىزىستاندا ئۆتكۈزۈلدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىن ئالىم- مۇتەخەسسىسلەر بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشتى. بۇ يىغىنغا چىڭغىز ئايتماتوۋ قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى سالاھىيىتى بىلەن رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ يىغىننىڭ ئىناۋىتىمۇ ئايتماتوۋ ئارقىلىق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ناھايىتى ئەركىن ھەم ۋەزىنلىك قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگودىن ئۈچىمىز ــ مەن، ئادىل جۇمەتۇردى، توختاخان ئىسمائىل قاتارلىقلار قاتناشتۇق. ئايتماتوۋ رىياسەتچىلىك قىلغان مۇنداق كاتتا يىغىنغا قاتنىشىش كىشىگە پەخىرلىنىش ھەم ئىلمنىڭ خاسىيىتىنى ئۇلۇغلاش تۇيغۇسىنى بېرىدىكەن. ئايتماتوۋنىڭ قۇلاققا يېقىملىق ئاۋازى، ئادىمزاتنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل خاراكتېرى ئادەمنى ھەر ۋاقىت قايىل قىلىدۇ. ماڭىمۇ بەش مىنۇتلۇق سۆز نۆۋىتى تەگدى. مەن: يۈسۈپ ماماي ئېيتقان «ماناس» ئېپوسىدىكى باش قەھرىمان ماناسنىڭ باتۇرلىقىدىنمۇ ئۇنىڭ دانالىقى ئۆزگىچە ئورۇندا تۇرىدۇ، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم. بۇ يىغىندا مېنى ھەممىدىن بەكرەك ھودۇقتۇرۇۋەتكەن ئادەم يەنىلا ئايتماتوۋ بولدى. چۈنكى، بۇرۇنقى پىكىرلىشىشلەر داستىخان ئۈستىدە ياكى ئىشخانىدا بولغان بولسا، بۇ قېتىمقىسى خەلقئارالىق ئىلىم سورۇنىدا بولۇۋاتاتتى ...

ئايتماتوۋ بىلەن خەلقئارا ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىدا بىر قاتاردا تۇرۇپ، ماناس توغرۇلۇق پىكىر قاتناشتۇرۇپ قالغانلىقىمغا بەزىدە ئۆزۈممۇ ئىشىنەلمەي قالىمەن.

ئەتىسى ــ 6- سېنتەبىردە يىغىن زالىغا كىرسەم، ئايتماتوۋ ناھايىتى ئالدىراش ئىكەن. كۆڭلۈمدە، يۈسۈپ

www.uyghurkitap.com

ماماي ۋارىيانتىنىڭ قىرغىزىستان يېزىقىدىكى نۇسخىسى توغرۇلۇق ئۇ زات بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش پىلانىم بار ئىدى، ئەپسۇس، پۇرسەت بولماي قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئايتماتوۋغا قىلغان يەتتىنچى زىيارىتىم ئاشۇ ئۆلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىدا بولدى.

## سەككىزىنچى، «تارغاق سۇندۇرغان چاچ»

مەن بۇرۇن چىڭغىز ئايتماتوۋ بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقىتلىرىمدا، ئۇنىڭ خاتىرە بۇيۇملار جازىسىدا سوۋغا قىلىنغان نۇرغۇن ئەستىلىكنىڭ تىزىقلىق تۇرغىنىنى كۆرەتتىم. ئۇنىڭ بەزىلىرىگە ئايتماتوۋنىڭ سۈرىتى، بەزىلىرىگە سۆزى چۈشۈرۈلگەنىدى. مەنمۇ مۇشۇ بۇيۇملارنىڭ قاتارىدا، جۇڭگو قىرغىزلىرى تەرىپىدىن سوۋغا قىلىنغان بىر خاتىرە بۇيۇمنىڭ تىزىلىپ تۇرۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. شۇڭا ئۇرۇمچىدىن ئىزدەشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئەينەك ئىچىگە سۈرەت ۋە خەت چۈشۈرۈپ لايىھىلەيدىغان يەرنى تاپتىم ـ دە، ئۇنىڭغا چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ 45 ياشلاردا چۈشكەن بىر سۈرىتىنى تاللىدىم. خاتىرە سۆزىگە: «ھۆرمەتلىك چىڭغىز ئايتماتوۋ ئاغا، جۇڭگولۇق قىرغىزلار سىزنى مەڭگۈ قەدىرلەيدۇ» دېگەن سۆزنى يازدۇردۇم. بۇ قېلىن ئەينەك ئىچىگە لايىھىلىنىپ ياسالغان خاتىرە بۇيۇم پۈتكەندە قارىسام، ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئۇلۇغ زاتقا سوۋغات قىلىشقا يارىغۇدەك بوپتۇ. 2006 ـ يىلى 25 ـ ئاۋغۇست چىڭغىز ئاغا بىلەن ئالاقىلىشىپ، بۇ سوۋغىتىمنى ھېلىقى «قىرغىز كىنوسى» ئىدارىسى دېگەن يەردىكى ئىشخانىسىغا ئاپىرىپ تاپشۇردۇم. ئۆزىنىڭ قېلىن ئەينەككە چۈشۈرۈلگەن سۈرىتىنى كۆرگەن چىڭغىز ئاغا:

ــ ۋاھ، ھوميىپ تۇرغان ۋاقىتلىرىم ئىكەن! ئۇ چاغدا چېچىم ناھايىتى قويۇق ئىدى. تارىسام تارغاق توشماي سۇنۇپ تۇرار ئىدى. بۇ سۈرەتنى نەدىن تېپىۋالدىڭ؟ ــ دەپ ئەينى ۋاقىتتىكى قىرانلىق دەۋرانلىرىنى كۆز ئالدىدىن بىر قۇر ئۆتكەزگەندەك بولۇپ، بۇ ئەينەك ئەستىلىكنى خېلىغىچە تۇتۇپ تۇردى. ئاندىن سۈرەتچىسىنى چاقىرتىپ، بۇ خاتىرە بۇيۇمنى تاپشۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈشنى سۈرەتكە تارتتۇرۇۋالدى. ھەقىقەتەنمۇ بۇ سۈرەتتىكى ئايتماتوۋ چاچلىرى قويۇق، قاپقى تۈرۈلگەن، چىرايىدىن كۈچلۈك تەپەككۇر بىلەن غەيرەت ـ شىجائەت ئىپادىلىنىپ تۇرغان ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ سوۋغىتىمغا تولىمۇ رازى بولغانلىقىدىنلا، بۇ خاتىرە بۇيۇمنىڭ ھېلىقى نۇرغۇنلىغان ئەستىلىك بۇيۇم قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىغا ئىشىنىپ، خۇرسەن بولدۇم.

چىڭغىز ئاغا بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتىمۇ بىز تەرەپتىكى قىرغىزلار توغرۇلۇق كۆپ سورىدى. ئۆزىنىڭ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا بىر بېرىپ كېلىشىنى ھەمىشە ئويلايدىغانلىقىنى، ئەمما ۋاقتىنى زادىلا توغرىلا كەلتۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مەن بىزدە چىقىدىغان قىرغىزچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ، يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى بۇ ژۇرنالدا قىرغىز تىل ـ يېزىقىنى تەتقىق قىلغان ماقالىلەرنىڭ ئېلان قىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، «ماناس» تىلىنى تەتقىق قىلىشتىن باشلاپ، ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ تىل توغرىسىدىكى پوزىتسىيىلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ ژۇرنالدا ئۇ زاتنىڭ (ئايتماتوۋنىڭ) تىل ھەققىدىكى سۆزلىرى ۋە ماقالىلىرىنىڭمۇ ئېلان قىلىنغانلىقىنى بىرمۇ بىر دەپ بەردىم ھەم ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا ئىمزاسىنى قويدۇرۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈردۈم. چىڭغىز ئاغا «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ زىممىسىدىكى يۈكنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بۇنى قوللاپ، داۋاملىق چىقىرىپ كېلىۋاتقان جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە رازىمەنلىكىنى بىلدۈردى.

## توققۇزىنچى، ئەسەرلىرىگە ئىجازەت سورىغاندا

مەن چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ جۇڭگودا چىققان ئەسەرلىرىنى ۋە ئۇ توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىلارنى يىغىپ ـ توپلاپ كېلىۋاتقىنىمغا خېلى ئۇزۇن بولدى. بۇ توغرىسىدا قايسى مەتبۇئاتتا قانداق ئەسىرى ئېلان قىلىندى؟ دېگەنگە ھەمىشە دىققەت قىلىپ يۈرىمەن. يىغقانلىرىمنى بىر نەچچە قېتىم ئۆزىنىڭ قولىغىمۇ تاپشۇردۇم. يەنە ئاشۇنداق دىققەت قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، قازاق خەلقىدىن چىققان داڭلىق ئەدىب قاۋسىلقان قامجان ئاغا مېنى ئىزدەپ كېپقالدى. ئۇ:

ــ چىڭغىز ئايتماتوۋ تەۋەللۇتىنىڭ 80 يىللىقىغا نىشانلاپ «قىيامەت» ۋە «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ھەم قازاقچە نۇسخىلىرىنى نەشرگە تەييارلاۋاتقانىدىم. ئۇنى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى چىقىرىدىغان بولدى. ئەمما ئاپتورنىڭ ئىجازەتنامىسى لازىم بولۇۋاتىدۇ. سىنىڭ ئۇ زات بىلەن مۇناسىۋىتىڭ قويۇق ئەمەسمۇ، ئامال قىلىپ باقساق، ــ دېدى. مەن دەرھاللا:

ــ نەشرىياتنىڭ ئىلتىماسىنى ئەكېلىپ بېرىڭ، يېقىندا قىرغىزىستانغا بارماقچى ئىدىم، شۇ ۋاقىتتا ئىش ئوڭدىن كېلىپ، چىڭغىز ئاغا بىشكەكتە بوپقالسا ئۇرۇنۇپ باقاي، ــ دېدىم. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا قاۋسىلقان ئاغا نەشرىياتنىڭ خەنزۇچە يېزىلغان ئىلتىماسىنى ماڭا يەتكۈزۈپ بەردى. دېيىشكەن ۋەدە بويىچە قىرغىزىستانغا بېرىپلا

چىڭغىز ئاغىنىڭ ئىز- دېرىكىنى قىلدىم. بۇرۇن ماڭا بەرگەن نومۇرغا تېلېفون قىلسام، بۇ نومۇر ئاللىقاچان ئۆچۈرۈلگەنىكەن. ئون نەچچە كۈندەك تېلېفون ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىرى تاپتىم. 2007- يىل 13- دېكابىر قىرغىزىستاننىڭ «قىرغىز- تۈرك- ماناس ئۇنىۋېرسىتېتى»دا چىڭغىز ئاغا ستۇدېنت ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشىدىكەن، شۇ چاغدا كۆرۈشۈشكە پۈتۈشتۇق. ئابدىلداجان ئاقماتالىيېفنىڭ باشلاپ بېرىشى بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپ، ئويلىمىغان يەردىن ئاشۇ قېتىمقى مەرىكىنىڭمۇ مېھمىنى بوپقالدىم. زالغا كىشىلەر لىقمۇ لىق تولغانىدى. بۇ «قوبۇل قىلىش» يىغىنى تۈگىگەندىن كېيىن، مەنمۇ ئەزىز مېھمانلار قاتارىدا چايغا چاقىرىلدىم. غىزالانغاندىن كېيىن، مەن چىڭغىز ئاغىنىڭ يېنىغا بېرىپ ھېلىقى خەنزۇچە يېزىلغان ئىلتىماسنى كۆرسەتتىم.

— ئوھھوي! بۇ نېمەڭ؟ قايسى تەرەپتىن باشلاپ ئوقۇلىدۇ؟— دەپ چاقچاق ئارىلاش كۈلدى. مەن مەزمۇننى قىسقىچە قىلىپ چۈشەندۈردۈم.

— ئۇنداقتا مەن نېمە قىلىپ بېرىمەن؟— دېدى چىڭغىز ئاغا.

— قوشۇلىمەن دەپ يېزىپ، ئىمزايىڭىزنى قويسىڭىزلا بولىدۇ،— دېدىم مەن.

ئۇ باشقا گەپ قىلماستىن، شۇ خەنزۇچە خەت يېزىلغان قەغەزنىڭ بىر بۇرجىكىگە قوشۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەتلەرنى يېزىپ، ئىمزاسىنى قويۇپ ماڭا تۇتقۇزدى. ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ كۆڭۈل- كۆكسىنىڭ ئالەمچە كەڭلىكىگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولدۇم. ئۆزى چۈشەنمىگەن يېزىق، ئەسەرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى توغرىسىدا ھېچقانداق ئېغىز ئاچماي، ئادەمگە شۇنچىلىك ئىشەنچ باغلاپ تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئادىمىلىك ساپاسىنىڭ تولىمۇ ئېسىللىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

مەن بۇ ئىجازەتنامىنىمۇ ئەكېلىپ شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىغا تاپشۇرۇپ بەردىم. نەشرىياتمۇ چىڭغىز ئايتماتوۋ ئىمزا قويغان بۇ خەتنى تەۋەررۇك قىلىپ ساقلاپ كەلمەكتە.

چىڭغىز ئايتماتوۋنى توققۇزىنچى قېتىم زىيارەت قىلىشىم ئەسەرلىرىگە مانا مۇشۇنداق ئىجازەتنامە ئېلىش ۋەجىدىن بولدى. ھەم ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسى بوپقالدى! شۇندىن ئالتە ئاي ئۆتمەي، ئۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ كېسىلنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئالەمدىن ئۆتكەنلىك توغرىسىدىكى مۇسىبەت خەۋىرىنى ئىنتايىن ئازاب ئىچىدە ئاڭلىدىم! كېيىن بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ئۆزى نام بەرگەن «ئاتا بەيت»(«ئاتىلار قەبرىستانلىقى»)غا دەپنە قىلىنغانلىقىنى ئۇقتۇم. كېيىنكى قېتىم بارغاندا، تۇپراق بېشىغا بېرىپ خەتمە قۇرئان قىلىپ قايتتىم. قەبرىستانلىققا بارغان ۋاقتىمدا، بىر توپ رۇس كىشىسىنىڭمۇ ئايتماتوۋ قەبرىسىگە گۈل قويۇپ، ئۆز ئىخلاسىنى بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال بۇقۇلداپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇ ئايال مەن خەتمە قۇرئان قىلىپ بولغاندىن كېيىن يېنىمغا كېلىپ جىق گەپنى دەپ، يىغلاپ تۇردى. مەن رۇسچە بىلمىگەچكە، ئىلاجسىز بېشىمنى لىڭشىتىپ قويۇپ تۇرۇۋەردىم. شۇچاغدا مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن دوستۇم يېنىمغا كېلىپ، بۇ رۇس ئايالنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى: «ئايتماتوۋنى ھايات ۋاقتىدا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئوقۇغانمەن. ‹ئەلۋىدا، گۈلسارە›، ‹يەر- ئانا›، ‹قىيامەت›... دېگەن ئەسەرلەر نېمدېگەن ئېسىل! بۈگۈن ئائىلىمىز بويىچە بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ ئۇلۇغ يازغۇچىنىڭ قەبرىسىگە گۈل قويۇۋاتىمىز، ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي!» دەپ ئېيتقانىكەن ھېلىقى رۇس ئايال. دوستۇم ئىككىمىز بىر- بىرىمىزگە قاراپ ئۈنسىز تۇرۇپ قالدۇق. ئايتماتوۋنىڭ قەبرىسى بىشكەك شەھىرىدىن ئون كىلومېتىردىن ئارتۇق يىراقلىقتا بولسىمۇ، ئەمما ھېلىقى رۇس ئوقۇرمەنلىرى ئاتايىتەن ئىخلاس قىلىپ گۈل قويغىلى كەلگەنىكەن.

چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ قىسقا ئۆمرى ئاخىرلاشقىنى بىلەن، ئۇزۇن ئۆمرىنىڭ ئەمدى رەسمىي باشلىنىدىغانلىقىغا ھېلىقى رۇس ئايالنىڭ ئىخلاسى بىلەن كۆز يېشى گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپتۇ... ئۇنىڭ جىسمى تىرىكلەر ئارىسىدا كۆرۈنمىگىنى بىلەن، روھى مەڭگۈ كىشىلەر بىلەن بىللە! ئايتماتوۋ تەتقىقاتى ئەمدى باشلانغۇسى. ئەينى ۋاقىتتا ئاڭقىرالماي، چۈشىنەلمەي كېچىكىپ قالغانلار بۇندىن كېيىنكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. مېنىڭ بۇ ئەسلىمىلىرىم پەقەت كۆرۈشكەن ۋاقىتلاردىكى يۈزەكىلا خاتىرىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرىم بۇندىن كېيىن داۋاملاشقۇسى.

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدا فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە دوكتور، پروفېسسور

قىرغىزچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2009- يىل 1- سانىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: سايىپەك ئالى.تىلماچ: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىدا لېكتور

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## «ئەگرىنىڭ گۈلكىسى»دىن ھېكايەتلەر

### «بالا رەئىس جۇمھۇر»

1983- يىلى 3- نويابىردا ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى رونالد ۋىلسون رېگاننىڭ ئىشخانىسىغا بىر بالا مېھمان تەكلىپ قىلىنىپتۇ. بۇ مېھماننىڭ ئىسمى بېل بولۇپ، يەتتە ياشتا ئىكەن. بېل ئەسلىدە بىر خىل ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بوپقالغاچقا، دوختۇر ئۇنىڭ ئون ياشقا كىرە- كىرمەي ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئەمما بېل ئامېرىكىغا رەئىس جۇمھۇر بولۇشنى قەلبىگە پۈككەن ئىستەكلىك بالىلاردىن ئىكەندۇق.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان رېگان بېلنى ئامېرىكىغا بىر كۈن رەئىس جۇمھۇر قىلىپ، ئۆزى ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇشنى قارار قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن رېگان بۇ يېڭى «رەئىس جۇمھۇر»غا كۆندىلىك خىزمەت ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىپتۇ. بۇ «بالا رەئىس جۇمھۇر» ئالدىغا كەلگەن ھۆججەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن رېگاننىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ۋەكالەتەن ئىمزا قويۇپ تەستىقلايدىكەن. «بالا رەئىس جۇمھۇر»«خىزمەت»تىن قولى بوشىغاندا رېگان ئۇنىڭ بىلەن گۈڭگۈر- مۇڭگۈر سىردىشىدىكەن. رېگان گەپ ئارىلىقىدا بېلغا شۇنداق دەپتۇ:

— دەل يەتتە ياشقا كىرگەن چاغلىرىم بولسا كېرەك، ئۇ چاغدا مەن چوڭ بولسام ئوت ئۆچۈرگۈچى بولىمەن، دېگەن ئارزۇدىلا ئىدىم، ھازىرقىدەك رەئىس جۇمھۇر بوپقالىدىغانلىقىم ئۇخلىسام چۈشۈمگىمۇ كىرمەپتىكەن.

بېل رېگاننىڭ بۇ گېپىدىن، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ «رەئىس جۇمھۇر» بولۇش ئارزۇسىغا يېتەلىگەنلىكىدىن بەكمۇ خۇش بوپكېتىپتۇ.

شەرھىي كالام: ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى دۇنيادىكى ئىمتىياز ۋە كۈچ- قۇدرىتى ئەڭ زور، ئەڭ ئالدىراش ئادەملەرنىڭ بىرى. بىراق رېگان بىر كۈنلۈك ۋاقتىنى ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن بالا يۇقراسىنىڭ ئارزۇ- ئىستىكىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ياردەم بېرىشكە ئاجرىتالىدى. ئۆزىنى «خەلقنىڭ چاكىرى» ئاتايدىغان بەزى مەنسەپدارلار رېگاننىڭ بۇ ئىشىدىن خىجىل بولغانمىدۇ؟

### «بۇرۇتلۇق ئەبلەخ»

ستالىن دېسە مۇشتەك چىشلەپ تۇرغان،شاپ بۇرۇتلۇق ئادەم كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. بىر قېتىم قىزىل ئارمىيە گېنېرالى ژۇكوف ستالىن بىلەن يەنە زاكونلىشىپ قاپتۇ. ئۇ، ستالىننىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىۋېتىپ ئاچچىقىدا «ھۇ، بۇرۇتلۇق ئەبلەخ!» دەپ ساپتۇ.

## دانالاردىن ئۆرنەك

بۇ چاغدا قوبۇلخانىدا تۇرغان «ك گ ب»نىڭ كاتىپى بېرىيە ژۇكوفنىڭ بايىقى گېپىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە، دەرھال كىرىپ ستالىنغا چېقىپ قويۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ستالىن ژۇكوفنى چاقىرتىپتۇ:

ــ يولداش ژۇكوف، بايا ئىشخانامدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ «ھۇ، بۇرۇتلۇق ئەبلەخ!»دەپسىز. سىز زادى كىمنى دېمەكچى؟

ــ كىمنى بولاتتى يولداش ستالىن، ئەلۋەتتە ھىتلېرنى دە!

ــ خوش، يولداش بېرىيە، ئۇنداقتا سىزچۇ؟ كىمنى «بۇرۇتلۇق ئەبلەخ!»دېمەكچى ئىدىڭىز؟

ــ ...

شەرھىي كالام: چېقىمچىلار چاكىنا ـ يەسكى ئادەملەردۇر؛ يەنە كېلىپ ئاشۇنداق چاكىنا رەھبەرلەرلا چېقىمچىلارنى ياقتۇرىدۇ.

## بىر جۈپ ئاياغ

پويىز قوزغىلاي دەپ تۇرۇشىغا بىر ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئىشىككە ئېسىلىپ يۈرۈپ دېگۈدەك پويىزغا چىقىۋاپتۇ. بىراق ئۇنىڭ بىر پۇتىنى ئىشىك قىسىۋالغاچقا بىر پاي ئايىغى چۈشۈپ قاپتۇ. پويىز قوزغىلىپتۇ، ھېلىقى ئادەم ئىككىلەنمەستىنلا يەنە بىر پاي ئايىغىنىمۇ سېلىپ، بايا ئايىغى چۈشۈپ قالغان تەرەپكە قارىتىپ ئېتىپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان بىرەيلەن ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، ئۇ ئادەم شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ: ناۋادا بىرەر يوقسۇل تۆمۈر يول بويىدىن ئۆتۈپ قالسا ئاشۇ بىر جۈپ ئاياغنى تېپىۋالىدۇ. ئۇ بىر جۈپ ئاياغ ئۇنىڭغا ئەسقېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

ئۇ كىشى دەل ھىندىلار «ماھاتما» (بۇددا دىنىدىكى دانىشمەن)دەپ تەرىپلەيدىغان مۇھانداس كارامچاند گەندى (ھىندىستاننىڭ دۆلەت ئاتىسى. ــ مۇھەررىردىن)ئىكەن.

شەرھىي كالام: بىر ئادەمنىڭ بۈيۈكلۈكى ئالدى بىلەن روھىيىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدا، ئاندىن ئۇنىڭ سەمىمىيلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىدە جۇلالىنىدۇ.

## دوست ۋە دۈشمەن

ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى ئابراھام لىنكولننىڭ قول ئاستىدىكى بىرەيلەن ئۇنىڭ رەقىبلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن نارازى ئىكەن. شۇڭا ئۇ لىنكولنغا:

ــ رەقىبلەر بىلەن دوستانە ئۆتۈشكىلا ئىنتىلىۋالماي، ئۇلارنى يوقىتىشنىڭ يولىنى تۇتساق بولاتتى! ــ دەپتۇ.

ئەمما لىنكولن ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

ــ رەقىبلەر بىلەن دوستانە ئۆتەلىگەنلىكىم، دۈشمەنلىرىمنى يوقىتالىغانلىقىم ئەمەسمۇ!

شەرھىي كالام: شۇ نۇقتا مەلۇمكى، جاھاندىكى تالاي كىشىنىڭ رەقىبلىرىنىڭ جىمىنلا يوقىتىشقا بېرىلىپ كېتىۋاتقانلىقى ئادەمنى ئېچىندۇرىدۇ.

## كونا پەلتو

ئېينشتېين نيۇ ـ يوركتىكى بىر رەستىدە بىر دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

ــ ئېينشتېين ئەپەندىم، ــ دەپ گەپ باشلاپتۇ ھېلىقى كىشى،ــ يېڭى پەلتۇدىن بىرنى ئالسىڭىز بولغۇدەك؛ قارىڭا، پەلتۇيىڭىزنىڭ كونىراپ كەتكىنىگە!

ــ كونىرىسا نېمە بوپتۇ؟ــ دەپتۇ ئېينشتېين پەرۋاسىز، ــ بۇ يەردە ھېچكىم مېنى تونۇمايدىغان تۇرسا!

نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇلار يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بۇ دەل ئېينشتېين ئالىقاچان دۇنياغا تونۇلۇپ بولغان چاغلار ئىكەن. ئېينشتېيننىڭ دوستى ئۇنىڭ تېخىچە ھېلىقى كونا پەلتۇنى كىيىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئەمدى پەلتۇسىنى يېڭىلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى تاپىلاپتۇ.

ــ نەھاجەت،ــ دەپتۇ ئېينشتېين يەنە بۇرۇنقىدەكلا،ــ بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى تونۇيدىغان تۇرسا!

شەرھىي كالام: ناۋادا ئېينشتېين كاللىنى پەلتۇنى قانداق كىيىش، باشقىلارغا قانداق تەسىرات قالدۇرۇش دېگەندەك چوڭلىغا چىقمايدىغان ئىشلارغا ئۇيېرىتىپ يۈرگەن بولسا، ئېھتىمال «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» دۇنياغا كەلمەس بولغىيدى.

## «كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ» بولۇۋېرەمدۇ؟

ئېينشتېين «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» نى ياراتقاندىن كېيىن ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە خىلمۇ خىل پىكىر چىققىلى تۇرۇپتۇ. 1930 ـ يىلى گېرمانىيىدە «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» تەنقىدلەنگەن «يۈز پروفېسسور ئېينشتېيننىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى» ناملىق كىتاب نەشر قىلىنىپتۇ.

بۇنى ئۇققان ئېينشتېين ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاھ ـ قاھلاپ كۈلۈپ:

ــ مۇنچىۋالا نۇرغۇن ئادەمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنىڭ نېمە ھاجىتى!؟ راستىنلا خاتالاشقانلىقىمنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان ئىش بولسا، بىر ئادەممۇ يېتەرلىك ئىدىغۇ!ــ دەپتۇ.

شەرھىي كالام: ھەقىقەت ئادەملەرنىڭ سانىغا قارىمايدۇ، پەقەت پاكىت ۋە ئىلمىي پەكۈنلا تونۇيدۇ. دۇرۇس، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە «ئاممىۋى كۈچ»كە تايىنىمىز. ئەمما ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىدا «ئادەم دېڭىزى» تاكتىكىسى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

## ئۆلۈم جازاسى

يۇنان ھۆكۈمرانلىرى پەيلاسوپ سوقراتنى «غەيرىي تەلىمات تارقىتىپ يوسۇننى بۇزۇش، دېموكراتىيىنى يەكلەش» جىنايىتى بىلەن قەتل قىلماقچى بوپتۇ. ئەمما ئۇلار سوقراتنى دارغىمۇ ئاسماي، قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈزمەي، پەقەت زەھەر ئىچىپلا پانىي دۇنيادىن ئىززەت-ئابرۇيى بىلەن كېتىۋېلىشقا بۇيرۇپتۇ.

جازا ئىجرا قىلىنىش ئالدىدا، بىر ئايال تۇيۇقسىز سوقراتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ-دە، يىغلاپ كېتىپتۇ:

— ھەسسىنەي! يۈرىكىم قان بوپكېتىۋاتىدۇ. سىزدە قىلچە گۇناھ بولمىسا، يەنە نېمىشكە ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىغاندۇ؟

— ھەي نادان مەزلۇمە! — دەپ كۈلۈمسىرەپتۇ سوقرات، — ئەجەبا سىز مېنىڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ «ھەقىقىي جىنايەتچى» نامى بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى خالامتىڭىز؟!

*شەرھى كالام: ئەدىبىي تۈرىدە جازاغا تارتىلىش مۇتەپەككۇرلار ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈنمۇ چىدىغۇسىز ئەلەم. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنداق جازا مۇتەپەككۇرلار ئۈچۈن شەرەپ. چۈنكى ئۇلار ئاشۇنداق ئەدىبىي پىكىرلىرى بىلەن مۇستەبىتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى يەتكۈزگەن بولىدۇ.*

---

جاڭ جيەنفېڭ، خۇزۇچىڭلار تۈزگەن، «بۈگۈنكى دۇنيا» نەشرىياتى نەشر قىلغان «تەگرىنىڭ كۆلكىسى — كىچىك ئىشلاردا بۈيۈك پاراسەت» ناملىق كىتابتىن يۇسۇپجان داۋۇد شاھىدى تەرجىمىسى. ئىلماچ: كۇچا ناھىيە ئۇچتۇستەڭ يېزا مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ خادىمى، ھازىر شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 8-دىۋىزىيە 141-پولكتا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشتا

## دوست ھەققىدە

▲ ھەممە نەرسە يېڭى چېغىدا ياخشى، بىراق دوستلۇق كونىرىغاندا.

— «ئىنجىل» دىن

▲ دوست تاپقىنىڭ — ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ سوۋغا بەرگىنىڭ.

— روبېرت لۇئىس ستۇنسون

▲ يېڭى دوست تۇت، كونىسىنى ئۇنتۇما؛ يېڭىسى كۈمۈش، كونىسى ئالتۇن.

— جوسف فاررىي

▲ دادا-قېرىنداش، قېرىنداش-تەسەللى، دوست ھەر ئىككىلىسى.

— H. E فوسدىن

▲ قۇرۇق ئوتۇن قالاشقا ياخشى، كونا ھاراق ئىچىشكە، كونا دوست ئىشىنىشكە، قەدىمكى ئەسەر ئوقۇشقا.

▲ يېڭى دوستقا ئېرىشىش — يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەنلىك.

— فرانس باكون

---

ئىنگلىزچىدىن ئابدۇلكېرىم تەرجىمىسى. ئىلماچ: قاراقاش ناھىيە كاۋاڭ يېزا نەزەر باغ كەنتىدە دېھقان

## ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئائىلە» ناملىق كىتابىدىن ھېكمەتلەر

▲ ئوقۇتقۇچى بىلەن ئانا، مەكتەپ بىلەن ئائىلە! مانا بۇ مىللەت ساپاسىنىڭ ھەقىقىي قىلىپى.

▲ قىزىقارلىق ھادىسە: ئىنسانىيەت ھەمىشە ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئوقى ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارسۇن، بىراق ئائىلە تەتقىقاتىنى ئەڭ ئاجىز ھالقا قىلىپ قويسۇن؟

▲ بىلىش لازىمكى، ئائىلە مىللەتنىڭ مۇقەددەس قورغىنى. ئۇ، مىللەتنىڭ ياتلىشىپ كېتىشىنى، تىل-يېزىقىنى ئۇنتۇشىنى، ئادەت ۋە ئەنئەنىنى تاشلىۋېتىشىنى، تەلىم ۋە مەدەنىيەتتە تۇتۇرۇقسىز بوپقېلىشىنى توسىدىغان ئۇلۇغ مۇرەببىسى.

▲ قەبىلە-مىللەت ئائىلىدە ئاپىرىدە بولغاندى، ئۇنىڭ گۈللىنىشى ياكى ھالاكىتىمۇ ئائىلىگە باغلانغاندۇر.

---

تەۋسىيە قىلغۇچى: قورغاس ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 5-(قوش تىللىق) تەجرىبە سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئىلشاد رەخىم

## سۆيگۈ ھەققىدە تەلقىنلەر

▲ تەبىئەت ئايالغا شۇنداق دەيدۇ: ھۆددىسىدىن چىقساڭ گۈزەل بول، خالىساڭ ئەقىللىق بول، ئەمما ئىدراكلىق بولمىقىڭ شەرت.

— پ. بامارشېي

▲ ئەرلەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن كۆرە، ئاياللارنىڭ گۇمانى توغرا چىقىدۇ.

— ر. كىپلىڭ

▲ مەدەنىيەتنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى ئايالغا بولغان مۇناسىۋەت بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

— م. گوركىي

▲ چىن سۆيگۈ — ھەر قانداق ئادەمنى پاكلاپ، ئاندىن قايتا تۇغۇلغاندەك كۆككە كۆتىرىدۇ.

— چېرنىشۇسكىي

▲ مۇھەببەت شۇ قەدەر قۇدرەتلىككى، ئۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنىمۇ قايتىدىن يارىتىدۇ.

ــ ف.م.دوستويېۋسكي

▲ سۆيۈش ــ ئۆز سۆيگىنىنىڭ ھاياتى بىلەن ياشاش دېمەكتۇر.

ــ ل.ن.تولستوي

▲ پەقەت چىن دوست دوستىنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىگە بەرداشلىق بېرىدۇ.

ــ ۋ.شېكسپىر

▲ دائىم بىرگە ياشايدىغان ئادەمنىڭ بىلەن ئىجىل ئۆتۈشنى ئىستىسەڭ، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ بىلەن ئەتەي ئۇچ ئايدا بىر قېتىم كۆرۈشۈۋاتقاندەك تۇت.

ــ ژ.رېنار

---

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: گۇما ناھىيە يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن مۇھەممەت كامال خۇشخۇي

## 100يىلدىن كېيىنمۇ كارغا كېلىدىغان ئادەم

يېقىندا ئەنگلىيىدىكى بىر ئاخبارات ئورگىنى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تارقىتىلغان «خىزمەتچى قوبۇللاش ئېلانى»نى ئاشكارىلىۋىدى، ئۇ ناھايىتى تېزلا چوڭ شىركەتلەرنىڭ «تۇتىيا»سىغا ئايلاندى. جۈملىدىن ئۇ شىركەتلەر خادىم قوبۇللاشتا ئاشۇ ئېلاندىن پايدىلاندى، ھەتتا ئۇنى ئۆز پېتى ئۆرنەك قىلدى. بۇنىڭدىن 100يىل ئىلگىرىكى بۇ ئېلان مۇنداق يېزىلغان:

شىركىتىمىزگە تۆۋەندىكى شەرتلەرگە چۈشىدىغان ئوغۇل خىزمەتچىدىن بىرنى قوبۇل قىلىمىز:

يۈرۈش - تۇرۇشى راۋۇرۇس، گەپ ئاغزى جايىدا، تىرناق ۋە قۇلاقلىرى پاكىز، كەشى ئوبدان سۈرتۈلگەن، ئۈستىۋېشى رەتلىك، چېچى تارالغان، چىشلىرى ياخشى ئاسرالغان بولسۇن.

سۆھبەتتە باشقىلارنىڭ گېپىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلايدىغان، چۈشەنمىگەن نۇقتىلارنى سوراپ بىلىۋالىدىغان، ئەمما ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى كوچىلاپ يۈرمەيدىغان بولسۇن.

ھەرىكىتى چەبدەس، ئەمما سىلىق بولسۇن.

كوچا ـ كويلاردا ئەركىن ـ ئازادە، ئەمما خەپشۇكلەنگەن سورۇنلاردا تىنچلىق چىقارمايدىغان بولسۇن.

روھلۇق ـ خۇشھال يۈرىدىغان، ئادەملەرگە ئىللىق چىراي بولسۇن.

باشقىلارغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ئايال زاتىنى ھۆرمەتلەيدىغان بولسۇن.

تاماكا چېكىش تۈگۈل ھەتتا خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمايدىغان بولسۇن.

ئەبجەش تىلدا ئەمەس، ساپ ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدىغان بولسۇن.

ياماندىن قورقمايدىغان، ياۋاشنى بوزەك ئەتمەيدىغان بولسۇن.

بىلمىسە «ئۇقمايدىكەنمەن»، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغاندا «كەچۈرۈڭ»دەيدىغان بولسۇن.

بىرەر ئىشنى تاپىلىغاندا «چامىمنىڭ يېتىشىچە تىرىشاي» دەيدىغان بولسۇن.

گەپ قىلغاندا راستچىل ـ سەممىي بولسۇن، يالغانچى بولمىسۇن.

ئېسىل ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولسۇن.

بوش ۋاقىتلىرىنى ئويۇن ـ تاماشا، قىمارخانىلاردا ئەمەس، تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزىدىغان بولسۇن.

ئاتىكاچىلىق قىلىپ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا ئىنتىلمەيدىغان بولسۇن.

مۇبادا خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالغان ياكى مەكتەپتىن ھەيدەلگەن بولسا، يوشۇرمايدىغان بولسۇن.

قىزلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالايدىغان بولسۇن.

ھەددىسىلا ئۆزىنى ئاقلايدىغان، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، ئۆز گېپىنى يورغىلىتىدىغان ئىللەتلەردىن خالىي بولسۇن.

ئانىسى بىلەن سىرداشلايدىغان، ئەڭ يېقىن كىشىم دەپ بىلىدىغان بولسۇن.

كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۆتالايدىغان ۋە كۆتۈرەلەيدىغان بولسۇن.

سەممىي، راستچىل، تەندۇرۇس، خۇشخۇي ۋە سەزگۈر بولسۇن.

ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق ئورۇنغا مانا مۇشۇنداق ئوغۇل بالا لازىم؛ ئائىلىمۇ،مەكتەپمۇ، ئىشخانىمۇ، قىزلارمۇ... ھەممە ئەنە شۇنداق ئادەمگە موھتاج. قىسقىسى، 100يىل بۇرۇنقىلار ئاشۇنداق ئادەمگە ئىنتىلگەنىكەن؛ ھالا 100يىلدىن كېيىنمۇ يەنىلا ئاشۇنداق ئادەمگە تەشنا بولماقتىمىز.

---

چىڭ جەي ئىمزاسىدىكى بۇ يازما «نەزەر»ژۇرنىلىنىڭ 2009ـ يىل 14ـ سانىغا بېسىلغان. ئەلىجان تۇرسۇن تەرجىمىسى. تىلماچ: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

uyghurkitap.com




«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 300 ـ سانغا ئاياق بېسىپتۇ. ھەر بىر مېھنەتنىڭ تالاي دىشۋارلىق قىسمەتكە سىرداش ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا، بۇ 300 سان ژۇرنالنىڭ قانچىلىغان مۇشەققەت، ئىزتىراپ، تەشۋىش داۋنىدىن، قانچىلىغان ئېھتىيات ۋە تەۋەككۇل ھاڭدىن ئۆتۈپ، بۈگۈنگە ئۇلاشقانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. ئوقۇرمەننىڭ كۆزىگە تۇنجى رەت چۈشكەن مۇقاۋا ژۇرنالىست بىلەن سەنئەتكار(لايىھەچى)نىڭ ئىنچىكە باش قاتۇرۇشىنىڭ مەھسۇلى. ئوقۇرمەن ئۆرۈۋاتقان ھەر بىر بەت بىر قىممەتلىك قىين تاللاش بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن مۇنازىرە، چۈشەندۈرۈش، ئۈمىد، ئۈمىدسىزلىك، ئۆرۈنۈش، غەم ئارقا كۆرۈنۈشى بار. مەسئۇلىيەتچان ژۇرنالىست ژۇرنالدىكى ھەر بىر مەزمۇننى گويا تەقدىر ۋە نېسۋىسىنى گۆرۈگە قويۇپ تۇرۇپ تاللايدۇ. ئۇنىڭ بىر سان ژۇرنالنىڭ ئەسەرلىرىنى تاللاپ بېكىتىش جەريانى خۇددى «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان پولات ئارقاندىن ئۆتۈشكە ئوخشاش خەتەر ۋە

**300 سانغا مۇبارەك**

تەۋەككۇلچىلىك بىلەن تولغان بولىدۇ. بۇ جاغدىكى روھىي بەدەلنى پەقەت مۇھەررىرنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ. ياخشى چىققان بىر سان ژۇرنال بەزىدە تىنىك قىيالارغا قوندۇرۇپ قويۇلغان بىر ـ ئىككى تال ياغاچقا ئوخشاپ قالىدۇ. مەنزىل ئىزدەۋاتقان يولۇچى ئاشۇنىڭغا تايىنىپ كىرزىستىن ئۆتۈۋالىدۇ. ياخشى چىققان بىر سان ژۇرنال بەزىدە دەھشەتلىك ئېقىننىڭ توغرىسىغا تارتىلغان ئارغامچا كەبى كىشىلەرنى بىخەتەر ساھىلغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. ھالقىلىق پەيتتە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالىغان كىتاب تۇمانلىق كېچىدە غۇۋا كۆرۈنگەن ماياكقا ئوخشاش كىشىلەرنى بالايىئاپەتكە شېرىك خاتا يۆنىلىشتىن ساقىت قىلىپ قويىدۇ. ئىمام غەززالىي نەقىل كەلتۈرگەن «ئالىملارنىڭ سىياھ قاچىسى(سىياھدان)دىكى سىياھ شېھىتلەرنىڭ قېنىغا ئوخشاش» دېگەن مەنىدىكى ئەرەب ماقالى دەل خەلقنىڭ غېمىنى زىممىسىگە ئالغان جاسارەتلىك ئىلىم ئەھلىنىڭ مېھنىتىگە بىلدۈرگەن ھۆرمەتتۇر. جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئىسسىق قان ئالىمنىڭ تەپەككۇرىنى جانلاندۇرمىغاندا، سىياھ پەقەت سىياھدۇر. سىياھنىڭ ئۇلۇغلۇقى توغرا ئەقىدە ئۈچۈن ئۇرغىغان قاننى شەرت قىلىدۇ.

ئويلاپ باقسام، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلەن

بولغان سىرداشلىقىم ئالىي مەكتەپ يىللىرىمدىن باشلانغانىدەك قىلىدۇ. بەلكىم، 1986-يىلىنىڭ بېشى بولسا كېرەك، «ئەركە» ناملىق ئىككى كۇبلېتلىق شېئىرىم مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغانىدى. شۇ مەزگىللەردە سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىم ئىچىدە شىڭگىل ھېكايە (مىكرو ھېكايە) تازا مودا بولۇۋاتاتتى. ساۋاقداشلىرىمنىڭ بىر قىسمى ھە دېسىلا ياپونىيە يازغۇچىسى شىڭ شىنيىنىڭ شىڭگىل ھېكايىلىرىنىڭ زوقىغا غەرق ئىدى. بەزىلىرىنىڭ قولىدىن جۇڭگو ۋە چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ شىڭگىل ھېكايىلىرىدىن تۈزۈلگەن «ئاجايىپ سەرگۈزەشتە» ناملىق توپلام چۈشمەيتتى. ئەنۋەر توختى دەپ بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى (ئۇنىڭ ئىشلىرى ھەممىشە ئوڭۇشلۇق بولغاي)، بىر مەزگىل شىڭگىل ھېكايىلەرنى مەشىق قىلىپ يۈردى. بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق چىققان ھېكايىسىدىن بىرنى ئاقىقا كۆچۈرۈپ ماڭا كۆرسەتتى، مەن پىكىر بەردىم. تۈزىتىپ بېكىتىلگەن نۇسخىسىنى مەسلىھەتلىشىپ يۈرۈپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىغا يوللىدۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ ھېكايە 100 سۆزدىن ئاشمىسا كېرەك. ھېكايە ژۇرنالنىڭ 1986-يىل 2-سانىدا بېسىلىپ چىقتى. شۇ يىلى ئەتىيازدا بىز پەيزاۋات ناھىيىسىدە ئوقۇتۇش پراكتىكىسى قىلىۋاتقانىدا، ئەنۋەر توختى ئاشۇ شىڭگىل ھېكايىسىنىڭ قەلەم ھەققىنى ئالغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قەلەم ھەققى بولۇپ، ھاياجانلىنىشقا تامامەن ئەرزىيتتى. يەنە بىر ساۋاقدىشىم ئەنۋەر ئەيىنىددىن بىلەن ئىككىمىز ئۇنى مۇبارەكلىدۇق. ئۇ قەلەم ھەققى بىلەن مېھمان قىلماقچى بولدى. شۇ قېتىملىق قەلەم ھەققىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېسىمدە ئېنىق قالماپتۇ (بەلكىم بەش يۈەن ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن). قانداقلا بولمىسۇن، بۇ پۇل ئاتا-ئانىسى ئەۋەتكەن پۇللاردىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادچانلىق غۇرۇرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى بولۇپ، ئۇ ئاشۇ كىچىككىنە تېكىستى ئارقىلىق نۇرغۇن ئوقۇرمەن قېرىنداشى بىلەن غايىبانە سىرداشىپ چىققانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. ئىككى ئەنۋەر (ھەر ئىككىسى توقسۇلۇق) ۋە مەن شۇ قېتىملىق قەلەم ھەققى بىلەن پەيزاۋات ناھىيە بازىرىدىكى بىر ئاشپۇزۇلدا تۇگۈرىدە مېھمان بولدۇق. مانا بۇ مېنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مۇناسىۋەتلىك تۇنجى ئەسلىمەم بولۇپ، ھەش-پەش دېگۈچە 24 يىل بولاي دەپ قاپتۇ. بۇ دەل نەۋقىران بىر يىگىتنىڭ ئۆمرى ئەمەسمۇ. بۇ ئەسلىمە، مېنىڭچە، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلەن ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى سەپەرداش ۋە قۇرداش قىلغان بارلىق ئادەمنىڭ ئاددىي كەچۈرمىشلىرىنىڭ يىغىندىسىغا نىسبەتەن بىر كەسمە يۈز ياكى بىر ئەۋرىشكە بولالىسا كېرەك. بەزىدە بىراۋنىڭ ئەدەبىياتنىڭ يارامىلىقلىرىدىن بوپقېلىشى ئەنە شۇنداق ئاددىي ھېكايە بىلەن باشلىنىدۇ. جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن تۆھپىنىڭ ھەيۋەتلىك چوققىلىرىنى قايرىۋەتكەندە، ئۇنىڭ كىچىك ھادىسىلەر قاتلىمىدىكى ھېكمىتىنىڭ ھەشەمەتتىن خالىي رەۋىشتە تۇرىدىغانلىقىنى بايقايمىز.

شۇنىڭدىن بېرى ئىزچىل تۈردە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ قىزغىن ئوقۇرمىنى بوپكەلدىم. بۇ ژۇرنالنىڭ ئىزچىل ئاپتورىغا ئايلىنىشىم ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاندى دېسەم بولىدۇ. مەن باشقا ژۇرناللار ئارقىلىق مائارىپ ۋە ئەدەبىيات (شېئىرىيەت) ساھەسىدىكى كەسىپداشلىرىمنىڭ سىرداشىغا ئايلانغان بولسام، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئارقىلىق زىيالىيلار تەبىقىسىنىڭ، سودىگەرلەرنىڭ، ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنىڭ، ستۇدېنتلارنىڭ، دېھقانلارنىڭ، باققال ۋە ناۋايلارنىڭ سىرداشىغا ئايلاندىم. مەن بۇ ژۇرنالنى دىيارىمىزدىن ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن چەت ئەللەرگە بارغان ئوقۇغۇچىلار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ قوللىرىدا كۆرگەن. دىيارىمىزدىكى قايسىبىر يۇرتقا بارماي، بەزى ئاددىي ئانا، ئائىلە ئاياللىرىنىڭ مېنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئاتايىتەن كۆرۈشۈپ ماڭا رەھمەت بىلدۈرۈشكە مۇشەررەپ بولىمەن. بەزى پېشقەدەم مائارىپچىلار، مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلەر، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مېنى كۆرگەن ھامان ساھىبخانىلىق بىلدۈرۈشتى. كۆڭۈللىرىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر قىسىم ياشلارمۇ ماڭا خەت يېزىپ، تەشەككۈر ئىزھار قىلىشتى. بەزى كەسىپداشلىرىم مەندىن يىرىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى تەلەپ قىلىشتى. مەن ئۇلارنىڭ بۇنداق قېرىنداشلارچە دالالەتلىرىدىن شۇنچە سۆيۈندۈمكى، ئىچىمدە ئىلىم ۋە بۇرچقا بولغان قەرزدارلىقنىڭ ئاچچىق تۇتەكلىرى ياندى. ئەمما، جەمئىيەتتىكى ئىلىمگە شەيدا، ئۈچۈرغا تەشنا، يېڭىلىققا ئاشىنا ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۈمىد-تىلەكلىرى مېنى ئامىمباب، ھازىر جاۋاب پوبلىستىك ماقالىلەرنى يېزىشقا تەبئىي ھالدا سۆرەپ كىرەتتى. مېنىڭ ئىككى-ئۈچ پارچە كىتاب بولغۇدەك يازمىلىرىم گەز مال دۇكانلىرىدا، سەپەر ئەسنالىرىدا ئوقۇشقا سىزىك بولغان ئاددىي كىشىلەرنى، يېزىدىن ئاتايىتەن شەھەرگە كىرىپ بۇ ژۇرنالنى سېتىۋالىدىغان دېھقان ياشلارنى، ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ، يېنىدىكى ھەمراھى بىلەن ئورتاقلىشىدىغان پېنسىيونېرلارنى، قىرائەتخانىلاردا كۆرۈپ، ياتاقلىرىدا غۇلغۇلا قىلىشىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئويلاپ

يېزىلغانىدى. ھە دېسلا زامانداش ئوقۇرمەنلەرنىڭ رازىمەنلىكلىرىنى ئىزدەپ قەلەم تەۋرىتىش بىر ئاپتورنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولمىسا كېرەك. بىراق، زامانداش ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۈمىدىدىن چىقىش بىر ئاپتورنىڭ ئەقەللىي بۇرچى بولۇشى كېرەك. ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتكە جىددىي قارايدىغان ئاپتورلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

بىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر قاتارلىق ئەل ئىچى زىيالىيلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى. ئۇلار ئۆزلىرى پۈتتۈرگەن مەكتەپلەرنىڭ شاھادەتنامىلىرىغا ئېرىشكەندە بەلگىلىك ئىلمىي سەۋىيىنىڭ ھامىيلىرىغا ئايلانغان بولسا، مەتبۇئات ئۇلارنى بىر خەلقنىڭ قەلبىدىكى قەلەم ئەزىمەتلىرىگە ئايلاندۇردى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ژۇرنال بىر ئۇنىۋېرسىتېتتىن قېلىشمايدۇ. ئۇنىڭ مەرىپەت ۋە پىكىر تارقىتىدىغان قەلەم ساھىبلىرى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە، ھەر خىل قورام كىشىلىرىنىڭ مۇئەللىملىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مۇئەللىملەرنىڭ تەسىر كۈلىمى ئۇنىۋېرسىتېت مۇنبەرلىرى بىلەن چەكلەنگەن پروفېسسورلاردىن كۆپ ئارتۇق.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئىجتىمائىي پىكىر ئويغىنىشىدىكى ئورنىنى مۆلچەرلىگىنىمىزدە، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» دېگەن ساياھەتنامىسىنى ئېسىمىزگە ئالماي ئۆتەلمەيمىز. مېنىڭچە، بۇ ئەسەرنىڭ ئىلمىي لاياقىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ، جەمئىيەتنىڭ ئاددىي قاتلىمىدىكى كىشىلەرنى ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشنىڭ قىزغىن غۇلغۇلىسىغا باشلاپ كىردى. بۇ غۇلغۇلا قانچىلىك ساددا، يۈزەكى ۋە تەرتىپسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاۋام ئۆزىنى بىلىش مۇھاكىمىسىنىڭ تەمىنى تۇنجى قېتىم تېتىدى. سىستېمىلىق، چوڭقۇر يېزىلغان بىر پارچە ئىلمىي ئەسەر گەرچە ئەقىل ـ پاراسىتىمىزنىڭ سۈپەتلىك سەمەرىسى سۈپىتىدە مۇتەخەسسىسلەر ئارىسىدا ئېتىبارغا سازاۋەر بولسىمۇ، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قاتلىمى بولۇپ سانىلىدىغان ئاددىي تەبىقە كىشىلىرىگە ئۇ قەدەر بىۋاسىتە تەسىر بېرەلمەيتتى. ئۇيغۇر مەنىۋىيىتىنىڭ ئويغىنىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا شېئىرىيەتنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولسا، 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە تەپەككۇر ئويغىنىشى (ساددا ھالدا بولسىمۇ)غا قەدەم قويدى. بۇ قەدەم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرىدە ئەسەد سۇلايمان، يالقۇن روزى، ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي، زۇلپىقار بارات ئۆزباش، دىلمۇرات مەھمۇد قاتارلىقلارنىڭ ئىجتىھاتلىق قەلەملىرى ئارقىلىق ئاۋامنى بىر يۈرۈشكە ئايلاندى.

جۇڭگونىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي نەتىجىلەرگە باققاندا، مۇكەممەل ئىلمىي مېتودقا ئاساسلانغان تەتقىقات خاراكتېرلىك ئىلمىي ماقالىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى ماقالىلەر ئاددىي بىلىنىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ماقالىلەردىكى ئىجتىمائىي جاۋابكارلىق تۇيغۇسى ئۇنىۋان تەقەززاسىدا يول مېڭىپ ياكى پۇل تۆلەپ ئېلان قىلىنغان ئاتالمىش ئىلمىي ماقالىلەردىن جىق ئۈستۈن تۇرىدۇ. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئالىي مەكتەپ ۋە ئاكادېمىيە ئورۇنلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى خىزمەت باھالاشلىرىدا ياكى ئىلمىي، كەسپىي ئۇنۋان باھالاشلىرىدا قاتارغا ئۆتمەي قالىدۇ. مەكتەپ ئىلمىي ھەيئەتلىرى بىر پارچە ماقالىنىڭ قىممىتىنى ئىچكىرىدىكى قايسىدۇر بىر ئىلمىي ئورگان تۇراقلاشتۇرۇپ بەرگەن «يادرولۇق ژۇرنال»دا ئېلان قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقىغا قاراپ باھالىشىدۇ. بۇ مەنتىقە بويىچە بولغاندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۈزگەن مەھمۇد كاشغەرىي بۈگۈنكى شارائىتتا نېمە كۈنگە قالار ـ ھە!؟ ھازىر ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىكى ئالىي تەربىيە كۆرگەن بىلىم ئادەملىرىمىز ئۆز خىزمەت مۇھىتىدىكى مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن «يادرولۇق ژۇرنال»لاردا ئەسەر ئېلان قىلىش مەجبۇرىيىتىگە بەند بولدى. ئىلىم ساھەسىدىكى چىرىكلىك ئىقتىسادىي چىرىكلىكتىن ئۈستۈن تۇرسا تۇرىدۇكى، ھەرگىز تۆۋەن ئەمەس. ياخشى تەلىم ئالغان بىر ئىلىم ئىگىسىنىڭ ئەقلىي كۈچىنى سېتىپ ياشايدىغان ئىلمىي مەدىكارغا ئايلىنىپ قېلىشى GDP ئۈچۈن ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشتەك زامانىۋى جاھىلىيەتنىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر.

ئادەتتە، بىز كۈندىلىك ئالاقىلىرىمىزدە تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن دېگەن ئاتالغۇلارنى تىلغا ئېلىپ تۇرىمىز. تەبىئىي پەن ماددىلار ۋە ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىپ، قانۇنىيەتلىك بىلىش سىستېمىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان قائىدىلەر، فورمۇلا ۋە تېئورىمىلار تۇراقلىق بولۇپ، دەۋر، مىللەت ۋە تۈزۈملەرگە قاراپ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. دېمەك، تەبىئىي پەن بىلىملىرى تەبىئەت ھەققىدىكى ئوبيېكتىپ بىلىشلەرنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى بولىدۇ. ئۇنىڭ كىملەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى دۆلەتنىڭ سىياسىي مەنپەئەتلىرىنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچراپ، ئىجابىي ياكى سەلبىي قىممەت يارىتىدۇ. لېكىن پەن

www.uyghurkitap.com

تەبىئەت ھادىسىلىرىگە تەتبىقلىنىش بىلەن بىرگە، ئادەملەرنى بىرلىك قىلغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە تەتبىقلىنىدىغانمۇ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي پەن كېلىپ چىقتى. شۇنداقتىمۇ ئىجتىمائىي پەن تولۇق «پەن»لىك پەللىسىگە بارالمايدۇ. پەقەت تەبىئىي پەن قادىر بولالمايدىغان ئىجتىمائىي قىممەتلەرنى شەرھلەيدۇ ياكى ھەل قىلىدۇ. بىر مىللەتتە ھەر ئىككى پەننىڭ يېتۈك ئالىملىرى تەڭ يېتىشمىگەندە، ئۇ ھامان ماددىي ۋە مەنىۋى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق بىر گەپ بار: بىر دۆلەت، بىر مىللەت ياكى بىر جەمئىيەتنىڭ تەبىئىي پەنى بولمىسا، ئۇ بىر پەشۋا بىلەنلا غۇلايدۇ. ئۇنىڭ ئادىمىيەت پەنلىرى (ئىجتىمائىي پەنمۇ بار) بولمىسا، تەپمەسەڭمۇ ئۆزلىكىدىن غۇلايدۇ. دېمەك، مەنىۋىيەت ئالىملىرى بولمىغان خەلق ئەڭ ئاجىزدۇر.

ھازىرقى بىر مەسىلە شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتكۈر پەن-تېخنىكا ساھەلىرىدىكى ئالىملىرىمۇ بار بولدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەقىل مېۋىسى ئۇلارغا مەبلەغ سالغان ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ سېۋىتىنى تولدۇردى. ئاۋام پەقەت ئۇلارنىڭ مەمۇرىي ئورنى ۋە ئەقىل-پاراسەتتىكى ئورنىدىن سىمۋوللۇق مەنپەئەت ئالدى. بۇنى تەبىئىي پەن ئالىملىرىمىزنىڭ ئۆزىدىنلا كۆرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، تەبىئىي پەن تەتقىقاتى قۇرۇق ئارزۇ-تىلەك بىلەن ئەمەس، ئىلغار ۋە ئەۋزەل تەتقىقات مۇھىتى بىلەن يۈرۈشىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئالدى بىلەن مەبلەغ ئىگىلىرىنىڭ رايىغا باقىدۇ. بىر ھېسابتا ئەقلىگە مەبلەغ سېلىپ، ئەقلىنى ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىققا ئايلاندۇرىدىغان بۇرژۇئازىيە سىنىپى بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئالىملىرى ئاسانلا مۇساپىر بوپقالىدۇ. شارائىت ۋە مەسئۇلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ يۇقىرى ساپالىق پەن ئالىملىرىمىز مۇنداق ئىككى يولنى بىرگە مېڭىشى كېرەك: بىرى، ئۆتكۈر پەن ساھەلىرى بويىچە مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق سەۋىيە بويىچە ئۆرلەپ، چوڭ ئەقىل-پاراسەت كۆرىكىدە جەۋلان قىلىش؛ يەنە بىرى، ئىلغار سەۋىيىدىكى پەن-تېخنىكىنىڭ روھىنى ئۆز خەلقىگە ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ھەسسە قوشۇش. مىللىي تىل-يېزىقتىكى ئاممىۋى مېدىيىلەرنى زامانىۋى ئىلىم روھى بىلەن سۇغۇرۇش. مۇشۇنداق قىلغاندا مۇتەخەسسىسلىكتىن زىيالىيلىققا ئۆتۈپ، بىر پۈتۈن كامالەت ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ھازىرغا قەدەر ئىجتىمائىيەت ساھەلىرىدىكى ئاپتورلارنىڭ دەۋەتخانىسى بوپكەلدى. ئەگەر بۇنىڭغا ئۆتكۈر پەن-تېخنىكا ساھەلىرى بويىچە يېتىشىپ چىققان ئالىملىرىمىزنىڭ مۇلاھىزىلىرى، ئىلمىي تەۋسىيىلىرى قوشۇلۇپ كەتكەن بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى. ئۆيۈمدە سودا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۈچ توملۇق «ئېينشتېين ئەسەرلىرى» بار. مەن بۇ كىتابلارنى پات-پات ۋاراقلاپ قويىمەن. بۇ كىتابتا ئېينشتېين (Albert EINSTEIN)نىڭ تار ۋە كەڭ دائىرىلىك نىسبىيلىك نەزەرىيىسىگە دائىر ماقالىلەر، ماتېماتىكا ۋە فىزىكىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ماقالىلەر بولۇش بىلەن بىرگە، دۇنيا قاراش، پەلسەپە، مائارىپ، سەنئەت، كىشىلىك ھوقۇق، پەلەستىن ۋە يەھۇدىي مەسىلىلىرىگە دائىر ماقالىلەرمۇ بار. شۇڭا مەن ئېينشتېيننى پەننى كىشىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئوبدان ھەل قىلغان ئالىم ھەم زىيالىي دەپ چۈشىنىمەن. ئۇ تېخى بارلىققا كەلمىگەن ئىسرائىلىيىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن پائالىيەت قىلغانىدى. ئەنگلىيىنىڭ ماتېماتىكا ئالىمى ۋە پەيلاسوپى بېرتراند رۇسسېل Bertranad (Arthur William Russell) ماتېماتىكا ۋە بىلىش نەزەرىيىسىگە دائىر يىرىك كىتابلارنى يېزىش بىلەن بىرگە، نىكاھ، جەمئىيەت، ھوقۇق، بەخت مەسىلىلىرىگە دائىر نۇرغۇن كىتاب يازغان؛ پاكىستانلىق فىزىكا ئالىمى، دوكتور مۇھەممەد ئابدۇسسالاممۇ تەجرىبىخانىدىن چىقمايدىغان ئالىم ئەمەس. ئۇ، چەت ئەللەردە يۈرۈش بىلەن بىرگە، پاكىستان مائارىپى ئۈچۈن كۆپ ئىزدەنگەن. جۈملىدىن ئۇنىڭ «ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم-پەن ئىجادىيەت قۇدرىتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىزگە كۆرسەتكەن تەسىرى خېلى روشەن. مەن مىسال كەلتۈرگەن بۇ ئۈچ ئالىمنىڭ ھەممىسى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇلار ھەم مىللەتنىڭ، ھەم ئىنسانىيەتنىڭ بايلىقلىرى.

ئامېرىكىلىق قانۇنشۇناس ۋە جەمئىيەتشۇناس رىچارد پوسنېر (Richard A. Posner) «ئاممىۋى زىيالىي» (公共知识分子) دېگەن ئۇقۇم ئۈستىدە توختىلىپ، زىيالىي، مۇتەخەسسىس، ئالىم دېگەن ئۇقۇملارنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، «زىيالىي» دېگەن ئۇقۇم «ئەقلىي كۈچى قالتىس» دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. گەرچە زىيالىيلار ئەقلىي كۈچ جەھەتتە زور بولسىمۇ، ئەمما ئەقلىي كۈچى يۈكسەك بولغان نۇرغۇن ئادەم زىيالىي ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ئىدىيىگە قىزىقمايدۇ. پوسنېر ئاۋامنىڭ تەقدىرىگە

www.uyghurkitap.com

كۆكۈل بۆلىدىغان ئاممىۋى زىيالىيلارنىڭ ئازلاپ كەتكىنىنى ئەسكەرتىدۇ. (قاراڭ: «زىيالىيلار ھەققىدە 20 لېكسىيە»، خەنزۇچە، تيەنجىن خەلق نەشرىياتى 2009 ـ يىل نەشرى)

ئامېرىكىلىق يەنە بىر جەمئىيەتشۇناس س.ۋرايت مىللىس(C. Wright Mills) ئاممىۋى زىيالىيلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىغا يۇكسەك باھا بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇقۇمىدا ئاممىۋى زىيالىيلار بىلىم ۋە ئىدىيىگە ئىگە، سىياسىيغا ۋە جەمئىيەتكە كۆڭۈل بولىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل روھىنىڭ يىلتىزى مەزمۇت بولىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە جەمئىيەتكە ئارىلىشىدۇ. ئۇلار زور سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە مەسئۇلىيەت بىلەن قول تىقىپ، ئادىل باھا بېرىدۇ. ئۇلار سۆز قىلىش ھوقۇقى ۋە ئىمكانىيىتى يوق كىشىلەر ئۈچۈن ھەققانىي سۆزلەيدۇ، ئاجىزلار ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلايدۇ. مىللىس ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىشىدەك ناباب ھالىتىدىن ئەندىشە قىلغان. ئۇلار ئەسلىدە زىرەك، ھاياتىي كۈچى مول، تەسەۋۋۇرغا باي زىيالىيلارغا ئايلىنىشى كېرەك بولسىمۇ، ئوتتۇرا
رژۇئازىيە مۇھتىغا مەھكۇم بولۇپ، ئوقۇتۇش ۋە
نقىقاتنى جەمئىيەتتىن ئايرىۋېتىپ، ئاقىۋەتتە چاكىنا،
غۇق، قىزىل كۆز، كۆرەڭ كىشىلەرگە ئۆزگىرىپ كەتكەن
اراڭ: «سۇمۇرغ ئازنىسى» 2009 ـ يىل 25 ـ سان، خەنزۇچە).

ئىلىم ـ پەن، ئىقتىساد، پۇل ـ مۇئامىلە قائىدىلىرى بىلەن تولغان غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئىلىم ساھىبلىرى زىيالىيلار توغرىسىدىكى تەنقىدىي روھقا باي پىكىرلەرنى ئىزچىل قانات يايدۇرۇپ كەلدى. پوسنېر ۋە مىللىس قاتارلىقلارنىڭ ئىدىيىسىدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈنلا ھەرىكەت قىلسا، نوپۇس كۆپىيىپ، ئادەم ئازىيىپ كېتىشتەك ئاقىۋەت شەكىللىنىدۇ. ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى بىلەنلا بوپكەتسە، بىلىملىكلەر كۆپىيىپ، زىيالىيلار ئازىيىپ كېتىشتەك قاباھەت كېلىپ چىقىدۇ.

ئىلىم ئىنسانىنى ھۆر قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىراۋ ئالىم بولۇپ تۇرۇقلۇق ھەقىقەت بىلەن سەپسەتىنى ئايرىغۇچىلاردىن بولمىسا، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئاقىل دېگىلى بولمايدۇ. ئىنسانىي مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئادەملەرنى مۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، قەلبى ۋە ۋۇجۇدى ماددىي دۇنياغا بەند بولغان كىشىلەر. بۇنداق كىشىلەردە ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى بولمايدۇ، ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرۇش ئېڭى بولمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھەتتا كاتتا بىلىمدار بولغاندىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى سادىر قىلغان سەپسەتىلىرى تۆپەيلى ئىزا تارتمايدۇ، ئۆزىنى مەڭگۇ ئەيىبلىمەيدۇ، ئەكسىچە، قىلمىشلىرىدىن ئىجابىي خۇلاسە چىقىرىپ ياشاۋېرىدۇ.

ئىككىنچى، قەلبى ماددىي دۇنياغا باغلانغان بولسىمۇ، ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسىدىن تامامەن مەھرۇم بولمىغان كىشىلەر. بۇنداقلار ئۆز مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىۋەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا ناھەقچىلىككە قارشى گەپ قىلىشى مۇمكىن. ئۇلار ۋاقتى كەلگەندە، ئۆزلىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەيىبلىيەلەيدۇ. مۇئەييەن ئەھۋالدا، ئۆز قىلمىشلىرىدىن نومۇس قىلىشنى بىلىدۇ.

ئۈچىنچى، گەرچە ئۆزى ماددىي دۇنيادا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، قەلبى ماددىي مەنپەئەتنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا چۈشۈپ قالمىغان سەگەك كىشىلەر. ئۇلار ماددىي مەئىشەتنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە رىشتە باغلاپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك تىنىمسىز مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار زۆرۈر تېپىلسا ناھەقچىلىككە قارشى كۈرەشكە ئىدراكىي يوسۇندا ئۆزىنى ئاتالايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۆز قوۋمىنىڭ بىباھا گۆھەرلىرىدۇر.

ئالىملار توپى يۇقىرىقى ئۈچ روھىيەت تىپىنىڭ بىرەرسىگە تەۋە بولىدۇ. ئەگەر پايدىلىق بىلىم قانداق بولىدۇ دەپ سورالسا، روشەنكى، ئۈچىنچى تىپتىكى كىشىلەرنىڭ بىلىمى ئىنسانلارغا پايدىلىقتۇر.

مەن ھازىرغىچە جەمئىيىتىمىزدىكى ئوخشىمىغان ساھە ئىلىمدارلىرىنىڭ ئورتاق بىر مەسىلەك ۋە غايىنىڭ قايغۇسىدا قېرىنداشلارچە بىرلىككە كەلگەنلىك مەنزىرىسىنى كۆرەلمىدىم. فىزىك فىزىك بىلەن، مەنسەپدار مەنسەپدار بىلەن، ئەدەبىياتچى بىلەن تۈركۈملىشىپ يۈرىدۇ. مەنپەئەت ھەر كىمنى ئۆزلىرى بىلىدىغان تۈرلۈك كوچىغا باشلاپ كېتىپ، بىرسى يەنە بىرسىنى كۆرمەي قالىدۇ ياكى كۆرۈشكە ھالى يوق. نەتىجىدە، ئوخشىمىغان كەسىپ ۋە ساھەنىڭ بىلىملىرى ئۆزئارا ئۆتۈشمەي، ئادەملەر تەسەۋۋۇر ۋە پىكىردە گادايلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئاخىرى ئىككىنچى بىر جەمئىيەت تۈركۈملىرى تەرىپىدىن كۆزگە ئىلىنمايدۇ.

بىر مىللەت تەپەككۇرىنىڭ يۈكسىلىشى بىرلا ژۇرنال بىلەن ھەل بوپكەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئالىملاردا ئورتاق بىر غايە ۋە مەنپەئەتكە ئۇيۇشىدىغان ھەمكارلىق مېخانىزمى بولمىسا، تالاي دوكتورنىڭ چىقىشىمۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. بۇ يەردە بىر ژۇرنالىست ياكى بىر مۇھەررىرنىڭ تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش قابىلىيىتىنىڭ بولۇشى كېرەكلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم.

بىر ژۇرنال بىر ئۇنىۋېرسىتېت، مۇھەررىر بولسا مۇدىر.

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا پروفېسسور



بوكس بۆيىچە بوكس چېمپىيونى مۇھەممەتتۇرسۇن چوك ـ ئابدۇۋەلى ئابدۇسەمەت فوتوسى
مەملىكەتلىك 11 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ 64 كىلوگراملىقلار


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市南湖东路 165 号石油大厦 16 楼
邮　　编：830063 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22　定价：6元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2009 ـ يىل 6 ـ سان (ئومۇمىي 300 ـ سان )
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىكۆل شەرقىي يولى 165 ـ نومۇرلۇق قورۇ نېفىت سارىيى 16 ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830063 تېلېفون نومۇرى: 2856942(0991)
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 باھاسى: 6 يۈەن



www.uyghurkitap.com